
BULAK



ISSN 1005-0876

# بۇلاق


1

1996









بۇلاق
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك
ژۇرنىلى
17 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 54 - سان
1996

باش مۇھەررىر : ئوبۇل ئىسلام
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن




1996 - يىل 1 - سان

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شەھنامەئى تۈركى» دىن ........مۇھەممەدئىمىن ئاخۇن شاھ ھىجران ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

ئىرق بىتىگ ..........................................................(37)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتىبراھىم سايىت

ھەمزەنامە ..........................................غەرىب خەستە (66)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

رۇبائىيلار ..........................................ھەكىم يۇسۇفى (112)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

تەسەۋۋۇفنىڭ مەيدانغا كېلىشى ..............ھۇرمەتجان ئابدۇراخمان (122)

منكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى (قىسسە) ............................ (138)
توپلاپ رەتلىگۈچى : مويىدىن سايىت
ئىككى شاگىرت ............................ (170)
توھمەتخورنىڭ جازاسى ............................ (171)
رەتلىگۈچى : ئابلىمىت ئاقيولى
ھېكايەتلەر ............................ (173)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت
ئەپسانىلەر ............................ (175)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : مىرقەدەم مۇھەممەتياروف

* *

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .
كۆنچىك ۋە نەقىشلەرنى ئىشلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈيلۈڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە : باغدادنىڭ زەۋرا سەيلىگاھىغا ئورنىتىلغان فارابىنىڭ مىس ھەيكىلىگە ئاساسەن قايتا ئىشلەنگەن فارابى فورتىرىتى (رەسسام : جالالىدىن بەھرام )

مۇقاۋىنىڭ 2 - ، 3 - بېتىدە : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغات سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋە 12 مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر 30 كىتاب مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رەھبەرلەرگە تەقدىم قىلىندى .

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە : «تىبابەت دۇردانىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن قىستۇرما سۈرەت ـ يۈسۈفى فورتېرىتى .

# شەھنامەئى تۈركىي [1]

**مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن**

جاھان پالۋان ئۇلارنىڭ ھەممىسگە قورال ـ ياراق بېرىپ ، يول ئوزۇقلىرىنى يۈكلەپ ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تاشلاپ ، مۇستەھكەم بىر جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى .

بۇ چاغدا تۇران شاھىغا : «جاھانگىر يېرىم يولدىن يېنىپ كەتتى» دەپ خەۋەر يەتتى . تۇران شاھى ئەفراسىياب ھۇمان ۋىسەگە پەرمان قىلىپ :

ـــ ئۇ سەگزىنىڭ پۇشتىنى باغلاپ ئېلىپ كەلگىن ۋە ئۇنى ياخشى ساقلىغىن ! ـــ دېدى .

ھۇمان ۋىسە بۇ پەرمانى ئاڭلاش بىلەن يولغا چىقتى . جاھانگىر تېزلىك بىلەن تۇران لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى . قاتتىق جەڭ بولدى . جاھانگىر رۇھامنى ئەھۋالنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن زالى زەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى . جاھانگىر قوغلاپ كەلگەن تۇران لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى . تۇران شاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، خىللانغان ئون ئىككى مىڭ لەشكەرگە لۇھاكنى سەردار قىلىپ ئەۋەتتى .

ئىران تەرەپتىن داستان ، فەرامەرز قاتارلىق پالۋانلار ئوتتۇزمىڭ زابۇل قوشۇنىنى باشلاپ ، جاھانگىرغا مەدەد بېرىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى . ئۇلار تۇرانىيلارغا شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم قىلدىكى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇشىدىن كېتىشتى .

بۇ تەرەپتىن ئەفراسىياب تامام لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى . ئۇ تەرەپتىن ئېران پادىشاھى كاۋە تۇغىنى كۆتۈرۈپ ، لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى . جەڭ ئىنتايىن قىزىپ كەتتى . ئىران مەرتلىرى زابۇل باھادىرلىرى ، تۇران لەشكەرلىرى بىلەن مەرتلەرچە جەڭ قىلدى . قاندىن دەريا ئاققۇزۇپ ، ئۆلۈكلەردىن تاغ ياسىدى . جاھانگىر ئەفراسىيابنى قوغلاپ يەتتى ۋە ئەفراسىياب ئۇنىڭ قولىدىكى تۇغنى پارچىلاپ تاشلىدى . جاھانگىر ئەفراسىيابنىڭ يېنىنى زەخملەندۇردى . زالى زەر بولسا ، پىران ۋىسەنى ، لۇھاكنى ۋە نەستىھەننى زەخملەتدۇردى . بۇ كېچىسى تۇران باھادىرلىرىدىن يارىلانمىغان ھېچكىم قالمىدى . ھەممەيلەن كۆردىكى ، تۇران شاھىنىڭ يولتۇزى تۈۋەنلىدى . تۇران پادىشاھى ۋە بارلىق تۇرانىيلار بارگاھلىرى ۋە ئوزۇقلىرىنى تاشلاپ ، چېكىندى .

ۋاقتىكى ، ئىران باتۇرلىرى تۇرانىيلارنى مەغلۇب قىلىپ قايتتى . ئۇلار شىر سۈپەتلىك

[1] بېشى ئۆتكەنساندا

جاھانگىرنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە تەزىم قىلدۇردى. ئىران شاھى ئاتتىن چۈشۈپ، جاھانگىرنى قۇچاقلاپ، باش - كۆزلىرىگە سۆيدى. ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپات قىلدى. زال، فەرامەرز جاھانگىر بىلەن ئاجايىپ مېھرىبانلىق بىلەن قېرىنداشلارچە كۆرۈشتى. كېيىن ئۇلار ئىران شاھىنىڭ بارىگاھىغا كەلدى. جاھانگىرنى فەرامەرز ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. نۇرلۇق قۇياش پەردىسىدىن چىقىپ، ئۆز تەختىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن ئىران شاھى تەخت ئۈستىگە چىقىپ كۆرۈنۈش ئىشىكىنى ئاچتى. چوڭ - كىچىك ساراي ئەھلى ھەممىسى شاھ دەرگاھىغا يۈزلەندى. فەرامەرز قېرىندىشى بىلەن شاھ دەرگاھىغا كېلىپ باش ئېگىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىران شاھى جاھانگىرغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا لەئل - جاۋاھىر بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن تاج كىيگۈزدى. ھەممە ئەمەلدارلار شاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇپ، ئەفراسىياب توغرىسىدا سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەتنى خۇشاللىق بىلەن ئەسكە ئېلىشتى. «تا ھازىرغا قەدەر مۇنداق زەربە بېرىش ئەسلا كۆرۈلمىگەن» دېيىشەتتى ئۇلار.

ئۇلار شۇنداق مەجلىس قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بىر ياساۋۇل ئىشىكتىن كىرىپ:

— باغداد شاھىدىن ئەلچى كېلىپتۇ. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تىلەيدۇ، — دېدى.

شاھ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئەلچى كىرىپ سەجدە قىلىپ سالام بەردى. شاھ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. نەزمە:

ئېبەردىكى بۇنامەنى شاھى دىن، شەھ ئالدىغە كەلتۇرمىشە نامەئى؛
كى بەغداددىن ئېردى شاھى گۇزىن. نە نامەئىدىن تۇرفە ھەڭگامەئى:

شاھ خەتنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «شاھى كەمتىرىندىن شاھى جاھانغا ئەرز شۇكى، مېنىڭ يۇرتۇمغا بەربەر ۋىلايىتىدىن ۋە سەقلابتىن يۈز يىگىرمە مىڭ لەشكەر كەلدى. ئۇنىڭ سەردارلىرىنىڭ ئىسمى — بىرى ئاد مەشەينەئى جەشم، يەنە بىرىنىڭ ئېتى تەبراي زەڭگى ۋە يەنە بىرىنىڭ ئېتى سەمەندى خاراشۇكەن ئىكەن. ھەر بىرى ھەر كۈنى ناشتىلىقى ئۈچۈن ئون ئۆي، ئون ئات ۋە ئون تۆگىنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن.»

نەزمە:

ئېبەرگەي دەلىرى ماڭا شەھرىيار، بۇ مەزكۇر لۇقمە يەر ئېرمىش يەكى،
جەھانگىرى شىر بولدى كۆپ بىقەرار. يوق ئېرمىش بۇ سۆزلەردە ئەسلا شەكى،

نامە ئوقۇلغاندىن كېيىن شاھ مۇنداق دېدى:

— قېنى قايسى مەرد شىر ئۇ يەرگە بارىدۇ؟ ئادى مەشەينە جەشمنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ بارغۇچى نېمىنى ئىختىيار قىلسا شۇنى، ئالتۇن - كۈمۈش، قورال - ياراغنى يەتكۈدەك ئالسۇن.

— ئەگەر شاھىمىز ماقۇل كۆرسە، مەن بارسام! — دېدى جاھانگىر. نەزمە:

ئادا ئەيلەسەم سۆزنى تا شەھريار ،
جاھانگىر شىر بولدى كۆپ بىقارار .

— ئەي جاھانگىر ! — دېدى شاھ ، — سېنىڭ كەلگىنىڭگە ئون - ئونبەش كۈن بولمىدى ، توختاپ تۇر ، باشقا بىرى بارسۇن !

شاھتىن ئۆمىدىم شۇكى ، سۆزۈمنى رەت قىلمىغاي ، — دېدى جاھانگىر ، — مەن شاھى ئىران دەرگاھىغا بەكمۇ شەرمەندىدۇرمەن . تاكى بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ ، خىجالەتچىلىكتىن خالاس بولسام .

— بارىدىغان بولساڭ پالۋانلاردىن ھەمراھ قىلىۋال ، — دېدى شاھ .

— ئەگەر پالۋانلار ئىختىيار قىلسا ، — دېدى جاھانگىر ، غەرىبي دىياردا شاھىمىز نامىغا خۇتبە ئوقۇتقايمەن .

— مەن بۇرادىرىم بىلەن بىللە بېرىپ ، جان پىدا قىلسام ! — دېدى فەرامەرز ئورنىدىن تۇرۇپ .

شاھىم ، مەنمۇ بۇرادىرىم بىلەن بىللە بېرىپ ، جان پىدا قىلسام ! — دېدى گىۋ ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ئەگەر شەھريار پەرمان قىلسا ، — دېدى رۇھام ئىبنى گۇدەرز قەددىنى رۇسلاپ ، — مەنمۇ بۇ باتۇرلار بىلەن بىللە بېرىپ ، جانبازلىق كۆرسەتسەم .

شۇنداق قىلىپ بەش سەردار ئىتتىپاق تۈزدى . شاھ ئۇلارغا تون كىيگۈزۈپ ، ھېسابسىز نېمەتلەرنى ئىنئام قىلدى . جاھانگىر ۋە فەرامەرز قاتارلىقلار سەكسەن مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يولغا چىقتى . ئۇلار نەچچە كۈن ، نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ ، بىر مەنزىلگە چۈشتى . ئۇ كۈنى كېچىدە تۇس ئىبنى نەۋدەر نۆۋەتچى بولغانىدى ، سۈبھىگە يېقىن تۇسنىڭ ئۇيقۇسى قىستاپ ، بىر دەرەخ تۈۋىدە قىلىچىنى بېشىغا قويۇپ ، راھەت ئۇيقۇسىغا كەتتى . پۇتۇن قوشۇن خاتىرجەم ئۇيقۇدا ئىدى . تۇيۇقسىز يۈزىگە قارا نىقاب تارتقان بىرى كېلىپ ، تۇسنى كۆتۈرگىنىچە ، ئاسمانغا قاراپ پەرۋاز قىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى . لەشكەرلەر ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ ، جاھانگىر بىلەن فەرامەرزگە خەۋەر يەتتى . ھەر ئىككى پالۋان ھەيران بولۇپ : «تۇسقا نېمە بولغاندۇ ؟ ئۇ قانداق مۇشكۇل بالاغا گىرىپتار بولغاندۇ ؟ يېقىن ئەتراپتا دۈشمەننىڭ قارىسى كۆرۈنمىسە » دېيىشتى . تۇستىن ھېچقانداق ئەسەر بولمىغاندىن كېيىن ، يولغا چىقىپ ئالتە كۈن دېگەندە باغداد ۋىلايىتىگە كېلىپ ، دۈشمەن بارگاھىغا ئۇدۇللاپ چېدىرلىرىنى تىكتى . ئىككىنچى كۈنى لەشكىرى ئىسلامنىڭ جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ ، لەشكەرلەر جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ ، سەپ تۈزۈپ تۇردى . ئاددى مەشىنە چەشمۇ جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ ، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سەپ تۈزدى .

گىۋ تۇلپارىنى دېۋىتىپ ، نەرە تارتقىنىچە مەيدانغا كىرىپ ، مەرد تەلەپ قىلدى . ئۇ تەرەپتىن بىر يىگىت كىرىپ ، گىۋنىڭ ئالدىنى توستى .

— سېنى ئىسلام ئارىسىدا قايسى ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى يىگىت .

— مېنى گىۋى گۇدەرز دەيدۇ ، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ ، ھېلىقى يىگىت شۇ زامان گىۋگە قارىتىپ نەيزە ئۇردى . گىۋ نەيزىنى شەمشەر بىلەن قايتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا بىر شەمشەر سېلىپ ، جېنىنى ئالدى . مەيدانغا يەنە بىرى كىرگەندى ، ئۇمۇ شۇنداق بولدى . شۇنداق قىلىپ شۇ كۈنى قىرىق ئالتە كاپىرنى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغۇزدى . كەچكە يېقىن كاپىرلاردىن ھېچكىم مەيدانغا چۈشۈشنى خالىمىدى . ئەمما ھەممە كاپىرلار بىردەك ھۇجۇم قىلىپ ، گىۋنىڭ بېشىغا ئوق يامغۇرىنى ياغدۇردى . شۇ سەۋەبلىك جاھانگىر ۋە فەرامەرز باشلىق ھەممە لەشكەرلەر جەڭگە ئات سېلىپ دۈشمەننى مەغلۇب قىلدى . نەزمە :

ئاقىپ قان ، يەرنىڭ يۈزى لالەرەڭ ، چەكا چاك خەنجەر يېتىپ تا ھەۋا .
كىشى ئاڭلامان ، كۆرمەيىن ئۇيلە جەڭ : شەفا شاق شەمشەركى دۈشمەن ئارا .
كېسىپ ، بەند ئېتىپ ، يىرتىبان سىندۇرۇپ ، جەھان بولدى بازارى ناھەڭگەران ،
ئەدۇ جىسمىغە تىغى پەيۋەند ئۇرۇپ تارۇقۇ تۇرۇقا ئۇمۇدى گەران .
كېسىپ باش ، چاك ئەيلەبان سىنەلەر ، تېشىپ سىنەلەرنى سەنانى دەراز ،
ئۇشاتىپ ، قولۇقۇت فەرزانەلەر . ئۇرۇپ پەنجەبان گۇرزى دۈشمەن گۇداز .

ئەلقىسسە ، شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ، ئالەم قۇياشى ئاسمان تەختىدىن چۈشۈپ ، غەربكە يانپاشلىدى . شۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش كانىيىنى چالدى . ھەممە قوراللىرىنى جەڭدىن يىغىپ ، ئارامگاھلىرىغا ياندى .

ئادى مەشەينە چەشم خىزمەتچىلىرىگە پەرمان قىلىپ ، ئەسكەرلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى . ھېسابچى ئوتتۇز مىڭ لەشكەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . «ئىسلام لەشكىرى قاتتىق بالا - قازا ئىكەن» دېيىشتى ئۇلار .

— سەقلاب شاھىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولسۇن ، — دېدى تەبرەي زەڭگى ، — ئەتە مەن جەڭ مەيدانىغا كىرىپ ، خۇداپەرەسلەرنىڭ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىمەن . جاھانگىرنىڭ بېشىنى كېسىپ ، سىنىڭ بارگاھىڭغا كەلتۈرىمەن .

كاپىرلار ئەنە شۇنداق لاپ ئۇرۇشاتتى .

بۇ تەرەپتىن جاھانگىرنىڭ پەرمانى بىلەن فەرامەرز لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ كۆرگەندى . تۆت مىڭ ئالتە يۈز مۆمىن شېھىت بولۇپتۇ . ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ دەپنە قىلىشتى .

— ئەتە مەن مەيدانغا چۈشۈپ ، — دېدى فەرامەرز ، — خۇدا نۇسرەت بەرسە ، ئادى مەشەينە چەشمنىڭ بېشىنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن . پۈتۈن لەشكىرىگە قاتتىق زەربە بېرەلمىسەم ، يارانلىرىم ئەپۇ قىلمىسۇن .

قۇياش تاغ كەينىدىن باش چىقاردى . ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ ، ئەسكەرلەر سەپكە تىزىلدى . تەبراي زەڭگى مەيدانغا چۈشۈپ ، پولات نەيزىسىنى ھاۋادا ئويىنىتىپ ، نەرە تارتىپ ۋارقىرىدى :

— ئەي ئىسلام لەشكەرلىرى ، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى ، مەن دېگەن تەبراي زەڭگى بولىمەن ، مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا جاھانگىردىن باشقىسى كەلمىسۇن .

ئەمما بۇ چاغدا فەرامەرز نەرە تارتىپ ئاللىقاچان مەيدانغا چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ قىلىچىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ:

— كەل، ئىرانلىقتىن تەمەيىڭ باردۇر! — دېدى.

تەبراي زەڭگى قولىغا دەھرىسىنى ئېلىپ، نەرە تارتقىنچە زور قىلىپ كېلىپ، فەرامەرزنىڭ بېشىغا سالغانىدى، شىر يۈرەك پالۋان ئۇنى ئوموت بىلەن رەت قىلىپ، گۈرزىنى قەربۇسىغا سېلىپ، چاققانلىق بىلەن سەكرىگەنىدى، بېشىدىكى دۇبۇلغىسى چۈشۈپ كەتتى. زەڭگى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەھرىسىنى فەرامەرزنىڭ بېشىغا سالدى. فەرامەرزنىڭ كۆزىگە جاھان قارا كۆرۈندى. فەرامەرز ئۇنىڭ دەھرىسىنى شەمشەر بىلەن رەت قىلىپ، شۇنداق ئۇردىكىم، زەڭگىنىڭ سۈپەرى ئىككى پارە بولۇپ، شەمشەر دۇمبىسىگە تېگىپ، ساغۇتىدىن ئۆتۈپ، بېشى بىلەن ئىككى قولى تېنىدىن ئاجراپ، ئۇن قەدەم نېرىغا بېرىپ چۈشتى. ۋە جېنى بەدەر دوزاخقا كەتتى. يەنە بىرى كېلىپ فەرامەرزگە تىغ سالغانىدى، پالۋان ئۇنى رەت قىلىپ، شەمشەر بىلەن سالدى-دە، تېنىنى ئىككى باراۋەر قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر يۈز ئاتمىش كاپىر جەھەننەمگە ئۇزىتىلدى. سەمەندۇن خاراشۇكەن ئادى مەشەينە جەشمىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۈگۈن خۇداپەرەسلەر قاتتىق زالىملىق قىلدى. بۇنداق باتۇرلار ئالەمدە كەم ئۇچرايدۇ. ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن ئۆزۈم مەيدانغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەي؛ ماڭىمۇ زەربە بەرگۈچىلەر بار ئىكەن دەپ قالسۇن، ئۇنى گەدىنىدىن باغلاپ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كېلىمەن، بەلكى پۈتۈن ئىراننى تەسلىم قىلغۇزىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ مەيدانغا كەلدى ۋە ھېچ دەم چىقارماي، فەرامەرزگە بىر نەيزە سالدى، پالۋان ئۇنىڭ نەيزىسىنى شەمشەر بىلەن رەت قىلىپ، قايتۇرۇپ شۇنداق چاپتىكىم، ئېتى بىلەن قوشۇپ تۆت پارچە قىلىۋەتتى. ھەممە تەرەپتىن ئاپىرىن ياغدى. **نەزمە:**

فەلەك دېدى ئەھسەن، زەمىن ئافەرىن،
كىشى چاپماغاي بۇ كەبى تىغى كىن.

بۇنىڭدىن دۈشمەن لەرزىگە چۈشتى. ئۇن مىڭدەك ئاتلىق بىراقلا فەرامەرزگە ھۇجۇم باشلىدى. جاھانگىرنىڭ لەشكەرلىرىمۇ فەرامەرزگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئۇت سالدى. فەرامەرز شامال تېزلىكىدە ئادى مەشەينە جەشمىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، تىغ سالدى. ئۇ بېشىنى قاچۇرۇپ، فەرامەرزنىڭ پۇتىدىن ئالماقچى بولۇۋىدى، فەرامەرز قول ئۇزىتىپ، بىر قولىدا ئۇنىڭ تىغ تۇتقان قولىنى ۋە يەنە بىر قولىدا كەمرىنى تۇتۇپ، بىر زور قىلىپ يەردىن ئۇزۇۋالدى-دە، پۇتىنى ئۈستۈن، بېشىنى ئاستىن قىلىپ يەرگە ئاتتى. ئارقىدىنلا بېشىنى كېسىپ، نەيزە ئۇچىغا سانجىپ، ئېتىغا مىنىپ، چاپتۇرغان پېتى مەيداننى ئايلىنىپ چىقتى. قارشى تەرەپ لەشكەرلىرى ئادىنىڭ بېشىنى نەيزە ئۇچىدا كۆرۈپ، ھەممىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئەردەشىر ئىبنى قۇبادمۇ قەلئە ئىچىدىن چىقىپ، پالۋانلار ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. ئۇ يەردىن دۈشمەننى قاچۇرۇپ، ئارقىسىدىن نەچچە فەرسەڭ يەرگە قوغلاپ باردى. بەزىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز بارگاھىغا قايتتى.

ئەردەشىرى قۇباد فەرامەرز ۋە جاھانگىرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ، شۇ كېچىسى پالۋانلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى .

بۇ ئەسنادا ئۇلار يوقالغان پالۋان تۇسنى يادىغا ئېلىپ «ئۇنى كىم ئېلىپ قاچقاندۇر » دېيىشتى .

— مەن تۇسنى بەند قىلىپ ئېلىپ قاچقانلىقنى ئاڭلاپ ، — دېدى ئەردەشىر ، — بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلدىم . ئۇنى مۇغەييىر ئىسىملىك بىر جادۇ ئېلىپ قېچىپتۇ . جۇپتىنىڭ ئىسمى خەيمىيازە نامىلىق دىۋە ئىكەن . بۇلارنىڭ جايى مەۋسۇل شەھىرىدىن ئالتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر تاغدا ئىكەن . بۇ تاغنىڭ ئۈستىدە بىر قەلئە بولۇپ، تۇس ئەنە شۇ قەلئەدە تۇتقۇن ئىكەن .

— ئۇ جادۇ تۇسقا نېمە سەۋەبتىن دۈشمەنلىك قىلغاندۇر ؟ — دەپ سورىدى فەرامەرز .

— ئۇ جادۇ تۇسقا ئاشىق ئىكەن ، — دېدى ئەردەشىر ، — تۇس ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىغاچقا ئوغرىلاپ قاچقانمىش .

— قاچقان لەشكەرلەر بېرىپ ، سەقلاپ شاھقا بولغان ئەھۋاللارنى يەتكۈزسە ، — دېدى جاھانگىر ، — ئۇ بىزگە قارشى قوشۇن ئەۋەتىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ قوشۇنى كېلىشتىن بۇرۇن بىز تۇسنى قۇتقۇزۇپ كېلەيلى .

ئۇلار شۇ پىلان بىلەن بىر ھەپتىدىن كېيىن باغداد شەھىرىدىن كۆچۈپ ، ئىران شاھىغا نامە يېزىپ ئەۋەتتى ، ئۆزلىرى مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ ، ئون ئىككى كۈندىن كېيىن دەريايى مەۋسۇلغا يەتتى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شەھەر پادىشاھى نەچچە فەرسەڭ يىراققا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، بىھېساب تۆھپە ۋە ھەدىيەلەر بىلەن جاھانگىر ، فەرامەرزلەرنى كۈتۈۋالدى .

— مەن بۇ يەردە پادىشاھلىق قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ : — ئېھتىمال ، شاھلارنىڭ ماڭا ئىشلىرى يوقتۇر . ئەگەر مەقسەت شەھەردە بولسا ، مەن بۇ شەھەرنى ھەربىرلىرىگە تۇتتۇم .

— بىزگە سېنىڭ شەھەر - مۈلكۈڭ كېرەك ئەمەس ، — دېدى جاھانگىر ئۇنىڭ مۇلايىم سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، — بىز باشقا بىر ئىشقا كېتىۋاتىمىز . سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە ؟

— ئىسمىم ئابۇلفەتىھ ، — دېدى ئۇ .

— سەن بىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللە بار ، — دېدى جاھانگىر .

— ئەي تاج بەخش ، — دېدى ئابۇفەتىھ ، مەن ئاجىز ، ئەپۇ قىلسىڭىز .

ئەلقىسسە ، ئابۇفەتىھ يول باشلىغۇچى بەلگىلەپ بېرىپ ، ئۆزى جاھانگىرنىڭ رۇخستى بىلەن ئۆز شەھىرىدە قالدى . پالۋانلار يولغا راۋان بولدى . نەچچە مەنزىللەرنى ئېشىپ ، ئاخىر ھېلىقى تاغقا يەتتى .

— بۇ تاغ بېشىغا چىقماق ئاسان ئەمەس ، — دېدى يولباشلىغۇچى .

— مەن ئۆزۈم يالغۇز تاغ ئۈستىگە چىقىپ ، خۇدا نۇسرەت بەرسە، — دېدى جاھانگىر ، — جادۇنى ئۆلتۈرۈپ ، تۇسنى بەندىتىن ئازاد قىلىمەن .

سەن قەيەرگە بارساڭ ، مەنمۇ بىللە بارىمەن ، — دېدى فەرامەرز .

— مەنمۇ سىلەر بىلەن باراي ، — دېدى ئەردەشىر .

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ سەردار لەشكەرلىرىنى گۈگە تاپشۇرۇپ ، ئۆزلىرى تاغقا قاراپ يول ئالدى . ئۇلار كۆردىكى ، تاغنىڭ زىنە پايىسى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ ، بۇ زىنە پايىلاردىن ھېچكىممۇ چىقىپ بولالمايدىغاندەك ئىدى . جاھانگىر زاھىد مەسىھا بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە ، ئۇنىڭدىن ئىسمى ئەزەمنى ئۆگىنىۋالغانىدى . جاھانگىر ئىسمى ئەزەمنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ ، تاغقا ھۈرگەنىدى ، ھەممە كۆزدىن غايىب بولدى . ئۈچ پالۋان يۇقىرىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى . ئۇلار توت مىڭ توت يۈز يىگىرمە بەش زىنە پايىدىن ئۆتۈپ تاغ ئۈستىگە چىقىشى بىلەن تەڭ قار - يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاھانگىر ئىسمى ئەزەمنى يەنە ئوقۇغانىدى ، يامغۇر - يېشىن توختىدى ، ئۇلار تاغ بېشىغا چىقىپ قەلئەنى كۆردى . ئۇنىڭ ئېگىزلىكى پەلەككە تەڭ ئىدى ، دەرۋازىسى پولاتتىن بولۇپ ، پولات قۇلۇپ سېلىنغانىدى . ئۇلار دەرۋازا ئۈستىگە چىقىپ قىچقاردى . تۇس خۇش ھاۋالىق بىر جايدا سەيلە قىلىۋاتاتتى . يەنە قىچقارغانىدى ، تۇس بۇلارنى كۆرۈپ ، شاد - خۇرام بولدى .

— جادۇگەر دىۋە قەيەردە ؟ — دەپ سورىدى جاھانگىر ئۇنىڭدىن .

— ھازىر قەلئە ئىچىدە يوق ، — دەپ جاۋاب بەردى تۇس ، — شىكارغا چىقىپ كەتتى .

— سىلەر بۇ يول بىلەن قانداق كەلدىڭلار ؟ — سورىدى تۇس .

— ياراتقان تەڭرى يولنى ئاسان قىلدى ، — دېدى جاھانگىر ، — سەندە دەرۋازىنى ئېچىشقا ئىمكان يوقمۇ ؟

— مېنىڭ تەۋرىنىشكەمۇ ئىمكانىيىتىم يوق ، — دېدى تۇس ، — مانا قاراڭلار ، قول - ئايىغىمدا كويزا - كىشەن بار .

فەرامەرز بىر نەچچە قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ ، قول ئۇزىتىپ دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى تولغاپ ئۈزۈپ تاشلىدى . ئۇلار قەلئە ئىچىگە كىردى . تۇسنى ئەمدىلا زەنجىرى بەندىتىن ئازاد قىلىپ تۇرۇۋىدى ، گەرد كۆرۈندى . جادۇگەر دىۋە يېتىپ كەلگەنىدى . فەرامەرز دىۋىنىڭ قولىدىكى قىلىچىنى تارتىۋېلىپ ، ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكىم ، ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يۈز قەدەم نېرىغا چۈشتى . جاھانگىر جادۇگەرنىڭ ئەپسۇن ئوقۇشىغا ئارام بەرمەي ، قورسىقىنى يېرىپ تاشلىدى .

ئۇلار تۇسنى ئازاد قىلىپ ، ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىشتى . لەشكەرلەر تۇسنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى . جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۈ جادۇگەرنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى ئالتۇن ، جاۋاھىرلارنى نەچچە قېچىرغا يۈكلەپ ئېلىپ كەلدى . جاھانگىر بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ ئىچىدىن كەيكاۋۇس بىلەن زالنىڭ نېسىۋىسىنى ئايرىپ ، گۈ ئىبنى گۈدەرزدىن ئەۋەتتى . بىر قىسمىنى رۇھامغا تاپشۇرۇپ ، جۇرجاندىكى ئانىسى مەلىكە دىلنەۋازغا ئاپىرىپ بېرىپ ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ، قالغان قىسمىنى لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى . رۇھام جۇرجانغا بارسا ، مەسىھا زاھىد ۋاپات بولغانىكەن ، پالۋاننىڭ ئانىسىنى تېپىپ كەلدى . ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى . قانچە مەنزىللەرنى

كېزىپ، بىر يەرگە يەتتى. بىر قەلئە نامايان بولدى، قەلئەنىڭ ئېگىزلىكى پەلەككە يەتكەن بولۇپ، ئەتراپىنى يەتتە قات چوڭقۇر خەندەك ئوراپ تۇراتتى. خەندەكنىڭ ھەر تەرىپىدىن ھۆركىرەپ تۇرغان ئەجدىھالار باش چىقىرىپ تۇراتتى. جاھانگىر قەلئەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش تەقەززاسىدا بولدى. فەرامەرز «بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نېمە» دەپ سورىغانىدى.

— بۇ بىر تىلسىم، — دېدى ئەردەشىر، — قەلئەنىڭ نامى فەرا مۇشاندۇر. تۈن كېچە بولغاندا غەلىتە ئاۋازلار چىقىدۇ، ھېچكىم تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ كېچە بۇ يەردە قونايلى، بۇ قەلئەنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرۈپ باقمايمىزمۇ، دېدى جاھانگىر.

ۋاقىت شام بولغانىدى، قەلئە ئىچىدىن غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لەشكەرلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، دەشت ـ سەھراغا قېچىشقا يۈزلەندى. پىل، ئات، قېچىرلار باغلاقنى ئۈزۈپ تاغ ـ باياۋانغا قاراپ قاچقىلى تۇردى. تۈن كېچە بولغاندا ئەجدىھا قەلئەدىن باش چىقىرىپ، ئاغزىدىن ئوت پۈركەشكە باشلىدى، خەندەك ئىچىنى ئوت يالقۇنى قاپلىدى. ئۇنىڭ تەپتىدىن لەشكەرلەر چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمدى. سەھەرگە يېقىن ئاۋاز پەسىيىپ، ئوتمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى. جاھانگىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كەمىرىنى باغلىدى.

— ئەي بۇرادەر، بېشىڭغا قانداق خىيال كەلدى؟ — دەپ سورىدى فەرامەرز.

— سەن چېچىلىپ كەتكەن يارانلارنى ئىزدە، — دېدى جاھانگىر، ئاندىن ئۆزى ئەللىك كىشىنى ئېلىپ قەلئەگە قاراپ ماڭدى.

— فەرامەرزگە دەپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ، — بىزنى بىر ھەپتىگىچە ساقلىسۇن.

شىر يۈرەك تىلسىم دەرۋازىسىدىن كىردى. ئۇلارنىڭ كىرىشىگە دەرۋازا ئېتىلىپ قالدى.

— بىر ھەپتىگىچە ماڭا مۇنتەزىر بولۇڭلار، ئەگەر چىقمىسام قايتىپ كېتىڭلار! — دېدى ئۇ ۋەسىيەت قىلىپ.

سائەت ئۆتمەي فەرامەرز چېچىلغان لەشكەرنى يىغىپ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ جاھانگىرنى كۆرمىدى، لېكىن ئەللىك جەڭچى قەلئە ئىچىدە تۇراتتى. ئۇلار بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى ۋە جاھانگىرنىڭ ۋەسىيىتىنى فەرامەرزگە يەتكۈزدى. فەرامەرز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ «ئاھ!» دەپ ھوشىدىن كېتىپ، خېلى تەستە ھوشىغا كەلدى. ئۇ قەلئەگە كىرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن دەرۋازىنىڭ مەھكەم ئېتىلگەنلىكىنى كۆردى. جاھانگىرنىڭ ئانىسى چاچلىرىنى يولۇپ، يۈزلىرىنى تىرنىلاپ يىغلايتتى. فەرامەرز كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ تىلىسىملىق قەلئەگە كىرىشكە تەييارلاندى.

— ئەي ئوت يۈرەك پالۋان، — دېدى تۇس ئىبنى نەۋدەر، — ئەگەر سەن قەلئەگە كىرىپ كەتسەڭ بىزگە كىم باشچىلىق قىلىدۇ؟ ئەگەر دۈشمەنلەر كېلىپ قەست ئەيلىسە، بىزگە كىم قوماندا بېرىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلار فەرامەرزنى قەلئەگە كىرگۈزمىدى. چېدىرلارنى تاغ بېشىغا ئەپچىقىپ تىكتى. ئۇلاغلارنى ھەر تەرەپتىن يىغىپ كېلىپ، ئوتقا قويدى. ئۇلار ئەتراپقا نەزەر

سېلىپ ، ھەر يەردە دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ ـ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆردى . فەرامەرز ھەر كۈنى دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، قەلئە ئىچىگە قارايتتى .

جاھانگىر قەلئە ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن بىردىن قوپۇرۇلغان ئىككى ۋونارنى كۆردى . ھەر بىر مۇنار ئۈستىدە بىردىن قۇش بار ئىدى ، بىر نەيزە گۇمبەز ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ نەيزە سۇنايىنىڭ تۆشۈكىدەك ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە تۆشۈك ئىدى . جاھانگىر «ھەر قانداق ھېكمەت بولسا ، شۇنىڭدىدۇر » دەپ ئويلاپ تا شام بولغۇچە شۇ يەردە ئولتۇردى . شام بىلەن ھەر ئىككى مۇنار پولات گەردىش ئىچىگە كىرىپ كەتتى ، ئاندىن نەيزىدەك بىر ئۈزۈن نەرسە پەيدا بولدى ـ دە ، بېشىنى قەلئە بۇرجىكىدىن چىقىرىپ ، ئوت پۈركەشكە باشلىدى . خەندەكلەر ئوت يالقۇنى بىلەن قاپلاندى . جاھانگىر ھەيران بولۇپ ، بۇ سادا ۋە ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مۇنارغا باغلىق ئىكەنلىكىنى پەملىدى . ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ ، ئاۋازلار پەسىيىشكە ، تاڭغا يېقىن ئوتمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى .

جاھانگىر ئالتە كۈنگىچە بۇ تىلسىم ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى . لېكىن ھېچ نەتىجىسى بولمىدى . يەتتىنچى كۈنى كېچىسى قورساق ئاچلىقىدىن بىتاقەت بولۇپ يىقىلدى . ئۇ خۇدا دەرگاھىغا نالە قىلىپ : «ئەي پەرۋەردىگارىم ، ماڭا بۇ تىلسىم ئىچىدە فەتھى ـ نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن ، مېنى شەرمىسار قىلمىغايسەن » دەپ مۇناجات قىلدى . ئازراق يېتىپ ، كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندى . ئۇنىڭ كۆزىگە ئالەمنى غايىبتىن كەلگەن يېشىل ئېگىزلىك بىر ئاقساقال كۆرۈندى . «ئەي ئوغۇل ، ئەندىشە قىلمىغىن ، ــ دېدى ئۇ ، ــ بۇ تىلسىم ساڭا بېرىلدى ، ئۇيقۇڭدىن بىدار بول . ئوقۇڭنى يېنىڭغا سېلىپ ، ھەر ئىككى قۇشنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتقىن . ئاندىن كېيىن ھەر ئىككى مۇنارە يىقىلىدۇ ، گۇمبەز ئاستىن ـ ئۈستۈن بولىدۇ ، نەيزىمۇ پارە ـ پارە بولىدۇ ، شۇ چاغ گۇمبەزدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ ، ئۇنىڭدىن بىر دىۋە چىقىپ ، ساڭا قەست قىلىدۇ ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەي ، تىرىك ساقلىغىن ، تىلسىمدىن قانداق چىقىپ كېتىشنى ئۇنىڭدىن سورا ، ئۇ نېمە دېسە شۇ بويىچە قىل ! تىلسىم ئىچىدىن مال ـ دۇنيانى قانداق ئەپچىقىپ كېتىش يولىنىمۇ ئۇنىڭدىن سورا . شۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلغىنكى ، دىۋىنى ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرمە ، ئوقنى ھەرگىز خاتا ئاتمىغىن ، بولمىسا ھەممە ئىشلىرىڭ بىكارغا كېتىدۇ . » جاھانگىر كۆزىنى ئاچسا ، ھېلىقى ئاقساقال ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، پۇت ـ قولىغا خېلى كۈچ ـ قۇۋۋەت كىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى . مۇنار يېنىغا كېلىپ ، ئوقيانى ئوقلاپ ، قۇشقا قارىتىپ ئاتقانىدى ، قۇش كاللىسى ئۈزۈلۈپ ، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ يەرگە چۈشتى . يەنە بىر قۇشمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا يوقىتىلدى . ناگاھ گۇمبەزدىن بىر ئىشىك ئېچىلدى . ئۇنىڭدىن بىر دىۋە چىقىپ ، جاھانگىرغا ھۇجۇم باشلىدى . جاھانگىر دىۋىنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ يەردىن ئۈزۈپ ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى ، دىۋە ھوشىدىن كەتتى ، جاھانگىر ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن مەھكەم باغلىۋالدى .

ــ مېنى نېمە ئۈچۈن باغلىدىڭ ؟ ــ دەپ سورىدى دىۋە ھوشىغا كېلىپ .

ــ شۇنىڭ ئۈچۈن باغلىدىمكى ، ــ دېدى جاھانگىر ، ــ بىر قانچە سوئال سورايمەن ، راست جاۋاب بېرىسەن ، يوشۇرساڭ بولمايدۇ .

دىۋە «سورا » دېدى .

— ماڭا يول كۆرسەت ، بۇ تىلسىم ئىچىدىن چىقاي ! — دېدى جاھانگىر .
دىۋە ئۇنى گۇمبەز ئىچىگە باشلاپ كىردى . قارىسا ، بىر ئۆي ، ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغان ، ئاچقۇچى يېنىدا ئېسقلىق تۇراتتى .
جاھانگىر ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيرۇدى . دىۋە ئىشىكنى ئاچتى . بۇ بىر خەزىنە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە گۆھەر ، جاۋاھىر ، ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە ئەسۋابلار بىھېساب ئىدى . جاھانگىر ئۇلارنى كۆرۈپ ، كۆزى خىرە بولدى .
— ماڭا يول كۆرسەت ! — دېدى جاھانگىر ، — بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتەي .
— بۇ جەمشىدنىڭ تىلسىمدۇر ، — دېدى دىۋە ، — مەن بۇ تىلسىمغا مۇئەككەل ئىدىم ، ئەمدى تەڭرى بۇنى ساڭا بۇيرۇپتۇ . كەل ، مەن ساڭا يول كۆرسىتەي .
دىۋە جاھانگىرنى باشلاپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى . بىر ھەيۋەتلىك نەرە ئاڭلىنىپ ، پۈتۈن دەشت لەرزىگە كەلدى . گۇمبەزمۇ ، قەلئەمۇ كۆزدىن غايىب بولدى .
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ فەرامەرز ئورنىدىن تۇردى – دە :
— قەلئەگە كىرىمەن ، جاھانگىرغا بىرەر ئازار يەتتى ، — دېدى .
— بىرەر سائەت تاقەت قىل ، — دېدى ئەردەشىر ، — چەندان كىشىلەر بۇ قەلئەگە كىرگەنۇ چىقمىغان ، ئۆلگەنلىكىدىنمۇ ئەسەر بولمىغان . ئەمما ماڭا بۇ كۈن غەلىبە كۈنىدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ . ئاڭلانغان بۇ ئاۋازلار تىلسىمنىڭ سۇنغانلىقى بولسا كېرەك . بۇ گۇنچە سەۋر قىلغىن ، ئەگەر جاھانگىر چىقمىسا ئاڭلا كۈنى بىلگىنىڭنى قىل !
فەرامەرز ماقۇل بولۇپ ، ئۇ تىلسىمغا قاراپ تۇراتتى .
ئەلقىسسە ، دىۋە جاھانگىرنى بىر تاش تەخت يېنىغا باشلاپ باردى .
— بۇ تاش تەختنى كۆتۈرگىن ، — دېدى دىۋە . پالۋان جاھانگىر ھەقتائالاغا سېغىنىپ ، كۈچ – قۇۋۋەت تىلىدى . پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ تاش تەختنى كۆتۈرۈپ ، يىراققا تاشلىدى . تاشنىڭ تېگىدىن بىر سېسىق بۇس – دۇت پەيدا بولۇپ ، پۈتۈن تاغ ۋە دەشت – سەھرا سېسىق پۇراق بىلەن تولدى . دىۋە ئۆلدى .
فەرامەرز ۋە ئۇنىڭ يارانلىرى تاشقىرىدىن قاراپ شۇنى كۆردىكى ، سائەت ئۆتمەي تىلسىم غايىب بولدى ، قەلئەمۇ ، گۇمبەزمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيتتى . پەقەت جاھانگىر يول ئۈستىدە تۇراتتى ، دىۋە ئۇنىڭ يېنىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى ، پالۋانلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران – ھەس قېلىشتى . فەرامەرز جاھانگىرنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . تۇس ، رۇھام ، گۇدەرز ۋە باشقىلار تاغار – قاچىلارنى كەلتۈرۈپ ، بۇ غەنىيمەت زەر – جاۋاھىرلارنى قاچىلاپ ، بىر قىسمىنى كەيكاۋۇسقا نېسۋە قىلىپ ، قالغانلىرىنى لەشكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى .
مەنزىلمۇ مەنزىل يول مېڭىپ ، ئىككى ئاي يىگىرمە كۈن دېگەندە شام ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى . شامدا سەقلابنىڭ ئاتلىق ئوغلى پادىشاھ ئىدى . ئۇ لەشكىرى ئىسلامنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاتىسىغا خەۋەر قىلىپ نامە يازدى : «رۇستەمنىڭ ئوغلى فەرامەرز ، جاھانگىر ھېسابسىز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە يەنە كەيكاۋۇسنىڭ بۇرادەرلىرى تۇس ، رۇھام ، گۇدەرز لەشكەرلىرىمۇ كەلدى . نامە تەگكەن ھامان تېز ئۆزۈڭنى ماڭا يەتكۈزگىن » دېيىلگەنىدى خەتتە .

ئەلقىسسە، نامە سەقلاب شاھقا يەتكەچ، ئۇمۇ جاۋاب خەت يازدى. خەتتە: «ئەي پەرزەنت، مەردانە بول، شەھەرنى چىڭ ساقلا. ئەگەر پەرامەرز بىلەن جاھانگىر جەڭ قىلىشنى ئىختىيار قىلسا، بوشاڭلىق قىلمىغىن. مەنمۇ لەشكەر جابدۇپ، يېنىڭغا تېز يېتىپ بارىمەن» دېيىلگەنىدى. ئۆزىمۇ خەتنى ئەۋەتىپ، ئون كۈندىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئون ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، شاھقا يېتىپ كەلدى. لەشكەرلىرىمۇ بىر ھەپتىگىچە كېلىپ بولدى. جاھانگىر بىلەن فەرامەرز ھەر كۈنى سەقلابنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ، تاماشا قىلاتتى. سەككىزىنچى كۈنى سەقلابمۇ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا توقسان مىڭ لەشكەر ئون ئىككى قوماندان، ئوتتۇز ئالتە ئوغۇل، توققۇز يۈز پالۋان بار ئىدى.

— بۇ ئاجايىپ كەڭ زېمىن بىزگە نېسىپ بولسا، — دېدى جاھانگىر، — ئۇمىد ئۆلكى، بۇ مەملىكەتنى قاھىرە دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ، بۇ جايدا ئىسلامغا رىۋاج بېرىپ، ئىران شاھىنىڭ ئېتىغا خۇتبە ئوقۇتىمەن.

داقا - دۇمباق ئاۋازى پەلەككە يەتتى. باتۇرلار جەڭ مەيدانىغا كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرى سەپراس بولدى. باتۇرلار مەيدانغا كىمنىڭ بالدۇرراق چىقىپ، نەرە تارتىشىنى كۈتۈشەتتى.

فەرامەرز جەۋلان قىلىپ، جەڭ مەيدانىغا كىرىپ، باتۇرلۇق ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى. سەقلابنىڭ كۆزى فەرامەرزگە چۈشۈپ:

— بۇ خۇداپەرەسلەر بەكمۇ قورقۇمسىز ئىكەن، ھېچ نېمىدىن غەم يېمەيدىكەن. بۇلارنىڭ مۇنداق باتۇرلۇقى ئىسلام لەشكەرلىرى ئارىسىغا قىزغىنلىق سالىدۇ.

— ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ، — دېدى خۇسرەۋ شاھ ئاتىسى ئالدىغا كېلىپ، مەن بۇلارغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلسام، چۈنكى بۇ مۇساپىنىڭ بېشىدۇر.

سەقلاب بۇتلارغا سەجدە قىلىپ، فەتھى - نۇسرەت تىلەپ خۇسرەۋ شاھقا رۇخسەت قىلدى. خۇسرەۋ بىلەن مەيدانغا كېلىپ، فەرامەرزنىڭ ئالدىنى توستى.

— بۇ لەشكەرلەر ئىچىدە نام - نەسەبىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ.

— مېنى فەرامەرزى رۇستەم دەيدۇ، — دېدى جاۋاب بېرىپ شىر يۈرەك، — ئەي بەتبەشىرە، نېمىدەپ ئۆزۈڭنىڭ نام - نەسەبىڭنى ئېيتمايسەن؟

خۇسرەۋ فەرامەرزگە نەيزە تەڭلىدى، فەرامەرز نەيزىسىنى رەت قىلىپ، بىردەممۇ ئامان بەرمەي تېپىپ - چەيلەپ، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. خۇسرەۋنىڭ لەشكىرى ئارىسىغا چۆكۈپ، شۇنداق زەربە بەردىكى، كاپىرلارنىڭ بەدەنلىرى دىر - دىر تىترىدى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ تاقەتسىزلەندى. ساقلابنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەزەرنۇش ئاتىسىدا رۇخسەت تىلەپ:

— ئەي ئاتا، رۇخسەت قىل، مەن بېرىپ بۇرادىرىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن! — دېدى - دە، ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشۈپ فەرامەرزنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئەي بەدنىشان، يىگىتنى ئۆلتۈردۈڭ. مەن سېنىڭدىن نەچچە چەندان ئارتۇقمەن.

— ئەندىشە قىلما! — دېدى فەرامەرز، — جەھەننەم ئۆز ئىشىكىنى ئېچىپ، سېنى كۈتۈۋاتىدۇ.

ئەزەرنۇش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ فەرامەرزگە نەيزە ئۇردى. فەرامەرز ئۇنىڭ نەيزىسىنى رەت قىلىپ، نەيزە بىلەن سانجىپ مىدىر قىلىشقا ئامان بەرمەي، ئېگەردىن ئۈزگەنچە بېشىدىن ئۆستۈن، يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇستىخىنى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

سەقلاب بۇنى كۆرۈپ، بۇتقا باش ئۇرۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن يەنە بىرى مەيدانغا كىرىپ، ئۇمۇ جەھەننەمگە سەپەر قىلدى. شۇنداق قىلىپ سەقلابنىڭ يىگىرمە ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، جەھەننەمگە يوللىدى. سەقلاپ ئۆلگەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈكىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. تاكى بىر ھەپتىگىچە جەڭ بولمىدى.

ـــ بۇ قېتىم ناھايىتى ياخشى جەڭ قىلدىڭ، ـــ دېدى جاھانگىر فەرامەرزگە ئاپىرىنلار ئېيتىپ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ ناغرىسىنى چېلىشتى. قوشۇنلار ئاتلىنىپ، مەيدانغا كېلىپ سەپ تارتىپ، ئارىلىقنى بوش قويۇشتى. ئىران لەشكەرلىرى تەرىپىدىن رۇھام گۇدەرز پالۋانزادىلەردىن رۇخسەت تىلەپ، تۇلپارنى مىنىپ، جەڭ مەيدانىغا كىردى. ئۇ جەڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ جەۋلان قىلاتتى. شۇنداق مەزگىلدە باياۋان تەرىپىدىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن ئوتتۇز تۇغ ـ ئەلەم كۆرۈندى. بۇ ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن دېرەك بېرەتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن جاسۇسلار خەۋەر قىلىشتىكى، شەھزادە ئى فەرپىز كېلىپ، رۇستەمزادىلەر بارگاھىنىڭ ئۇدۇلىغا چېدىر تىكتىشتى. شەھزادە ئى فەرپىز مۇنداق دېدى:

ـــ ھېلىقى كۆنى سىلەر ئادىي مەشىنە جەشم جېڭگە ئاتلىنىپ، مەغرىپ زېمىنىغا قاراپ يولغا چىقتىڭلار، پۇرسەتتىن كېيىن مېنى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن سىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەنىدى. زال ئېبنى زەر سىلەردىن جۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ پەرىشاندۇر. يەنە ئارىدا ئەفراسىياب ئىرانغا جەڭ ئېلان قىلىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن بۇيان ئىشىڭلار نەگە بېرىپ توختىدى؟ ـــ دەپ سورىدى شاھزادە فەرپىز، ـــ سەقلاب بىلەن قانداق قىلىشتىڭلار؟

ـــ كەلگىلى بىر ئايدەك ۋاقىت بولدى، ـــ دېدى جاھانگىر، ـــ سەقلاب شاھ يوق ئىدى، كەلگىلى بىر نەچچە كۈن بولدى. ئۇ كەلگەندىن بۇيان بىر ھەپتە جەڭ قىلدۇق. فەرامەرز مەيدانغا چۈشۈپ، سەقلابنىڭ يىگىرمە سەككىز ئوغلىنى جەھەننەمگە يوللىدى. سەقلاب پەرزەنتلىرىنىڭ ماتەمىنى تۇتۇ، چاچ ـ ساقىلىنى يۇلۇپ، ئۆلۈكلەرنى ئوتتا كۆيدۈردى. جەڭ قىلمىغىلى ھەپتە بولغانىدى. بۈگۈن رۇھام ئاتلىنىپ، ناغرا تارتىپ مەيدانغا كىرگەنىدى، شاھزادىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، سىزنى كۆرۈپ جەڭدىن قول يىغدۇق. ئىنشائاللاھ، جەڭنى ئەمدى باشلايمىز. كەچكە يېقىن سەقلاب شاھ مۇنۇلارنى جاكارلىدى: «كىمكى ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر كىشىنى تىرىك تۇتۇپ كەلسە ياكى بېشىنى ئېلىپ كەلسە، مەن ئۇنى كۆيئوغۇل قىلماقچىمەن.»

جەڭچىلەر ئارىسىدا بەھرام ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى. ئۇ سەقلابنىڭ قىزىغا ئاشىق ئىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەھبۇبىغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ: «مەن ئەتە جەڭ باشلاپ، سىز مەھبۇبى دىلنەۋاز ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، خۇداپەرەسلەر بىلەن ئېلىشىپ بىرىنى تىرىك

تۇتماي قويمايمەن » دېگەنلىرىنى بىلدۈردى.

ئەلقىسسە، ئالەم قۇياشى ئالەم پەردىسىنى يىرتىپ، مەشئەل نۇرلىرى بىلەن قاراڭغۇ تۈننى يورۇتۇپ، جاھاننى روشەنلىككە تولدۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، سەپ تۈزۈشتى. دەل شۇ چاغ بىر نازىنىن ئاي يۈزلۈك يۈزىگە قارا پەردە تارتىپ، مەيداندا ھازىر بولغانىدى. بەھرام جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ مۇكەممەل قوراللىنىپ، جەڭ مەيدانىغا ئات سۈرۈپ كىردى ـ دە، قارشى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان مەردۇ مەيداننى تىلىدى. بۇ تەرەپتىن تۇس ئىبنى نەۋدەر شاھزادە فەرپىزدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشتى ـ دە، بەھرامنىڭ ئالدىنى توستى. قارىسا ئۇنىڭ ئالدىدا تاغدىن كۆتۈرۈلگەن نۇرلۇق ئايدەك ياكى يالتىراپ تۇرغان قۇياشتەك بىر مەردانە يىگىت تۇراتتى.

ــ سەن كىم، ئېتىڭ نېمە، بۇ ھاكاۋۇرلاردىن ئەمەستەك قىلىسەن؟ ــ دەپ سورىدى تۇس ئۇنىڭدىن.

ــ ئەي خۇداپەرەس، مېنىڭ ئېتىم بەھرامدۇر، ــ دېدى ئۇ يىگىت، ــ ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، مېنى سوراپ نېمە قىلماقچىسەن؟

ــ ئەي يىگىت! ــ دېدى تۇس، ــ سېنىڭدەك ئوغۇلنى جاھاندا قايسى ئانا تۇغقاندۇر، ساڭا مەستلىكىم كېلىدۇ. زىيان تارتىپ قالما، كەلگىن، دىنىڭدىن يېنىپ مۇسۇلمان بولغىن! سېنى جاھانگىر، گىۋ ھەممە پالۋانلاردىن ئېتىبارلىق قىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ.

ــ ئەي باتۇر، ــ دېدى بەھرام، ــ مەندىمۇ بىر مەقسەت بار، شۇ سەۋەبلىك مەيدانغا كىردىم.

ــ ئۇ مەقسىتىڭ نېمە؟ ــ دەپ سورىدى تۇس، ــ ئېيت، قانداق مۇرادىڭ بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن!

ــ بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، ــ دېدى بەھرام ۋە ھالقا قىلىپ قويۇلغان كەمەند (سىرتماق) نى يېشىپ، تۇسنىڭ بېشىغا ئاتتى. تۇس چەبدەسلىك بىلەن كەمەندنى رەت قىلىپ، ئۆزى كەمەند تاشلاپ، بەھرام باتۇرنىڭ بېشىنى سىرتماققا چۈشۈردى. شۇ ئارىدا مېھىر ئەفرۇز تۇسنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ كەمەند ھالقىسىنى ئۇنىڭغا تاشلىدى. بەھرام پۇرسەت تېپىپ ئۇ تاشلىغان كەمەندنىڭ بىر ئۇچىنى بېلىگە مەھكەم باغلىۋالدى. تۇس پۇرسەتنى غەنىيمەي بىلىپ، ھەر ئىككى كەمەندنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇلارنى سۆرىگەن پېتى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئىچىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى.

ــ بۇ بەختسىز كىم ئىدى؟ ــ دەپ سورىدى سەقلاب.

ــ بىرى بەھرام، يەنە بىرى مېھىر ئەفرۇز، ــ دېدى كىمدۇر بىرى. سەقلاب قىزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، بېشىدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى ــ دە:

ــ دەرىغ، مېنىڭ دەرىغكى، نومۇسۇم يوق بولدى، ــ دېدى ۋە دەرھال جەڭنى توختىتىش ئۈچۈن دۇمباق چالدۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى. تۇس بەھرامنىڭ قولىنى باغلاپ، پالۋانزادىلەر قېشىغا ئېلىپ كەلمەكچى بولدى.

ــ ئەي پالۋان! ــ دېدى بەھرام، ــ ئىقابلانغان بۇ كىشى سەقلابنىڭ قىزىدۇر، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بارما.

تۇس قىزنى قويۇپ ، بەھرامنى پالۋانزادىلەر ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمما جاھانگىرنىڭ كۆزى بەھرامغا چۈشۈش بىلەن بۇيرۇق قىلىپ قولىنى يەشتۈرۈۋەتتى . جاھانگىر بەھرامنى يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ «مۇسۇلمان بولغىن !» دېدى . تۇس نىقابلانغان قىزنىڭ ئەھۋالنى بايان قىلغانىدى ، جاھانگىر :

— ئۇ نازىنىننى ئانامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭلار ! — دېدى ۋە بەھرامغا قاراپ ، — ئەگەر ئىسلام دىنىغا كىرسەڭ ، بۇ ئاي يۈزلۈكنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىپ ، تاج - تەخت ، سەلتەنەتنى ساڭا تاپشۇراي .

بەھرام ماقۇل كۆرۈپ ، مۇسۇلمان بولدى . جاھانگىر ۋە فەرامەرزنىڭ پەرمانى بىلەن كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ ، مېھر ئەفرۇزنى بەھرامغا نىكاھلاپ ئېلىپ بەردى . سەككىزىنچى كۈنى جەڭ دۇمباقلىرى يەنە چېلىنىپ ، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇشتى .

**نەزمە :**

كېلىپ ئەبر سەققالىق ئەتتى ئەيان ، بولۇب رو بەرو ئىككى لەشكەر مەگەر ،
بېرىپ باد فەرراشلىقدىن نىشان . قىيامەت سەفدەك بولۇپ يەك دىگەر .

بۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىن بىر پىيادە پالۋان موللاق تاشلىغىنىچە ھەيۋەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ ، فەرپىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، نەرە تارتىپ :

— ئەي خۇداپەرەس ، مېنى دىۋە جەھرەئى ياۋايى دەيدۇ . سەقلاب شاھىنىڭ تۇغقىنى بولىمەن . سېنىڭ نام - نىشانەڭ كىم ؟ — دېدى .

— مېنى فەرپىز دەيدۇ ، — دېدى شاھزادە ، — مەن پادىشاھ كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى بولىمەن .

شاھزادىنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشمىغانىدى . ئۇ بەدنىشان پولات دەرە بىلەن شۇنداق سالدىكى ، فەرپىز سۇپەر تاتقانىدى ، سۇپەرى ئىككى پارە بولۇپ ، بېشىغا ئۇدۇللاندى . فەرپىز بېشىنى قاچۇردى . ئۇنىڭ ئۇچقۇر ئېتىنىڭ بېشىنى قەلەم قىلدى . شاھزادە ئۆزىنى چاپسانلىق بىلەن ئوڭلاپ ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ ، ياۋايىنى شۇنداق چاپتىكى ، مىسالى چىناردەك ئىككى پارە بولۇپ يىقىلىپ ، جېنى جەھەننەمگە راۋان بولدى . ئەسكەرلەر خۇشاللىقىدىن شاھزادىنىڭ تىغ دەستىگە ئاپىرىنلا ئوقۇشتى . يەنە بىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئۆزىنى ماختىغلى تۇرغانىدى . شاھزادە ئۇنىڭ بېشىنى بىر تىغ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ ، ئون قەدەم نېرىغا دومىلىتىۋەتتى . شۇنداق قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇز پالۋان جەھەننەمگە يول ئالدى . ئاخىر چىداپ تۇرالمىغان سەقلاب بۇيرۇق قىلغانىدى ، ھەممە لەشكىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى . فەرامەرز بىلەن جاھانگىرمۇ ھەممە لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى . شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى ، ئۆلۈكتىن تاغ قوپۇرۇلدى ، قان بىلەن دەريالار ئاقتى . جەڭ كۈن پاتقۇچە داۋام قىلىپ ، دۇمباق چېلىنغاندىن كېيىن ھەممە لەشكەر ئۆز ئارامگاھىغا يېنىپ كېلىشتى . ياۋايىلار پادىشاھى پەرمان بېرىپ ، لەشكەرلەر سانىنى ئالدۇرغانىدى ، ئاتمىش مىڭ ئادىمى ئۆلۈپتۇ ، بۇ تەرەپتىن ئون مىڭ يەتتە يۈز قىرىق مۆمىن شېھىت بولۇپتۇ ، مىڭ توققۇز

ئادەم يارلىنىپتۇ، ھەممە شېھىتلارنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىشتى. ياردارلارنى داۋالىدى. ياۋايىلار تەرەپ بولسا ئۆلۈكلەرنى يىغىپ كۆيدۈردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى يەنە سەپ تارتىپ ئۇرۇش باشلىدى. جاھانگىر سەپتىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ، مەيدانغا قاراپ ئات سۈردى. جەۋلان قىلىپ قارشى تەرەپتىن مەرد تەلەپ قىلدى، لېكىن ھېچبىر پالۋان مەيدانغا چۈشمىدى. جاھانگىر ئېتىنى دېۋىتىپ، سەقلاب لەشكىرىنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ، يۈز يىگىرمە كاپىرنى قەتل قىلىپ، سەقلابقا يېقىنلاپ كەلدى. ئارقا تەرەپتىن بولسا فەرامەرز باشچىلىقىدىكى ئىران لەشكەرلىرى ئات سېلىپ كەلدى. سەقلاب لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى يېقىنلاشقانىدى. ئالەم سەفھەسىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بۇ سەۋەبتىن جەڭنى يىغىش سىگنالى چېلىنىپ، لەشكەرلەر ئارامگاھلىرىغا يول ئالدى. ئەمما سەقلاب ئۆز لەشكەرلىرى ئىچىدە: «ئۆزۈم مەيدانغا چۈشۈپ، خۇداپەرەسلەر بىلەن جەڭ قىلىمەن» دەپ پو ئاتتى.

كۈن تاغ ئۈستىدىن باش كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ ساداسى ياڭرىدى. ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى تەقابىل بولۇشتى. شاھ سەقلاب پىلغا مىنىپ جەڭ مەيدانغا كىردى. ئۇ پىلنى ئويناقلىتىپ دېدىكى:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، مېنى شاھ سەقلاب بەربەرى دەپ ئاتايدۇ. مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا جاھانگىردىن بۆلەك ئادەم كەلمىسۇن.

جاھانگىر بۇنى ئاڭلاپ، مەيدانغا كىرمەكچى بولۇۋىدى.

— توختاپ تۇر! — دېدى فەرامەرز، — ئەختەرشۇناسلارنىڭ مەسلىھىتى شۇكى، بۈگۈن ماڭا رۇخسەت قىل، بۇ بەد يولتۇز بىلەن ئۆزۈم جەڭ قىلاي!

ئۇ ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ سەقلابنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ھەيۋەت بىلەن باڭ ئۇردى.

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى شاھى بەربەر، **نەزمە:**

مەنەم شىرى جەڭگىئى ئىرانىيان، بىرۇر كىمگە نۇسرەت خۇدايى جەھان
ئاتىمدۇر فەرامەرز جەھان پەھلەۋان. بولۇر غالىب، ئۆلكىم بولۇر ناتەۋان.
كى ئەي خەيرۇ شەر، تاكى رەزم ئەيلەلى، ئەگەر بولسە ئېردى نىگەھدارى يار،
دىلاۋەرلىك ئوتىنى گەرم ئەيلەلى. كى دۇشمەن بولۇر خارۇ زارۇ نىزار.

— بىلگۈڭ كەلسە مەن فەرامەرزى رۇستەمدۇرمەن، — دېدى ئۇ.

— سەقلاب گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ، فەرامەرزنىڭ بېشىغا سالدى. فەرامەرز ئۇنىڭغا قارشى سۇپەر چىقارغانىدى، گۈرزە سۇپەر ئارىسىدىن ئۇچقۇن-ئۇچقۇن ئوت چىقىرىۋەتتى. فەرامەرزنىڭ ئېتى تىزىغىچە يەرگە پاتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەكلىرى ئېگىلمىدى. ئۇ يەنە ئۇمۇتىنى فەرامەرزنىڭ سۇپەرىگە سېلىۋىدى، دەشت-باياۋان لەرزىگە كەلدى. ئۇمۇتىنىڭ ئاۋازىدىن ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ قۇلىقى گاس بولاي دېدى.

— توختا، ئەي مۇرتەد، — دېدى فەرامەرز، — ئەگەر قائىدە بويىچە جەڭ قىلمىساڭ، ئەمدى مېنىڭ زەربەمگە ھازىر بول!

ئۇ ئىككى پۇتىنى ئۈزەڭگىگە چىڭ تىرەپ، سەقلابنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، بۇ
كاپىرنىڭ قولى ھېچنېمە بولمىدى، ئەمما ئۇ مىنگەن پىلنىڭ بېلى سۇندى. پىل يىقىلغاچ ئۇ
پىيادە قالدى، لەشكەرلىرى ئارىسىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى. فەرامەرز لەشكەرلەر ئارىسىغا چۆ-
كۆپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. جاھانگىرمۇ ھەممە ئىرانلىقلارنى باشلاپ ئات سېلىپ كېلىپ،
ئۇ تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ سەقلابقا مەدەت بېرىشىنى توستى. فەرامەرز غەزەپ بىلەن كېلىپ،
سەقلابنىڭ ساقىلىدىن تۇتماقچى بولۇۋىدى، قولىقى قولىغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىقىدىن
كۈچ بىلەن تارتقانىدى، سەقلاب قولىقىنىڭ دەردىدىن «ۋايجان، ۋاي توۋا» دەپ ۋارقىراشقا
باشلىدى، بۇنى ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرى ئاڭلىدى. فەرامەرز ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ
كۆتۈرۈپ، بېشىنى نەيزە ئۇچىغا سانجىپ، نەرە تارتىپ دېدىكى: «مەن شىر يۈرەك كەيكا-
ۋۇس دۆلىتىدىن فەرامەرز بولىمەن!» بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ لەشكەرلىرى باش ئېگىپ،
ئامانلىق تىلىدى.

— سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلار ئىماندۇر، — دېدى جاھانگىر، — ئەگەر ھەر كىشى ئى-
مان ئېيتسا، ئامان قالىدۇ.

شۇ ئەسنادا داراب شاھ تەرەپتىن ساقلابقا ئەلچى كېلىپ قالدى. ئەرجەك ئىسىملىك
بىرى ئۈچ يىللىق باجنى ۋە سەقلابنىڭ قىزىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنىدى. ئەرجەك ئادى
كۆردىكى، سەقلاب ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى پاناھلىق ئىزدەۋېتىپتۇ. ئەرجەك
بىلەن ئوتتۇز مىڭ لەشكەرلەر بىللە كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەر جەھەتتىن ھۇجۇم باشلاپ،
نەرە تارتىپ، لەشكىرى ئىرانغا ئات سالدى. جاھانگىرى شىر ئەرجەكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
يېتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا گۈرزە بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، يەر بىلەن يەكسان بولدى. يەنە بىر
تەرەپتىن فەرپىزى كاۋۇس تىغ يالىڭاچلاپ مەغرىب لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى كەسكىلى
تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن فەرامەرز، تۇس، رۇھام ۋە گۇدەرزلەرمۇ جەڭ قىلىپ، دۈشمەن
قېنىنى ئېقىتىپ، قورقۇنچاقلارنى يۈرەكزادە قىلىۋەتتى. شۇڭا تامامى كاپىرلار قېچىشقا
باشلىدى. ئۇلار دەريا ساھىلىغا يەتكەنگە قەدەر ئارقىنىمۇ قارىيالمىدى. فەرامەرز ۋە جاھانگىر
سەقلابنىڭ شەھىرىگە كىرىپ، ئوردىسىغا بېرىپ، بەھرامنىڭ بېشىغا خۇسرەۋ تاجىنى
كىيگۈزۈپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى، مەملىكەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئارىدىن نەچچە
كۈن ئۆتۈپ، بىر كۈنى شاھ بەھرام تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. فەرامەرز، جاھانگىر،
فەرپىز، تۇس قاتارلىق ھەممە سەردارلارمۇ بەھرام ھوزۇرىدا ئىدى. داراب شاھ قېشىدىن
ئەلچى كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بەھرام فەرامەرز بىلەن جاھانگىرغا باقتى. ئۇلار
مەسلىھەتلىشىپ، ئەلچىنىڭ باج ـ خىراج ۋە جەڭ چېقىمىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى
يەملەپ، ئەلچىنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئەلچى كىرىپ، داراب شاھ مەغرىبنىڭ پەر-
مانىنى يەتكۈزدى: «ئۈچ يىللىق باج ـ خىراجنى، مەملىكەتنى ۋە كۆشەندەئى سەقلابنى
ئەرجەكگە تاپشۇرۇڭلار. ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىمەن.»

— سەقلاب ئىرانلىقلار قولىدا ئۆلدى، — دەپ جاۋاب بەردى بەھرام شاھ، — تاج ـ
تەخت ماڭا بېرىلدى. سەقلابنىڭ قىزى مېنىڭ نىكاھىمغا ئۆتتى، بارچە باج ـ خىراج
كەيكاۋۇسقا تەئىيىن تاپتى، شۇنىڭغا تاپشۇرىمىز. كۆشەندەئى سەقلابنى ئەنە ئۇ ئۇدۇلۇڭدا

ئۆلتۈرگەن كىشىدىن سورا.

ئەلچى ئورنىدىن تۇرۇپ، جاھانگىرغا خەنجەر تەگلىدى ۋە دارابنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى. جاھانگىر قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۇ كاپىرنى بىر خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ، جېنىنى جەھەننەمگە يوللىدى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇدى. كەلگەن كاپىرلارنىڭ بەزىسى مەجرۇھ بولۇپ، جېنىنى ئېلىپ، داراب قەلئەسىگە قاراپ قاچتى. ئۇلار شەھىرى دارابقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى داراب شاھقا بايان قىلىشتى. داراب شاھ «دەرھال خەت ياز!» دېدى. مۇنشى (كاتىپ) خۇشخەت قىلىپ ئازاد چېھرىنىڭ ئوغلى ئازاد مېھرگە مۇنۇلارنى يازدى: «ئەي ئازاد چېھرە! ئاگاھ ۋە دانا بولغىنكى، ئىران زېمىنىدىن رۇستەمنى داستانىنىڭ ئىككى ئوغلى ـــ فەرامەرز ۋە جاھانگىر ئاتلىقلار ۋە يەنە كەيكاۋۇسنىڭ فەرپىز ئاتلىق باتۇر ئوغلى كېلىپ، سەقلابنى ئوتتۇز ئالتە ئوغلى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، تامام لەشكەرلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىدىن تاغ قوپۇرۇپ نابۇت قىلىپتۇ. قالغان لەشكەرلەر قېچىپ، چېچىلىپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى ئامانلىق ئىزدەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپتۇ. سەقلابنىڭ قىزىنى بەھرام باتۇرغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى شامغا پادىشاھ قىلىپتۇ. ھازىر ئۇ پالۋانلار ۋە ئىران لەشكەرلىرى بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار تامام مەغرىب شەھىرىنى بويسۇندۇرۇپ، يول ئۈستىدىكى جەمشىد تىلسىمىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەزىنىلەرنى ئېلىپ، تىلسىمنى ساقلاشقا مۇئەككەل قىلىنغان دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، قەلئەنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىپ، كۆككە سورۇپ، غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەك، قەلئەئى دارابقا يېقىنلاشقانمىش. بۇ نامە تەگكەن ھامان ئۇ پالۋان ئىلگىرىكىدەك بارچە مەغرىب دىيارىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، رۇستەمنىڭ ئوغلانلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلسە، ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىپ، سېنىڭ مەرتىۋەڭنى زىيادە قىلغايمەن. ئول پالۋاننى دۇنيادا يۈزى يورۇق قىلغايمەن.»

خەتنى بىر خەۋەرچىگە بېرىپ، ئازاد چېھرە تەرەپكە راۋان قىلدۇردى. خەۋەرچى بوراندەك توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ، ئارام ئالماي ئازاد چېھرىگە يەتتى. ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، نامىنى تۇتتى، داراب شاھ مەغرىبنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزدى. شاھ ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلىپ مۇنشى (كاتىپ) نى چاقىرىپ، خەتنى ئوقۇتتى. ئازاد چېھرە نامە مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، خەۋەرچىنى ياندۇردى.

ـــ سەن تېز بېرىپ خەۋەر يەتكۈز، ـــ دېدى شاھ خەۋەرچىگە، ـــ مانا بىز يولغا چىقىمىز، پالۋان ئوغلۇم بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتكەن. ئۇلار كەلگۈچە مەن لەشكەرلەرنى تەييارلاپ بولىمەن.

ئەلقىسسە، خەۋەرچى قايتتى. ئازاد چېھرە پالۋان شىر يۈرەككە داراب شاھنىڭ نامىسىنى ئاڭلاتتى.

ـــ ئەي ئازاد چېھرە، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ـــ دېدى تەھەمتەن، ـــ ئەگەر بارساڭ، ساڭا مەدەت بېرىش ئۈچۈن مەنمۇ بارىمەن. بولمىسا، مەن داراب شاھتىن ھېچ ۋەھىمە قىلمايمەن ھەم قورقۇنچۇم يوق. ئەگەر يۇرت ـ مەملىكەت دېسەم، پۈتۈن شەھەر مېنىڭ ئىلكىمدە ئىدى، ھەممىنى تاشلاپ چىقىپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر بارايلى دېسەڭ، مەيلى باراي. ئۇ

قانداقراق قەھرىمانكىن، مەيدانغا چىللاپ كۆرۈپ باقمايمەنمۇ، — ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن سەپەر چابدۇقىنى قىلدى. ئازاد چېچرە ئوغلى ئازاد مېھرە بىلەن قىرىق مىڭ كىشلىك قوشۇننى ئېلىپ، شىر يۈرەك رۇستەمنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقتى.

پەسلى داستان، ئەمدىكى سۆزنى فەرامەرز، جاھانگىردىن ئاڭلاڭ، نەزمە:

فەرامەرز، جاھانگىر كىرىپ قىلدى تەي،
كى فەرىپىز بۇ يولغا كىرىپ ئەمنى كەي.
يەنە كەينىدىن تۇسى نەۋدەر رەۋان،
رۇھامى دىلاۋەر ھەمە لەشكەران.

بۇ لەشكەرنىڭ ئەۋسافى پۇر بولدىيا،
ئۇلۇغ گەبرلەرغە جەھان تولدىيا.
كى داراب شاھنىڭ قاشىغە كېلىپ،
يانار بولدى داراب باشىدىن ئالىپ.

ئەلقىسسە، فەرامەرز، جاھانگىر داراب قەلئەسىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار ئىككى ئاچا يول بېشىغا كېلىپ قالدى.

— بۇ يول قەيەرگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى پالۋان بىر بەربەر لەشكىرىدىن.

— ئوڭ قول تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭساق، — دېدى لەشكەر، — ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە قەلئەئى داراب گەردكە چىقىمىز، يولى ئاساندۇر، چەپ قول تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭساق، سانۇرەد قەلئەسىگە چىقىمىز، بۇ شەھەرنىڭ بىر تەرىپى تاغ ۋە يەنە بىر تەرىپى باياۋان.

پالۋانلار ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشتى. فەرىپىز بۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئۇنىماي، ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئوڭ قولىدىكى يول بىلەن داراب قەلئەسىگە قاراب يول ئالدى. فەرامەرز، جاھانگىرلار ئۆز قوشۇننى ئېلىپ سانۇرەد قەلئەسىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار ماڭا - ماڭا بۇ شەھەرگە يەتتى. شەھەر خەلقى ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىپ، سېپىل بېشىغا چىقتى. پالۋانزادىلەر كۆردىكى، بۇ شەھەر ناھايىتى مەھكەم ئىكەن. ئۇلار يۈك - تاقىلىرىنى يۈكلەپ. تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قوندى. پالۋانلار بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ ھەر يەردە تۇرۇشتى. ئۇ كۈنى ئۆتۈپ، كېچىدىن سەھەرگىچە مۈنتەزىر بولۇشتى.

ئەلقىسسە، شەھەر خەلقى ئۇلارنى كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ، دەرۋازىنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشتى. سائەت ئۆتمەي، پالۋانلار تاغ باغرىدىن ئات سېلىپ، شەھەرگە قاراپ يۈگۈردى. شەھەر خەلقى بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. فەرامەرز ۋە جاھانگىر ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كىردى. شەھەر خەلقى ئىلاجسىز ئەل ئامان دەپ پالۋانلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلدى. بۇ شەھەرنىڭ ئەمىرلىرى تۆھپە - سوۋغاتلار بىلەن پىشكەش قىلىپ، پالۋانلار بىلەن مۇلاقەت بولۇپ كۆرۈشتى، ھەممە ئۇلۇغلار كېلىپ، پالۋانلارغا باش قويدى. پالۋانلارمۇ ئۇلارغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلىپ، يول باشلىغۇچى ئېلىپ، داراب قەلئەسىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بۇ شەھەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالغانىدى. شاھزادە فەرىپىز ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن مەنزىل مەراھىللارنى كېزىپ، قەلئەئى داراب گەردكە يەتتى. شەھەرگە كىرگۈچە ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمىدى. شاھزادە فەرىپىز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كىرگەندە، شاھ داراب

مەجلىس تۈزۈپ، شاراب ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. «كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى فەرپىز لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، شەھەرگە كىردى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھوشىدىن كەتتى. ئەلەمگە چىدىماي شاراب ئىچىۋاتقاندا قولىدىكى پىيالە يەرگە چۈشۈپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. شۇنداق شىجائەتلىك شاھ بىردەمدىلا ئۆمرىدىن بىزار بولدى. شۇ زامان ئۆزى ئاتلانماقچى بولۇۋىدى، مەيئاشام ناملىق چوڭ ئوغلى ئاتىسىدىن رۇخسەت تىلەپ:

— ئەي ئاتا، ئورنۇڭدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، شارابىڭنى ئىچىۋەر، ماڭا بىرقانچە كىشى قوشۇپ بەرگىن، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، دەرگاھىڭغا كەلتۈرەي. سېنىڭ ئاتلانمىقىڭ ھاجەت ئەمەس، — دېدى.

ئۇ ئون مىڭ ئەسكەر ۋە ئىش بىلەرمەنلەر بىلەن ئاتلىنىپ، فەرپىزى كاۋۇسنىڭ لەشكەرلىرى ئۇدۇلىغا كەلدى، فەرپىزى كاۋۇس بولسا، بۇ شەھەر ئىچىدە غوۋغا كۆتۈرۈپ، خالايىقنىڭ تەنلىرىنى ئات ئاستىدا پايىمال قىلىپ، قان بىلەن دەريا ئاققۇزۇپ يۈرەتتى. ناگاھ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن چىققان مەيئاشام فەرپىزنىڭ ئالدىنى توستى. نام - نەسەب سۈرۈشتە قىلىشتىن كېيىن مەيئاشام تىغ بىلەن فەرپىزنىڭ بېشىغا سالدى. فەرپىز بېشىغا دەرھال سۇپەر تۇتۇپ تىغ زەربىسىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، بىر شەمشەر بىلەن مەيئاشامنىڭ ئىشىنى تۈگەتتى. مەغرىب لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ماتەم تۇتۇشتى. بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ كۆز يېشىدا تۈگمەن چۆرگىلىگىدەك بولدى. شاھنىڭ يەنە بىر ئوغلى خۇنئاشام ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توستى. «ئاكامنى ئۆلتۈرگەن سەنمۇ؟» دەپ فەرپىزگە شەمشەر سالدى. فەرپىز چەبدەسلىك بىلەن بېشىغا سۇپەر تۇتۇپ، پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە چىڭ تىرەپ، مەھكەم تۇردى. خۇنئاشام جەھلى بىلەن يەنە شەمشەر ئۇرغانىدى، شەمشەر سۇپەرنى كېسىپ، فەرپىزنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىك كىرىپ كەتتى. فەرپىزنىڭ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويىلىپ، ئىگەرگە باش قويۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئىران لەشكەرلىرىدىن بىرى دەرھال ئاتلىق كېلىپ، فەرپىزنى ئېلىپ قاچتى. ئىران لەشكەرلىرى دىۋ كاۋۇسنى باش قىلىپ، مەغرىب لەشكەرلىرى بىلەن يەنە تۇتۇشتى. بىراق مەغرىب لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ ئىران لەشكەرلىرىنى قاچۇردى.

شاھزادە كاۋۇس ئىران لەشكەرلىرى بىلەن قېچىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى، مەغرىب لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئاخىرى بۇ لەشكەر ياردار ۋە مەجرۇھ پەھلىۋانزادىلەرگە يولۇقتى، قارىسا، فەرپىزى كاۋۇس يوق ئىدى. شۇ زامان لەشكەرلەرگە بارگاھلارنى يىغىشتۇرۇش ھەققىدە پەرمان بېرىلىپ، ئۆزلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مەغرىب لەشكەرلىرىنى قوغلاپ قەلئە ئىچىگە بەند قىلدى، ئىران لەشكىرى شەھەرنى قورشاپ قامال قىلدى.

ئەلقىسسە، بارگاھ - چېدىرلار كەلتۈرۈلۈپ، شەھەرنىڭ ئالدىغا تىكىلدى. ئوڭ ۋە سولغا قاتار قىلىپ باتۇرلارنىڭ چېدىرلىرى تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇسقا شاھزادە فەرپىزنى ئىزدەپ تېپىش بۇيرۇلدى. ئۇنىڭ ھالى قانداق بولغاندۇ؟

ھېلىقى قۇتقۇزۇپ چىققان ئەسكەر قاچا - قاچا بىر دەريا لېۋىگە كېلىپ، فەرپىزنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ ھوشسىز ياتاتتى. تۇس ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەتتى،

ئۆزىمۇ ئىزدىدى. ئاخىر ئۇنى دەريا لېۋىدىن تېپىپ، لەشكەرگاھقا كەلتۈرۈپ، جاراھىتىگە مەلھەم قويۇپ، تېۋىپلارنىڭ ياردىمىدە ساقايتتى.

ئەلقىسسە، بۇلار كېلىپ ھېچ جەڭ بولمىدى. داراب شاھ غەربىي دىياردىكى ھەممە تەرەپكە خەت ئەۋەتتى. ھەر تەرەپتىن مىڭ ــ مىڭلاپ، لەك ــ لەكلەپ باتۇرلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز مىڭ لەشكەر جەم بولدى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى شەھەردە، بىر قىسمى دەريا بويىدا ئىدى. مەغرىب لەشكەرلىرىنىڭمۇ بىر قىسمى دەريا ساھىلىغا ئورۇنلاشتى. يەتتە كۈنگىچە لەشكەر يۆتكەش داۋام قىلدى. غەربىي دىيارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن داراب شاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، باتۇرلار، سەردارلار ۋە لەشكەرلەر ياردەم ئۈچۈن يىغىلماقتا ئىدى. ئازاد چېھرىمۇ شىر يۈرەك تەھەمتەننى ھەمراھ قىلىپ لاۋۇ ــ لەشكەرلەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يەتتىنچى كۈنى كېلىپ، داراب شاھ بىلەن مۇلاقات بولدى. داراب شاھ تەھەمتەننى كۆرۈپ، تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇدى. كۆڭلىدە دېدىكى: «ئەگەر پالۋان بىزگە كۆڭۈل باغلىسا، ئۇنى ھىمات قىلىپ، ئىران ۋە تۇراندىن باج ئالسا، قانداق ياخشى بولاتتى ــ ھە!» ئۇ جاھان پالۋانغا بەكمۇ ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئەمما جاھان پالۋان بۇ تەرەپكە كېلىش ۋاقتىدا ساقال ــ بۇرۇتلىرىنى تامام قىردۇرۇپ، يۈزىنى خىنە بىلەن بوياپ، يۈزىگە ئەگلىك يېقىپ، كىشى مېنى تونۇمىسۇن دەپ، سۈرىتىنى ئۆزگەرتىپ يۈرەتتى. ھېچكىم رۇستەمنى تونۇمايتتى. مەغرىب زېمىنىنىڭ باتۇرلىرى رۇستەمنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشتى.

ئەلقىسسە، خېلى مۇددەت ئۆتتى. لېكىن ھېچ جەڭ بولمىدى، ئاخىر ئىران لەشكەرلىرى مالال بولۇپ، جەڭنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ تەرەپتىن جەڭ ناغرىسىنىڭ ساداسى ياڭرىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىسىدا جەڭ بولاتتى. ئالەم قۇياشى غەربكە پېتىپ، يەنە شەرق بۇرجىكىدىكى تەخت ئۆزرە بەرقارار بولۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرۇپ، نۇرلۇق جامالى بىلەن ئالەمنى روشەن قىلدى. **نەزمە:**

ھەۋا ساف ئىدى، شەھرۇ مەيدان ۋەسىئ، ھەر ئىككى سىپاھدىن چىقىپ غۇلغۇلە،
تەقابۇل بولۇپ ئىككى رايەت دەفىئ. تۇشۇپ ئول كۈنى بارچەغە زىلزىلە،
تۈزۈپ سەفنى ھەرسارى ئىرانىيان، سالىپ شورۇ غەۋغا ھەر ئىككى سىپاھ،
يەنە بىر تەرەف لەشكەرى ئادىيان. قىيامەت كۈنىدەك بولۇپ ھەشرىگاھ.

ئەلقىسسە ئۇ كۈنى شەھرى مەغرىب ئالدىدا ئىككى دەريايى لەشكەر تاقابىل بولۇپ، ھەيۋەتلىك سەپ تۈزدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن شامال كېلىپ كۆرپە ــ تۆشەك سالدى، بۇلۇت كېلىپ سۇ سەپتى، **نەزمە:**

تۇرۇپ ئېردى ھەر ئىككى سەف روبەرۇ، كېلىپ شەھنىڭ ئالدىدا شول دەم رەۋان.
چىقار ساردىن ئېردى ھەر مىڭ غۇلۇ، دېدى: ئەي شەھەنشاھى، مەغرىب دىيار،
جەھان پەھلەۋان رۇستەمى فىل تەن، بېرىڭ رۇخسەتى ئەيلەيىن كارى زار.
دىلاۋەركى پۇردىل بەسى رەسمى زەن. تەماشا قىل ئول چاغ مېنىڭ ئىشلارىم،
تۇشۇپ رەخش رەخشاندىن شول زەمان، ھەمە بەبرىيۇ شىر مېنىڭ مىشلارىم.

بۇ مەيدان ئارا تۇرفە كارى قىلاي ، دېسۇن ئافەرىن بارچە مەردانە مەرد ،
جەھان ئىچرە بىر يادىكارى قىلاي . قوپۇراي بولار جىسمىدىن تىرە گەرد .

بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ ، ئېتىغا مىنىپ جەڭ مەيدانىغا كەلدى ـ دە ، نەرە تارتىپ مەردى مەيدان تەلەپ قىلدى . ئىران لەشكەرلىرىدىن جاھانگىر مەيدانىغا كىرمەكچى بولۇۋىدى ، فەرامەرز ئىبىن رۇستەم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ : «ئەي بۇرادەر ، سەن تۇرۇپ تۇرغىن ، مەن باراي . پالۋان ئۆز ئىشىدىن ، ئىشچان ئۆز ھۇنىرىدىن مەلۇم دەپتىكەن . مۇبادا ساڭا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن » دەپ ، فەرامەرز ئېتىغا جەۋلان كىرگۈزۈپ ، ھەيۋەت بىلەن جەڭ مەيدانىغا كەلدى . شىر يۈرەك رۇستەمنىڭ ئالدىنى تەڭ ـ تەڭ توستى . شىرى جەيان چاقماق گۈلدۈرمامىسىدەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن نەرە تارتىپ :

ـــ ئەي پالۋان ، ئىسمىڭ نېمە ، نەسىل ـ نەسەبىڭ كىم ؟ قارىغاندا سەن بۇ غەربىي دىيار كىشىلىرىدىن ئەمەستەك قىلىسەن ، ـــ دېدى .

ـــ ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلىسەن ؟ ـــ دېدى رۇستەمى داستان ، ـــ ئىرانلىقلاردىن ھۇنەر سوراپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ ئەگەر مەقسىتىڭ نام سورۇشتە قىلىش بولسا ، مېنىڭ ئېتىمنى داراب ئاشۇفتە خۇي دەيدۇ . مەقسىتىڭ جەڭ قىلىش بولسا ، ـــ دەپ ئۇ شەمىرىنى چىقىرىپ فەرامەرزگە ھۇجۇم باشلىدى . فەرامەرز دەرھال بېشىغا سۇپەر تۇتۇۋالغانىدى ، رۇستەمى داستان شەمشىرى بىلەن فەرامەرزنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق ئۇرغان بولسىمۇ سۇپەردىن ئۆتكۈزەلمىدى ، بىر قانچە قېتىم شەمشەر سالسىمۇ بولمىدى . ئەمدى نۆۋەت فەرامەرزگە كەلگەنىدى . ئۇمۇ رۇستەمنىڭ بېشىغا بىر قانچە قېتىم شەمشەر سالسىمۇ نەتىجە چىقمىدى . ئاندىن كېيىن ئۇلار نەيزىۋازلىققا كىرىشىپ كەتتى . قانچە قېتىم نەيزىلەشكەن بولسىمۇ تەڭ چىقىپ قالدى . ئاخىر ئۇلار ئۇمۇتى گەرانلىرىنى چىقىرىپ سېلىشتى . رۇستەمى داستان تاغ مەسەللىك ئۇمۇتىنى پىرقىرىتىپ ، گۈلدۈرمامىدەك نەرە تارتىپ ، فەرامەرزنىڭ بېشىغا ئۈچ قېتىم ئۇمۇت ئۇردى . گۈرزە سۇپەر ئارىسىدىن ئاجايىپ ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى . گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ساداسى ئالەمنى بىر ئالدى . فەرامەرزنىڭ ئېتى تىزىغىچە يەرگە چۆكۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، فەرامەرز ، يەنىلا ئېگىلمەي تۇراتتى . ئۇ تۇرغان ئورنىدىن يۆتكىلىپ ، رۇستەمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ، ئۇمۇتىنى چىقىرىپ ، رۇستەمنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى ، چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما چاقنىغاندەك ئاسمان ـ پەلەك ئوت كۆتۈرۈلدى ، ئۇنىڭ ساداسى ھەممە تەرەپنى بىر ئالدى .

ئەي زابۇل بالىسى ، ـــ دەپ قىچقاردى رۇستەم ، ـــ بۇنىڭدىن چوڭراق گۈرزەڭ بولسا ئىشلەتكىن !

بۇنى ئاڭلىغان فەرامەرز قەھرى ـ غەزەپكە كېلىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇمۇت سالدى . رۇستەم ئالقىنىنى سۇپەر قىلىپ مەردلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى . ھەر ئىككىسى ئۇمۇتلىرىنى يەرگە تاشلاپ ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، كۈچتۈنگۈرلۈك كۆرسىتىشكە تەييارلاندى . ھەر ئىككىسى كەمەرلىرىدىن تۇتۇپ ، بەل ئېلىشىپ ، بىر ـ بىرىنى يۈز قەدەم ، ئىككى يۈز قەدەم ئارقىسىغا تۈرتۈشەتتى . ئاخىر جاھان پالۋانى رۇستەم فەرامەرزنى ھارغۇزدى ۋە دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى .

— بارغىن، — دېدى رۇستەم، — داداڭنىڭ ھەققىدە بېشىڭدىن ئۆتتۈم. ئەنە بۇرادىرىڭ جاھانگىر كەلسۇن. ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلمەن!

ئۇ ئېتىغا مىنىپ، لەشكەرگاھىغا قايتتى. جاھان پالۋانى رۇستەم مەغرىب شاھى دارابىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. داراب شاھ، ئازاد چېھرە ھەر ئىككى پادىشاھ رۇستەمنىڭ ئىشلىرىغا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى. پالۋاننىڭ بېشىدىن تاۋاق - تاۋاق ئالتۇن جاۋاھىرلار چاچتى. ئۇ كۈنى پۈتۈن پۇقرا پەخىرلەندى.

ئەلقىسسە، داراب شاھ رۇستەمگە كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى ۋە ئىنئام بەردى ئۇ كېچىسى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ شاراب ئىچىشتى. رۇستەمگە نەچچە قېتىم پىيالە تۇتتى، رۇستەم مەست بولۇپ قالدى.

— ئاجايىپ ئىش قىلدىڭ، — دېدى داراب شاھ، رەقىبىڭنى يىقىتىپ بولۇپ يەنە قويۇۋەتتىڭ. ھېچقانداق پالۋان مەيداندا ئۆز دۈشمىنىگە مۇنداق مەردلىك قىلمىغان.

— سەن سەۋر قىل! — دېدى رۇستەم، — ئەتە ھەر ئىككى ئوغۇلنى تۇتقۇن قىلىپ ئالدىڭغا كەلتۈرىمەن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خىلۋەت ھۇجرىسىغا چىقىپ ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

فەرامەرزمۇ مەيداندىن يانغاندىن كېيىن ئىران لەشكەرلىرى تەرەپكە كەلدى. ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ قالغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۆز ئارامگاھىغا قايتىشقانىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە جەڭ تەييارلىقىنى قىلىشتى. سۇبھى ۋاقتى بولغاندا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئالەمنى بىر ئالدى، فەرامەرزى شىر كېچىچە شاھزادە بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— ئەي يارانلار، — دېدى فەرامەرز، — بۇ مەغرىپ پالۋىنى ئاجايىپ غالىب باتۇر ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قەددى - قامىتى ۋە شەكىل - شامايىلى بىلەن ئاتام رۇستەمگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن. ئەمما رەڭگىنىڭ قارىلىقى، ساقالسىز - كۇسىلىقى ئوخشىمايدىكەن. مەن كۆڭلۈمدە شۇنداق گۇمان قىلدىمكى، ئۇ چوقۇم رۇستەمدۇر. شۇڭا ئۇ مېنى مەيداندا يىقىتقان بولسىمۇ، قوللىرىمنى باغلىماي، بېشىمنى كەسمەي: «ئاتاڭ رۇستەم ھەققىدە گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم، بارغىن، ئەتىكى جەڭگە بۇرادىرىڭ جاھانگىر چىقسۇن» دەپ رەھىمدىللىك قىلدى. بۇرادەرلەر بۇ مەغرىپ پالۋىنىنى ئاتام رۇستەم دەي دېسەم، ئۇنى «دەريادا غەرق بولۇپتۇ» دېگەن خەۋەر ئالەمگە مەشھۇر بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ نام - نىشانىسى تۈگەپ، ئاۋازى جاھان سەفھەسىدىن ئۆچكەن تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ مېنىڭ كۆڭلۈم بۇ سۆزلەرنى رەت قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى جاھانگىرغا سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئۇيقۇ ھەممىدىن غالىب كەلدى. ھەر قايسىسى ئۆز جايىغا قايتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

ئالەم قۇياشى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدىن باش چىقىرىپ، دۇنيانى يورۇتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى توپ - توپ، ئايماق - ئايماق، سەپ - سەپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ مەيدانغا ئاقاتتى. تېخى مەيدانغا ھېچكىم كەلمىگەندە جاھان پالۋانى رۇستەمى داستان شاھى دارابتىن رۇخسەت ئېلىپ، دۇمباق چېلىپ، بوراندەك گۈركىرەپ مەيدانغا كىرىپ بولغانىدى. ئۇ رەخشە نامىلىق تۇلپارنى ئويناقلىتىپ، ئوتتۇز ئىككى قېتىم سىپاگەرلىك مەشقى قىلغاندىن

كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلىدى :

— ئەي جاھانگىر ، قېنى سەن ؟ مېنىڭ مەيدانىمغا كەلگەيسەن ! مېنىڭ جېكىمگە جاھانگىردىن بۆلەك كىشى كىرمىسۇن !

شىر يۈرەك جاھانگىر بۇ نىدانى ئاڭلاپ ، ئۇچقۇر ئېتىنى ئويناقلىتىپ ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ھەيۋەتلىك باك سوقۇپ رۇستەمنى چاقىردى . رۇستەم مۇنداق دېدى :

— مېنى داراب ئاشۇفتە خۇي دەيدۇ . سېنىڭ ئېتىڭ نېمە ، نام ـ نەسەبىڭ كىم ؟ مېنىڭ ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرىشىڭدىن مەقسەت نېمە ؟ مېنى قانداق بىلىسەن ؟

— مېنىڭ ئېتىم جاھانگىر ئىبنى رۇستەمدۇر ، — دېدى جاھانگىر ، — فەرامەرزنىڭ بۇرادىرى بولىمەن .

— قانداق بولۇپ رۇستەمدىن تۇغۇلدۇڭ ؟ — دەپ سورىدى رۇستەم .

رۇستەم ئۆز ئوغلى سۇھرابنى تونۇماي ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈپ ، — دېدى جاھانگىر ، — ئۇنىڭ پىراقىدا ۋە يەنە كەيكاۋۇستىن كۆڭلى ئاغرىپ ، باياۋانغا قاراپ قەدەم قويۇپتۇ . ئاخىر مازەنداران مەملىكىتىنى سەيلە ـ تاماشا قىلىپ ، ئەمما ئاتلىق بىر كەنتتە مەسىھازاھىد دەپ بىر تۈزۈرگۈار بار ئىكەن . ئۇنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ قىرىق كۈن بولغاندا ، شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن ، بۇ چاغدا مەن ئانامنىڭ قورسىقىدا ئىكەنمەن .

— ئاتاڭ قانداق بولۇپتۇ ؟ — سورىدى رۇستەم .

— دادام رۇستەم دەريايى مۇھىتتا شىكار قىلىپ يۈرگەنىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى جاھانگىر ، — غەۋۋاس دىۋە رۇستەمنىڭ غاپىللىقىدىن پايدىلىنىپ ، دەس كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلىغانمىش . بۇنى بوۋام مەسىھادىن ئاڭلىغانىدىم . ھازىر ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ ، ئانام دىلنەۋاز سالامەت بار .

رۇستەم فەرامەرزنى بىلەتتى . لېكىن ئوغلى جاھانگىرنى بىلمەس ئىدى . ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپ نام ـ نەسەبلىرىنى سورىشىپ بولغاندىن كېيىن جەڭگە مەشغۇل بولدى . **نەزمە :**

بۇ ئىككى دىلاۋەر بولۇپ رو بەرو ،
تۇتۇشۇپ يەنە ئىككى فەرجاشە جۇي .
تۇتۇپ نەئرەسىدىن جەھانغە غۇلۇ ،
سۇرەر ئېردى رۇستەم مۇنى ملك قەدەم ،
تەقابىل بولۇپ ئىككى شىرى جەيان ،
بۇ ھەم تۇرتەر ئېردى ئانى يۈز قەدەم .
بۇلار كار ھاسىد ھەمە فىل دەمان .
تەھەمتەن جاھانگىرنى ئاجىز قىلىپ ،
كى شەمشىرى تىرەۋۇ تەبرى سىنان ،
بۇ رەڭلىككى قۇۋۋەتنى ناجىز قىلىپ .
يەنە خەشت فولاد گۈرزى گەران .
كۆتەرىپ باشىغە جەھان پەھلەۋان ،
بارىن ئىشلەتىپ بولدىلار بۇ ئىكۇ ،
جەھانگىرنى ئەيلەپ بەسى ناتەۋان .
ھەر ئىككىلەسىدىن چىقىپ چۇن غۇلۇ ،
قويۇپ يەردە ئايدىكى ، ئەي نەۋجەۋان ،
ئاڭا نە خەتەر بولدىيۇ ، نە زەفەر ،
مۇرادىڭنى بەرسۇن خۇدايى جەھان .
بەرابەر كېلىپ ھەر ئىككى شىرى نەر ،
ئاتاڭ باشى ھەققىدە قويدۇم بۇ كۈن ،
تۇشۇپ ئاتلارىدىن ، تۇشۇپ نامە جۇي ،
ئۆلەر ئېردى ئىللاھ ئاغاڭ تۇنە كۈن .

— ئەي جاھانگىر ، — دېدى ئۇ ، — قوشۇنىڭغا يېنىپ بېرىپ ، ئاكاڭ فەرامەرز بىلەن ئاخشىمى ئەل ئايىغى جىمىققاندا ، ئاۋۇ كۆرۈنگەن دەرەخ تۈۋىگە كەلگىن . ئۇ يەردە مەن ئوت

قالاپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇنى نىشان قىلىپ كېلىنگلار. سىلەرگە بىر - ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار، شۇ يەردە دېيمەن.

جاھانگىر لەشكەرگاھىغا ياندى. تەھەمتەننىڭ سۆزلىرىنى فەرامەرزگە يەتكۈزدى، ھەممە ھەيران قېلىشتى. ئۇلار «بارساق قانداق بولار، بارمىساق قانداق بولار» دېگەن ئەندىشىدىمۇ بولدى.

— ئىلمىي غەيبنى خۇدادىن باشقا بىلگۈچى يوقتۇر، — دېدى فەرامەرز، بەلكىم ئاتام رۇستەم بولسا كېرەك، ئەگەر ئۇ بولمىغان تەقدىردىمۇ، باتۇر بولغان كىشى مۇنداق جايدا زىيان يەتكۈزمەس. ئۇ جەڭ ۋاقتىدا ئۆلتۈرمەي، باغلىماي ياكى تۇتقۇن قىلماي ئەمدى قىلارمۇ؟ قايسى سەيياد تۇزاق قۇرۇپ، قولغا چۈشكەن ئوۋنى قويۇپ بېرسۇن؟ بىزمۇ يالغۇز بارماي، يوشۇرۇن ھالدا باتۇرلاردىن بىر نەچچىنى ئېلىپ بارايلى.

ئۇلار جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ، ئارامگاھلىرىغا كېلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بارگاھلىرىدا ئارام ئېلىشۋاتاتتى. ۋاقىت شام بولدى. فەرامەرز، جاھانگىر، فەرپىز، ئەردەشىر، تۇس ۋە گىۋسالادىن ئىبارەت بۇ ئالتە پالۋان شەمشەر ۋە خەنجەرلەر بىلەن قوراللىنىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنى رۇھام، گۇدەرزلەرگە تاپىلاپ، ئاتلىرىغا مىندى - دە، ئۇنى نىشانلاپ ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كەلدى. بۇلاردىن ئىلگىرى رۇستەم كېلىپ، ئازاد مېھرى بىلەن ئۇت قالاپ ئولتۇرۇۋاتقانىدى. شۇ كۈنى رۇستەم جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ، لەشكەرگاھىغا كەلگەندە، ئۇنى داراب، ئازاد چېھرە كۆرۈپ تەئەججۇپ بىلەن «ئەي پالۋان، غەلىتە ئىش قىلدىڭ، ھېچقانداق پالۋان بۇنداق ئىش قىلمىغان. قىلغان جەڭنى بىكار قىلىپ، قولغا چۈشۈپ بولغان رەقىبنى قويۇۋېتىپتىڭ» دېيىشكەنىدى. رۇستەم ئۇلارغا: «ئەي جاھان شەھرىيار، قورقماڭلار، ئۇلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، ئەتە كۆرسەن، ھەر ئىككىسىنى گەدىنىدىن باغلاپ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلارنىڭ ئىشى ناھايىتى ئاسان» دېگەنىدى.

كېيىن ئازاد مېھرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئازاد مېھرى، خېلى ۋاقىتتىن بېرى سەن مېنىڭ سىرىمنى پاش قىلمىدىڭ، ھېلىمۇ پاش قىلمىغايسەن. بىر سۆزۈم بار، ئۇنى ساڭا دېمەكچىمەن، — دېدى.

— ھەرقانداق سۆز بولسا ئېيتقىن، — دېدى ئازاد مېھر، — ئۇنى جان دىلىم بىلەن ئاڭلايمەن. سەن نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلىپ، ئەمر - پەرمانىڭدىن چىقمايمەن.

— ئەي ئازاد مېھر، — دېدى رۇستەم، — بىز ئىككىمىز ئىران ئەسكەرلىرى تەرەپكە بارايلى.

ئۇلار ئەنە شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئاتلىنىپ، غەربىي دىيار دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى دەرەخزارلىققا كېلىپ، ئوت يېقىپ ئولتۇرۇشقانىدى. جاھانگىر قاتارلىقلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، چاك - تۇزانلارنى قېقىپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. رۇستەم ئۇلارنى كۆرۈپ نەچچە قەدەم ئىلگىرىلەپ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى چېدىر ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئالتە پالۋان سەپ بولۇپ چېدىر ئىچىگە كىردى. رۇستەم ئۇلارغا ناھايىتى مۇلايىم ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلدىكى، ھېچقانداق باتۇر جەڭدىكى رەقىبلىرىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتى. ئۇلار ھەر تەرەپتىن سۆزلىشىپ، كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتىشىپ تونۇشتى. تەھەمتەن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى

بىلىندۈرمەي، ئۆزىنىڭ ئىران مەملىكىتىدىن چىقىپ، ئەفراسىياب بىلەن كەيكاۋۇ ئارىسىدا بولغان ۋەقەلەرنى، زالى زەر، رۇدابە ئەھۋالىدىن سۆزلەپ، بارچە ئۇرۇق-قاياش، پەرزەنتلەرنىڭ سالامەتلىكى، مەملىكەت ۋە شاھ كاۋۇس ئەھۋالىدىن سۆز سورىدى. فەرامەرز ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. زال رۇدابەنىڭ ئەھۋالىنى دەۋاتقاندا، رۇستەمنىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش كەتتى، ئىختىيارسىز ھالدا ئاھ تارتىپ يىغلىدى. فەرامەرز بىلەن جاھانگىر ئۇنىڭ مۇنداق ئاھ تارتىپ يىغلىغىنىدىن رۇستەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاياغلىرىغا يىقىلدى، سۆيۈنۈپ كۆرۈشتى. ئاندىن فەرىپىز، زەۋارە، تۇس، گىۋ گۇدەرزلەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇستەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈشتى. ئەمما ئازاد مېھر بۇلارنىڭ مۇنداق ئىززەت-ئىكرامىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى. بۇلار زابۇل زۇۋانى — پەھلەۋى تىلى بىلەن سۆزلىشەتتى، ئازاد مېھر ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇقالمايتتى.

فەرامەرز، جاھانگىر باشلىق ئالتە پالۋان رۇستەمنى ئۆز بارگاھلىرىغا تەكلىپ قىلىشتى. رۇستەم ئازاد مېھرنى ھەمراھ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئۇ پالۋانلارغا خاس كۇرسى ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. تامام پالۋانلار رۇستەمگە كۆرۈنۈش قىلدى. رۇستەم ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، كۆپ دىلنەۋازلىق قىلاتتى. ئاندىن ھەممە تاجدارلارغا رۇخسەت بېرىلدى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۇخلاش ئورۇنلىرىغا قايتىپ دەم ئېلىشتى. رۇستەم جاھانگىرنىڭ ھەشەمەتلىك ياتىقىدا ئازاد مېھر بىلەن راھەت ئۇيقۇسىغا كەتتى.

ئەلقىسسە، ئالەم قۇياشى جاھاننى روشەن قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى مەيدانغا چىقىشىپ سەپ تۈزدى. مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدىن ياڭرىغان ناغرا-كاناي ئاۋازى پەلەككە يەتتى. داراب شاھ پالۋان رۇستەمنى لەشكەرگاھىدا كۆرمىگەچكە «نەگە كەتتى؟» دەپ ئازاد چېھرىدىن سورىدى.

— ئاخشامدىن بېرى كۆرمىدىم، — دېدى ئازاد چېھرە.

رۇستەمنىڭ چېدىر بارگاھىغا كىشى ئەۋەتتى. قانچە تەپتىش قىلسىمۇ رۇستەم بىلەن ئازاد مېھرنى تاپالمىدى، ئاخىر ئىران ئەسكەرلىرى تەرەپكە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. ئۇلار بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىشتى. داراب شاھ چارىسىز ھالدا، جەڭ قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭ باشلىۋەتتى. مەغرىب تەرەپتىن بىر پالۋان مەيدانغا كىردى، ئىران لەشكەرلىرى تەرىپىدىن شىر يۈرەك رۇستەم رەخشە ناملىق تۇلپارىغا مىنىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئالدىنى توسۇپ، شۇنداق ھەيۋەتلىك نەرە تارتتىكى، تاغ-سەھرا لەرزىگە كەلدى. ئۇ غەربىي دىيارغا كېلىپ ئەسلا نەرە تارتىپ باقمىغانىدى. بۇ نەرە ساداسىدىن مەغرىب لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قورقۇنچ بېسىپ، قېچىشقا تەييارلاندى. چۈنكى ئۇلار فەرامەرز ۋە جاھانگىردىن قورقۇپ تۇرغاندا، رۇستەمنىڭ نەرىسىنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىرى يېرىلغۇدەك بولدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىدە داراب شاھنىڭ ئەمر-پەرمانىدىن قورقماي، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى. بەزىلىرى ئۆلۈمگە ئۆزلىرىنى تىكىپ، مال-دۇنياغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىدا سەئي قىلاتتى. داراب شاھ رۇستەمنى مەيداندا كۆرۈپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئىلاجىسىزلىقتىن باشقىلارنى جەڭ

قىلىشقا تەرغىب قىلاتتى. شۇ ئەسنادا بويىنىڭ ئېگىزلىكى يۈز سەكسەن قېرى كېلىدىغان بەھرام ئادى ئاتلىق بىر پالۋان مەيدانغا چۈشۈپ، رۇستەم بىلەن مۇقابىلە بولۇپ تۇردى. ئۇ ھەيۋەت بىلەن باڭ سوقۇپ:

— ئەي ھىيلىگەر مەككار، بىزلەرگە خىيانەت قىلىپ، ئۆزۈڭنى ئىران لەشكىرىنىڭ قوينىغا ئاتتىڭ. ئۇلاردىن نېمە كۆردۈڭ، داراب شاھ، ئازاد چېھرىنىڭ سۆھبىتىنى نەزەرىڭگە ئىلماي، ئىرانىيلار سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلىپسەن، — دەپ شەمشادتەك چوڭ گۇرزىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇ، رۇستەمنىڭ بېشىغا شۇنداق سالدىكى، رۇستەم بېشىغا دەرھال سۈپەر تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى قايتۇردى. ئۇنىڭ گۇرزە ساداسىنىڭ گۈلدۈر — گۈلدۈرى ئالەم قۇلىقىنى گاس قىلىپ، گۇرزە — سۈپەر ئارىسىدىن چاقنىغان ئوت ئەتراپىنى قاپلىدى. رۇستەم نۆۋەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، شاھى فەرىدۇندىن قالغان ئومۇتىنى ئېلىپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ تۇردى، بەھرام شەمشادنى تاشلاپ پولات نەيزە بىلەن رۇستەمنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. رۇستەم چەبدەستلىك بىلەن ئومۇتىنى تاشلاپ، سۈپەرنى يۈزىگە تۇتۇپ، شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ، ھەيۋەتلىك باڭ چېلىپ دېدى، نەزمە:

ئۆتتۇب نەۋبەتىڭ، يەتتى نەۋبەت ماڭا، نە شەھرۇ نە لەشكەر، نە ھېچ پەھلەۋان،
كۆرۈپ تۇر، نەلەر كۆر گۇرزۇرمەن ساڭا. قۇتۇلماس قولۇمدىن مېنىڭ بىگۇمان.
نە داراب قالغاي، نا ئازاد چېھر، ئاتىمنى ئىشتىكلىكى ئەي بەد نەژاد،
ئىچەر جامى رۇستەمدىن زەربى زەھر. بەلەند قەدلىكىڭگە بەسى بولما شاد.
نە دىۋ زەڭگىيۇ ۋەر نە ئادىلارىن، ئاتىمدۇر تەھەمتەن جەھان پەھلەۋان،
ئەدەم ئەيلەيىن بارچە جادۇلارىن. قويۇپدۇر ماڭا رۇستەمى داستان.
جەھان سەفھەسىدىن قوياي بىر نىشان، كى مەنشۇرى نامىم ئىشتكەن ھەمە،
ئەگەر بەرسە نۇسرەت خۇدايى جەھان. كى زەربى قىلىچىم دېگىل غەم يېمە،

دېدى. ئارقىدىنلا بەھرامنىڭ يەنە شەمشەر ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگىنىدىن پايدىلىنىپ، شۇنداق ئۇردىكى شەمشەر ئۇنىڭ سول بېقىنىدىن ئوڭ قولتۇقىغىچە سانجىلىپ، ئۇنى ئىككى ھەسسە قىلىۋەتتى. بەھرام مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى ئېگىز سۇۋادانىدەك يىقىلدى ۋە جېنى جەھەننەمگە كەتتى. بەھرام مەغرىب لەشكەرلىرىنىڭ زور ئىشەنچىسى ئىدى. بارچە ئادىلار، زەڭگىلەر ۋە دىۋلارنىڭ ھەممىسى بەھرام ئادىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ ھەممىسى قېچىشقا باشلىدى. بەھرام ئادىنىڭ ئەرقام ئىسىملىك بىر بۇرادىرى بار ئىدى. ئۇ بەھرامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەيدانغا قاراپ ماڭدى — دە، نەرە تارتىپ كېلىپ، رۇستەمنىڭ ئالدىنى توستى. رۇستەم ئېتىدىن چۈشۈپ، ئەرقام بىلەن نەسل — نەسەبلىرىنى سوراشقاندىن كېيىن جەڭگە تۇتۇش قىلدى. ئەرقامنىڭ ئون ئىككى جۈپ تۆگەمەن تېشى بېكىتىلگەن بىر بەلارەكى (يالترىاق قىلىچ) بار ئىدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇپ بولغۇچە رۇستەم ئۇنىڭ كەمرىنى نىشانلاپ شۇنداق چاپتىكىم، ئۇ قومۇشتەك قەلەم بولۇپ كەتتى. نەزمە:

مۇھەررەف تۇتۇپ چاپتى ئول شىرى نەر، مۇنى كۆرگەچ ئول ئىككى شاھۇ سپاھ،
قومۇشدەك قەلەم بولدى جەننارە تەر. يۈگۈرتۈپ ئاتىن كەلدىلەر رەزمگاھ.

ھۇجۇم ئەتتىلەر بارچە لەشكەر كېلىپ، رۇھام، فەرپىزى كوي كىردى ھەمە،
چۇ باران كەبى ئوق ھەۋادىن كېلىپ. فەرامەرز بىلەن تۇسى نەۋدەر ھەمە.
بۇ جانىب ھەمە ئات سالىپ كۆپ دەلىر، بۇلار كەيىندىن جۇملە ئىرانىيان،
جەھانگىرۇ ھەمدە فەرامەرزى شىر. بولۇپ رەزمكار ساز ئول دەم رەۋان.

پالۋانلار، باھادىرلار ھەر تەرەپ، ھەر جانىبدىن مەيدانغا ئات سالدى. مەغرىب لەشكەرلىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇردى. بىر تەرەپتىن رۇستەم، بىر تەرەپتىن فەرامەرز، يەنە بىر تەرەپتىن جاھانگىر لەشكەرلىرى مەغرىب لەشكەرلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ھالاك قىلىپ، دىمىغىدىن دۇت ئۆرلەتتى، ئۈستىخاندىن تاغ ياسىدى، قان بىلەن دەريا ئاققۇزدى، باش بىلەن مۇنار قوپۇردى. داراب شاھنىڭ تۇغ ـ ئەلەمگە يېتىپ كېلىپ، ئۇنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. دارابنىڭ گۇرزە ـ گەران، شەمشەرلىرىنى پىسەنت قىلماي، كەلگەچكە قول ئۇزۇتۇپ، كەمىرىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا تارتىپ ئېگىز كۆتۈرگىنىچە بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، شۇنداق ئۇردىكى، زىرۇ زەبەر بولدى. ئازاد چېھرە بۇنى كۆرۈپ قاچتى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبىسىگە تەڭ كېلەلمىگەن مەغرىب لەشكەرلىرى تەسلىم بولۇشنى ئىختىيار قىلدى. رۇستەم داراب شاھقا پەندۇ نەسىھەت قىلىپ:

— ئۆلۈمدىن قۇتۇلاي دېسەڭ، ھەقتائالاغا ئىمان كەلتۈر، پادىشاھ كەيكاۋۇسقا ئىتائەت قىلىپ، قۇللۇق زىرەسىنى قۇلىقىڭغا سالغىن، بولمىسا ھازىرلا ئىشىڭ تامام بولىدۇ، — دېدى.

داراب بەك ھاكاۋۇر ئىدى. شۇڭا باش ئېگىشنى خالىماي، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈدى، رۇستەم دارابنى كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، قوۋۇرغىلىرى لەخشە ـ لەخشە بولۇپ، ئۈستىخانلىرى خەشخاش دانىسىدەك چېچىلىپ، جېنى جەھەننەمگە كەتتى.

فەرامەرز بىلەن جاھانگىر بولسا ھەر تەرەپتە جەڭ قىلىپ، گوياكى يايلاقتا بۆرە چاپقاندەك، مەغرىب لەشكەرلىرىنى قوغلاپ، ھەممىسىنى قاچۇردى. فەرامەرز دارابنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى خۇنئاشام بىلەن ئېلىشىپ، جېنىنى جەھەننەمگە يوللىدى، جاھانگىر زەھرئاشام ئاتلىق كىچىك ئوغلى بىلەن جەڭ قىلىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، نەيزە ئۇچىغا سانجىپ سازايى قىلدى. جەڭ شۇنداق قاتتىق بولدىكى، گوياكى قىيامەت كۈنىدەك ھەممە ياقنى نالە ـ پىغان ئاۋازى قاپلىدى. تىرىك قالغان لەشكەرلەر ئەل ئامان دەپ ئىمان ئېيتىپ، ئۆلۈمدىن ئامان قالدى، بەزىلىرى قېچىپ ھەر تەرەپ كەتتى.

رۇستەم قولىنى جەڭدىن يىغىپ، بارچە لەشكەرلەر ئارامگاھلىرىغا كېلىشتى. ئەمما دارابنىڭ مېھراب ئاتلىق بىر بۇرادىرى بار ئىدى. ئۇمۇ جەڭدە قولغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىش دالالەت قىلىنغانىدى، مېھراب نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، پەرمانغا بويسۇندى. ئۇ دارابنىڭ قىزى دىل ئەفرۇز بانۇغا ئاشىق ئىدى. ئۇ جاھان پالۋانى قېشىغا كېلىپ ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتتى. مېھرابنىڭ تەلپى بويىچە مەلىكە دىل ئەفرۇز ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ قويۇلدى ۋە ئۇ داراب شاھنىڭ ئورنىغا پادىشاھلىققا تەيىنلەندى. دارابنىڭ يەنە بىر قىزىنى رۇستەم نىكاھىغا ئالغانىدى، ئۇ بىر قىز تۇغدى، قىزىغا فەرىدە دەپ ئات قويۇلدى. بۇ ھەقتىكى قىسسىنى ۋاقتى كەلگەندە ئاڭلارسىز.

ئەلقىسسە، فەرامەرز بىلەن جاھانگىر ئاتىسى پالۋان رۇستەمنى ئىران تەرەپكە بېرىشقا

تەكلىپ قىلدى، زال رۇدابەنى ئارىغا سېلىپ، دەلالەت قىلدى. رۇستەمى جاھان غەربىي دىياردىكى ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەر شەھەرنىڭ خەزىنىسىدىن خەزىنە ـ دەپىنىلەرنى ئېلىپ، كەيكاۋۇس نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىران لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ، ئىران تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار مەنزىل ـ مەراھىللارنى كېزىپ يول ماڭغاچ تۇرسۇن، ئەمدىكى گەپنى ئەفراسىيابتىن ئاڭلاڭ.

فەرامەرز بىلەن جاھانگىرنىڭ غەربىي دىيار ۋىلايىتىگە بارغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەفراسىياب ناھايىتى خۇشال بولدى. بۇ ھەقتىكى ۋەقەلەرنى شۇنداق كەلتۈرۈپتۇركىم: «فەرامەرز، جاھانگىر ۋە يەنە سەردارلاردىن بىر نەچچىسى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن غەربىي دىيارغا كەتكەنمىش. ئىران مەملىكىتى خالىي قالغانمىش. كەيكاۋۇس زالى زەر بىلەن فارس شەھىرىگە كېلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانمىش.» يەنە يېقىن ئەتراپتىكى فەرخارە ئاتلىق بىر لەنىتى دىۋە ئەفراسىيابنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئەي شاھى تۇر، مەن رۇستەم ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم. دىۋە سەفىدنىڭ بۇرادىرى ئەكۋان دىۋىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچىمەن. رۇستەمنى ياكى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرەرىنى تاپسام، يەر بىلەن يەكسان قىلغايمەن. كۆرۈپ تۇرغىنىكى، مەيلى كاۋۇس، مەيلى زال ۋە مەيلى گۇدەرز باشلىق ئىران لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلمىسام، لەشكرى ئىرانغا تالان ـ تاراج سالمىسام، فەرخارە دىۋە بولماي قالاي.»

ئەفراسىياب بۇ دىۋىنىڭ لاپ ـ قاپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، بىرمۇنچە لەشكەر بىلەن ئىران ھاۋزىسىغا ئاتلاندى. ئاۋۋال پىران ۋىسەنى ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن يولغا سالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەفراسىياب يۈز مىڭ ئەسكەر بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئەفراسىيابنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە فەرخارە دىۋە، چەپ قول تەرىپىدە گەرسىۋەز نامەدار باراتتى.

ئەلقىسسە، ئەفراسىياب بۇ لەشكەرلەرگە ئىشەنچ قىلىپ ئىرانغا قاراپ يول ئالدى. مەنزىل ـ مەراھىللارنى كېزىپ، بۇ يەرگە يەتكۈچە پىران ۋىسە ئون مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ بەلىخنى مۇھاسىرىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇمان ۋىسە يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ، بەلىخنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئەفراسىيابنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى. بۇ شەھەردە يەتتە كۈن تۇرۇپ، شىرازغا قاراپ يول ئالدى، يىراق مەنزىللەرنى كېزىپ خۇراسان ۋىلايىتىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەفراسىيابمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى تۇرۇپ ئەتىسى ئاتلىنىپ ھەر تەرەپكە لەشكەر ئەۋەتتى. ئىران ۋە خۇراسان مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلىپ، شىرازغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا قاراۋۇللار ئەفراسىياب لەشكەرلىرى كەلدى، دەپ كەيكاۋۇسقا خەۋەر يەتكۈزدى. بۇلار ئەفراسىيابنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شىراز شەھىرىنى تاشلاپ، تاغ بېشىدىكى فارس شەھىرىگە قاچتى. بۇ شەھەر ھەززىتى ئادەم زامانىسىدا بىنا قىلىنغانىدى. بۇ شەھەرگە زالى زەر ۋە گۇدەرز باشچىلىقىدا ھەممە ئىرانلىقلار يىغىلىپ، بىر كەنتتە ماكان تۇتتى. فەرامەرز، جاھانگىرغا خەت ئەۋەتتى، ئۇ ئەتراپ ـ جانىبتىن لەشكەرلەرنى جەملەپ، ئەفراسىياب جېڭىگە ئەۋەتتى. كۆزەتكۈچىلەر ئەفراسىيابنىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ھەممە

خالايىق قوزغىلىپ، شەھەرنى مۇستەھكەملىدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، باياۋان تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆرۈندى. قارىغۇدەك بولسا يۈز نەچچە تۈغ ـ ئەلەملىك لەشكەر بىلەن ئەفراسىياب كۆرۈندى. نىشانە يۈزمىڭ لەشكەردىن دېرەك بېرەتتى.

بۇ لەشكەرلەر كېلىپ شەھەر ئەتراپىنى قورشىدى. يەتتە كۈنگىچە تۇران لەشكەرلىرى كېلىپ بولدى، ئىران لەشكەرلىرى ئۆلارنى ھەر كۈنى تاماشا قىلاتتى.

ئەلقىسسە، كەيكاۋۇسقا مۇنداق خەۋەر قىلىشتى: «مەغرىب زېمىن ۋىلايىتىدىن جاھان پەھلىۋانلىرىدىن فەرامەرز، جاھانگىر، شەھزادە، فەرپىز، ئەردەشىر، تۇس، گىۋ، رۇھام ۋە باشقا لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە ئۈچ كۈنلۈك يېقىن ئارىلىققا ساق ـ سالامەت كېلىپ بولدى.» كەيكاۋۇس رۇستەمنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، خۇشال ـ خۇرام بولدى. شۇ ھامان پەرمان قىلغانىدى، داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئالەمنى قاپلىدى. كەيكاۋۇس زالى زەرنى، گۇدەرزى كەشۋادنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— تەھەمتەن پەرزەنتلىرى بىلەن كېلىۋاتقانمىش.

بۇنى ئاڭلاپ زال ۋە پىررۇشەنمۇ شادلاندى. بۇ ئىككى باتۇرغا بىر قانچە سەردارنى قوشۇپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

بۇ خەۋەرنى ئەفراسىياب ئاڭلاپ، دىمىغىدىن دۈت ئۆرلەپ، يۈرىكىگە دەز كەتتى.

— ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! — دېدى ئەفراسىياب، — ھەممە ئىمكانىيەت تۈگىدى. ئەگەر رۇستەم ئۆلمەي تىرىك كەلگەن بولسا، نە فەرخارە ۋە نە پەھلىۋان كامكار تىرىك قالىدۇ؟ فەرامەرز باشلىق ئىران لەشكەرلىرى كەلسىغۇ مەيلى، ئەمما رۇستەمنىڭ سالامەتلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم يوق. ھەر ھالدا خەۋەرسىز قالمايلى، — دەپ پىران ۋىسەنى تۇران لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ھەممە تۇران لەشكەرلىرى يىغىلىپ، كەنارە تېغى ئېتىكىدە سەپ تۈزۈپ تۇردى. بۇ تەرەپتىن ئىران لەشكەرلىرى شەھەرنىڭ ئالدىدىكى دەريا ساھىلىدا سەپ تۈزدى. جەڭ ناغرىسى ۋە كارناي يەنە ياڭرىدى. ئۇ كۈنلەردە ئەفراسىيابنىڭ لەشكىرى كۆپ، كەيكاۋۇسنىڭ ئاز ئىدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇشاتتى.

بۇ ئەسنادا فەرخارە دىۋە ئەفراسىيابتىن رۇخسەت سورىدى، ئافراسىياب ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. بۇ دىۋە گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن مەرىكە مەيدانىغا كېلىپ، قارشى تەرەپتىن مەيدانغا ئادەم چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىران لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ھېچكىم مەيدانغا چۈشۈشنى خالىمىدى. توساتتىن باياۋان تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپ كۆزىتىپ تۇردى. قاراپ كۆردىكى، نەچچە فەركالە تۈغ ـ ئەلەم بىلەن ئەجدىھادەك ھۆركىرەپ، شىردەك ۋارقىرىغان لەشكەرلەر توپى نامايان بولدى، ئەفراسىياب ھۇمان ۋىسە بىلەن كېڭەشتى.

— سەۋر قىلغىن، بۇ دىۋىنىڭ جاڭگاللىرىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى پىران ۋىسە.

**نەزمە:**

بۇ رەڭدۇركى رەسمى سەرايى كۇھۇن، بىرەۋنى قىلۇر ئەيش ئىلە كامران.
قىلۇرگاھ بەلەندۇ گەھى سەرنىگۇن. بىرەۋنى داغى زەئىف ئىلە ناتەۋان.

بىرەۋگە بېرىپ تاجى زەررىن كەمەر . قىلىپ ئاقىبەت بىرنى ئول خاكى راھ .
بىرەۋنى قىلىپ خار ئول دەر بەدەر . فەلەك كارى بارىدا يوق ئىئتىدال ،
بىرەۋگەكىم ئەۋجىئى ھەممەتدە جاھ ، ئۇرۇج ئەيلەسە بىر كۈن ئولغاي زەۋال .

ئەلقىسسە ، رۇستەم جاھانگىرنى كۆرۈپ ، ھېسابسىز لەشكىرى بىلەن كېلىپ ، كەيكاۋۇسقا قوشۇلدى . فەرخارە دىۋە رۇستەمنى فەرامەرز ۋە جاھانگىرنى كۆرۈپ ، مەيدان ئوتتۇرىسىدا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى . رۇستەم كەيكاۋۇس بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئاتىسى زال بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ يىغلاشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىكلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، سەپكە كېلىپ ئورۇن ئالدى . مەيدانغا بىرى چۇشۇپ دىۋە بىلەن ئېلىشاي دەپ تۇرغاندا تاغ تەرەپتىن يۈزىگە نىقاب تارتقان بىرى كېلىپ ، ئات چاپتۇرغىنىچە فەرخارە دىۋىنىڭ ئالدىنى توستى . ھەيۋەتلىك باك ئۇرۇپ ، ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ :

— ئەي بەتبەشرە ، دەرھال جايىڭغا قايت ، بولمىسا بەدىنىڭنى ئوتمىتوشۇك قىلىپ ، ئاۋازىڭنى جاھان سەھىپىسىدىن ئۆچۈرگەيمەن ، — دېدى .

دىۋىنىڭ غەزەپ ئوتى لەك ئۇرۇپ ، ئۇنى كۆزىگە ئىلماي ، خەنجەر بىلەن ئۇراي دەپ تۇرغاندا ، ئۇ نىقابدار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، تاغ تەرەپكە قاچتى . فەرخارە دىۋە ئارقىسىدىن قوغلاپ تاغقا بارغاندى ، ئۇ كۆزدىن غايىب بولدى . ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى تەئەججۇپلەندى . بۇلار قاياققا كەتكەندۇر دەپ كۆزەتچى ئەۋەتىشتى . ئاخىر نىقابدار يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ ، رۇستەم فەرخارە دىۋىنىڭ ئىزىچە تاغ تەرەپكە يول ئالدى . تاغقا بارغاندىن كېيىن بىر جىلغىغا كىردى ، دىۋىنىڭ ئىزىنى ئۇچرىتىپ ، شۇ ئىز بىلەن يەنە بىر تاغقا يەتتى .

ئۇ نىقابدارنىڭ قىسسىسى مۇنداق بولغانىدى : ئۇ نىقابدار شامال تېزلىكىدە قېچىپ كېتىۋېتىپ ، فەرخارە دىۋە ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتقۇدەك بولغاندا ، چاپقۇر ئېتىنى سەكرىتىپ تاغ ئۈستىگە چىقتى ـ دە ، قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ ، ئۇنى بەتلەپ تارتىپ تۇرۇپ :

— ئەي پالۋان ، ئارقىڭغا قايت ! مەن ئوقۇشماي سېنىڭ مەيدانغا كىرىپ قاپتىمەن، ئەپۇ قىلغىن ، ماڭا ئامانلىق بەرگىن ، — دەپ يالۋۇرغان بولۇپ ، قوۋۇرغىسىنى نەقلەپ ئوق ئۈزگەنىدى ، ئوق قۇلاق تۈۋىگە تېگىپ ، سول قولتۇقىدىن چىقىپ توختىدى . دىۋە يىقىلىپ يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى ، تاغ بېلىدىن غۇلاپ تۈۋەنگە چۈشكۈچە خېمىردەك بولۇپ كەتتى . نىقابدار تاغدىن چۈشۈپ ، دىۋىنىڭ بېشىنى كېسىپ ، قولتۇقىدىن تېشىپ ، شۇ يەردىكى بىر تۈپ چىنارنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويدى ۋە ئۆز جايىغا كەتتى .

رۇستەم گىۋى گۇدەرز بىلەن ئاتلىنىپ ، دىۋىنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىپ ، جىلغا بويلاپ نەچچە پەرسەك يول ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر تاغقا يەتتى . بىر يەرگە كەلسە ، دىۋىنىڭ جەسىتى قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ ، ئەمما بېشى يوق ، جەسىتىگە قانچە قاراپ باقسىمۇ بىرەر جايىدا زەخىم يوق ئىدى .

— ھەقىقەتەن چوڭ پالۋان ئىكەن ، مۇنداق ھەيۋەتلىك دىۋىنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرگەندۇر ؟ — دېيىشتى ئۇلار .

ئۇلار قايتىۋېتىپ ، بىر تاغقا قارىسا ، تاغ تۆپىسىدە بىر تۈپ چىنار ، چىنارغا فەرخارە دىۋىنىڭ بېشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ . رۇستەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گىۋ ئېتىدىن چۈشۈپ ، چىناردىن دىۋنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلدى . رۇستەم ئۇنىڭ بېشىدىن ئوقنى تارتىۋېلىپ ، سۇدا يۇيۇپ ، ئوق بېشىغا قارىغانىدى . مۇنداق بىر خەت پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ . **نەزمە :**

ئاتىمدۇركى گۇرشەست بانۇ مەنەم ،
نەژادىمدۇرۇر ئىبنىكى رۇستەمەم .

ئەلقىسسە ، رۇستەم ئوقنى كەيكاۋۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە نىقابدارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى . كىشىلەر ئوقنى كۆرۈپ ، نىقابدارنىڭ بۇ ئىشىغا تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇشتى . ھەممە كىشى بىلدىكى ، كەلگۈچى رۇستەمنىڭ قىزى گۇرشەست بانۇ ئىكەن . كەيكاۋۇس : «رۇستەمگە كىشى ئەۋەتىپ ، بالاغەتكە يەتكەن گۇرشەست بانۇنى بىرەر كىمگە نىكاھ قىلدۇرۇۋاتساق » دەپ ئويلىغانىدى . رۇستەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ :

— مەن گۇرشەست بانۇنى شۇنداق كىشىگە بېرىمەنكى ، ئۇ شاھ ئەنجۇمەنىدە ھەممىدىن غالىب بولغاي ، شاھ بۇ ھەقتە سۆزلىمىسۇن ، — دەپ ، كەلگۈچىگە بىر مۇنچە قاتتىق سۆزلەرنى قىلىپ يولغا سالدى . بۇ سۆز شاھ كەيكاۋۇسقا ئەينەن يەتكۈزۈلدى ، كەيكاۋۇس ئاڭلاپ ، جىم بولۇپ قالدى .

سۆزنى ئەفراسىياب تەرەپتىن ئاڭلاڭ . ئۇمۇ دىۋنىڭ كەينىدىن جاسۇس ئەۋەتكەنىدى . جاسۇسلار دىۋنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ ، كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىلدى . ئەفراسىيابنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى ۋە قېچىشنىڭ پېيىگە چۈشتى . «تامامى لەشكەرنىڭ سەردارلىرىنى جەملەپ ، زەربىدار قىسىملارنى ئىلغاپ ، شاھنى ھىمايە قىلىشقا كېلىۋىدۇق . ئەسكەرلەرنى بىھۇدە زايا قىلمايلى . بۇ كېچە ئىرانىلار تۇيماي قالسۇن بۇ يەردىن كۆچۈپ ، تۇرانغا كېتەيلى ؛ ئەگەر جەڭ قىلساق ئۇ سەگزىگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز ، ئۆلگۈچە جەڭ قىلساقمۇ ئۇ ئەجدىھا سۈپەت باتۇرلارنى يېڭەلمىگۈدەكمىز ، ھەممىمىزنى بىراقلا يوق قىلغۇدەك » دېيىشتى ئۇلار . **نەزمە :**

قۇرۇغدا پەلەگدۇر ، سۇ ئىچرە نەھەڭ ، نە تەبىر ئېتەرمىزكى ، ئەي كامىياب ؟
كىشى كۆرمەگەن بۇ كەبى شىرى جەڭ . چۇ ئەقلى فەرىد بىرلە ھۇشيارسەن ،
يانا بولدى پەيداكى بۇ ئەژدىھا ، يەنە فەھمۇ دانىشدە بىدارسەن .
مۇنىڭ بەندىدىن يوق كىشىگە رەھا . نە رەڭ مەسلىھەت كۆرسەتۇرسەن بۇ كۈن ؛
دېدى شاھى تۇرانى ئەفراسىياب ، كۆكۈلدە بولۇپ دەردۇغەم تۈنۇ كۈن .

— شاھىم ! — دېدى پىران ۋىسە ، — تىرىكلىكنى غەنىيمەت بىلىپ كەلگەن يولىمىز بىلەن ئاستا قايتايلى ، جەيھۇن بويىغا ئۆزىمىزنى ئېلىۋالايلى . بىز جەڭ قىلماي يولغا كىرسەك ، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىمىزدىن كېلىدۇ .

ئەفراسىيابنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇلار بار - يوقىنى قېچىرلىرىغا يۈكلەپ ، شام - پانۇسلىرىنى يېقىپ يولغا چۈشتى ، ئارقا تەرىپىگە ھۇشيار بولۇپ ، تۇران زېمىنىغا قاراپ ماڭدى .

ئەلقىسسە ، لەشكىرى ئىران ئۇلارنىڭ كەتكىنىدىن ۋاقىپ بولۇپ ، كەيكاۋۇس بىلەن

رۇستەمى داستانغا خەۋەر قىلىشتى .

— ئەي پالۋانى تاج بەخش ، — دېدى كەيكاۋۇس رۇستەمگە قاراپ ، — تۇر ئورنۇڭدىن ، لەشكەرلەر ئەفراسىيابنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ، جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ يانسۇن .

فەرامەرز ، جاھانگىر ، شاھزادەئى فەرپېزلەر بېھېساب لەشكەر بىلەن ئەفراسىيابنى قوغلاپ يولغا چىقتى . شاھ تەھەمتەن ئۈچۈن يىغىلىش ئۆتكۈزۈلۈپ ، قالغان ئۇلۇغلار شاراب ئىچىشتى . لەشكىرى ئىران تۇران ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ ، شۇنداق جەڭ قىلدىلەركى ، تۇرانىلار بارچە نەرسە - كېرەكلىرىنى تاشلاپ قاچتى . فەرامەرز ئەفراسىيابنى قوغلاپ يېتىپ ، تۇغ - ئەلەمىنى ئىككى پارە قىلىپ ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر شەمشەر سالغانىدى ، تۆت ئىلىك پېتىپ كەتتى . ئەفراسىياب قېچىپ ئۆزىنى قىرغاققا ئالدى ، جاھانگىر پىران ۋىسە ، ھۇمان ۋىسنى ياردار قىلدى . ئىران پالۋانلىرى بىلەن تۇران پالۋانلىرى تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ ۋە بىر مۇنچە تۇرانىلارنى ئەسىر ئېلىپ ، ئارقىسىغا ياندى ۋە بىرقانچە كۈندىن كېيىن شىراز شەھرىگە كەلدى . فەرامەرز ، جاھانگىر باشلىق ھەممە سەردارلار شاھنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەت بولۇپ ، بىرنەچچە كۈن تارتقان مۇشەققەت ۋە غۇسسىلەرنى ئۇنۇتماق ئۈچۈن زىياپەت تۈزۈپ شاراب ئىچىشتى . نەغمىلەر ۋە خۇش ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ نەغمە - ناۋاسى ئەۋجىگە چىقتى . مەجلىستە شاھ كەيكاۋۇس شىر يۈرەك تەھەمتەنگە ئەرز - ھالىنى بايان قىلىپ ، خىجالەتچىلىك بىلەن ئۆزرە ئېيتتى ، تاج بەخشنىڭ بېشىدىن توققۇز - توققۇز ئالتۇن - كۈمۈش ، تاۋاق - تاۋاق دۇر - جاۋاھىرلارنى نىسار قىلدى . نەچچە شەھەرنىڭ باج - خىراجىنى رۇستەمگە تەيىن قىلدى ، ئۇنىڭغا يەنە شەھرىيارلىق تاج - كەمەرلىرىنى ئىلتىپات قىلدى . شۇنىڭدەك فەرامەرز ۋە جاھانگىرلارغىمۇ ئەنە شۇنداق ئىلتىپات ۋە ئىنئاملار قىلدى . باشقا باتۇرلارغىمۇ شاھانە ئىنئام ۋە مۇكاپاتلار بېرىپ ، مەجلىس ۋە تاماشا قىرىق نەچچە كۈن داۋام قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەجلىس ئاخىرلىشىپ ، سەردارلارغا رۇخسەت بېرىلدى . شاھنىڭ تەقسىماتى بويىچە زال ، رۇستەم ، زەۋارە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى سىيستانغا راۋان بولدى ؛ زالى زەر رۇدابە تامام پەرزەنتلىرى بىلەن كۆچۈپ ، شەھرى شىرازغا كېلىپ ئورۇنلاشتى . فەرامەرز بىلەن جاھانگىر غەربىي دىيار ۋىلايىتىگە بارغان چېغىدا كۆڭلى شاھتىن خاتىرجەم بولالماي ، كەيكاۋۇس قېشىدا تۇرۇپ قالغانىدى . شاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلار قەدىم جايلىرىغا قايتىشتى . شاھى كەي بارچە ئۇلۇغلارنى زال رۇستەمنى سىيستانغا قەدەر يەتكۈزۈپ ، ئاندىن قايتىشقا بۇيرۇدى . زال ، تەھەمتەن شاھ قوشقان سەردارلار بىلەن يولغا راۋان بولۇپ ، ئاخىر شەھرى سىيستانغا كەلدى . زابۇل ۋە كابۇل خەلقى زال ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن قارشى ئېلىپ ، شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئۇ ھەممە ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن ئوردىغا ئورۇنلاشتى . شاھ ئۇنىڭغا قوشۇپ ئەۋەتىۋەتكەن سەردارلارغا بىر نەچچە كۈن زىياپەت بېرىپ ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تون تەقدىم قىلىپ ، شاھ دەرگاھىغا قايتۇردى .

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

# ئىرق بىتىگ

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەد رېھىم سايىت

«ئىرق بىتىگ» ياكى «پال كىتابى» (Irk Bitig) قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر «كىتاب» دۇر. بۇنىڭ هازىرغا قەدەر ئىككى خىل نۇسخىسى تېپىلغان. بىرى، ستەيىن دۇنخۇاڭدىكى بېزەكلىكتىن تاپقان نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭ هەر بىر بېتىدە 40 تىن 70 كىچە هەرپ بار. يەنە بىرى، لېكوك تۇرپان تۇيۇقتىن تاپقان نۇسخا.

تولۇق تېكست 104 قۇر بولۇپ، 67 تۈرلۈك پالنىڭ تەبىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى تۇنجى بولۇپ يېشىپ ئوقۇغان دانىيىلىك داڭلىق تۈركولوگ تومسېن، بۇ كىتابىنى تۇنجى بولۇپ ترانسكرىپسىيە قىلغان ۋە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان. كېيىن تۈركىيىلىك قەدىمكى تۈرك تىلى ئالىمى هۈسەيىن نامىق ئورقۇن بۇ يادىكارلىقنىڭ ئاز بىر قىسىم فاكسىملى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە تۈركچە تەرجىمىسىنى، ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى» («Eski Turk yazitlari»، 1936 - يىلى، ئەنقەرە) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئۇندىن باشقا خېلى كۆپ تۈركولوگلار بۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، بەزى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى، تىل ئالاهىدىلىكى، شۇنداقلا تارىخىي قىممىتى هەققىدە نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. مەملىكىتىمىزدىن تەتقىقاتچى ئىبراهىم مۇتىئى ئەپەندى بۇنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان. پروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ بۇنى تېكست، سۆزلۈك ۋە بەزى ئىزاهى بىلەن ئۆزى تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» (مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى دەرسلىكى، ماي باسما) غا كىرگۈزگەن. مەن دەرس ئۆتۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش جەريانىدا، بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنغان يەشمىسىدە بەزى نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى سەزدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇنى قايتا ئىشلەش كېرەكلىكىنى هېس قىلىپ بۇ يەشمىنى تەييارلاپ چىقتىم. «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى يەشمە شۈبهىسىزكى ئەڭ ئالدى بىلەن بىزنى ئۇيغۇرچە تېكست بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەشمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى توغرا - راۋان ئىشلەنگەن، ئەمما، مېنىڭ قارىشىمچە، يەشمىدە بەزى نۇقسانلارمۇ بار ئىكەن. ئىبراهىم مۇتىئى ئەپەندى باسما جەهەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ترانسكرىپسىيىسىنى بېرىشكە مۇمكىن بولالمىغانلىقىنى

ئەسكەرتكەن . ئەمما ، قايسى تېكستتا ئاساسەن يەشكەنلىكىنى ئەسكەرتمىگەن مېنىڭچە ، بۇ يەشمە نامىق ئورقۇننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىدۇر . بۇ يەشمىدە بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ، يەنە ئورقۇننىڭ يەشمىسىدىكى بەزى تۈركچە سۆزلەر خاتا چۈشىنىلىپ قالغان ، بەزى سۆزلەرنىڭ نېمە ئاساسقا تايىنىپ ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن ، بەزى گراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنىڭ مەنىلىرى ئوبدان بايقىلىنمىغان . ماقالىنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئەسلى تېكستنىڭ ترانسكرىپسىيسىنى ، ئاندىن ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ يەشمىسىنى تىرناق ([ ]) ئىچىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئۆزىمىزنىڭ يەشمىسىنى بەردۇق . قايتا يېشىش زۆرۈر بولمىغانلىرىنى ئۆز ئەينى بەردۇق .

بىزنىڭ بۇ يەشمىمىزدە نامىق ئورقۇننىڭ ترانسكرىپسىيسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەسلى تېكستقا سېلىشتۇردۇق ، بۇ يەشمە نەشرگە بېرىلىش ئالدىدا ، مەكتىپىمىزنىڭ دوكتور ئوقۇغۇچىسى ئابدۇرىشىت ياقۇپ بىزنى تۈركىيە تۈركولوگى تالات تېكىن تەرىپىدىن هازىرلانغان « پال كىتابى » ( گېرمانىيىدە نەشر قىلىنغان ) دىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . تالات تېكىننىڭ بۇ كىتابى كىرىش سۆز ، ئىملا قائىدىسى ، ترانسكرىپسىيە ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، سۆزلۈك ۋە ئەسلى فاكسىملى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . بۇ بۇگۈنگىچە « پال كىتابى » ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق تەتقىقاتلارنى يەكۈنلىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ مۇكەممەل ئەمگەك بولۇپ ، بىز بۇنىڭدىن خېلى ياخشى پايدىلاندۇق . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەم تالات تېكىن ئەپەندىگە ھەم مەسىلەكداش ئابدۇرىشىت ياقۇپقا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز . تېكستنىڭ ترانسكرىپسىيسى ، يەشمىسى قاتارلىقلاردا ئۆز بىلىمىنى ، ۋاقتىنى ئاياپ قالماي نۇرغۇن ياردەم بەرگەن پروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ ، تەتقىقاتچى ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىقلارغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز . شۇنداقلا تەھلىل قىلىش ، سېلىشتۇرۇش ، سوئال سوراش يولى بىلەن پىكىر يولىمىزنىڭ ئېچىلىشى ، بەزى نۇقسانلارنىڭ تۈزىتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ، ياردىمى تەگكەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار مەدەنىيەت فاكۇلتېتى 90 ـ يىللىق ۋە 91 ـ يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاخىردا كەسپداشلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىدىغانلىقىمىنى بىلدۈرىمەن .

# ترانسكرپسىيلىك تېكست

1. t(ä)nsi m(ä)n y(a)r(ï)n kičä (a)ltun örgin üzä olurup(a)n m(ä)ŋil(ä)yür m(ä)n. (a)nča biliŋl(ä)r: (ä)dgü ol.

2. ala (a)tl(ï)γ yol t(ä)ŋri m(ä)n, y(a)rïn kičä (ä)šür m(ä)n. utru (ä)ki (a)yl(ï)γ kiši oγlïn soqušmïš. kiši qorqmïš. "qorqma" tim(i)š, "qut birgäy män" timiš. (a)nča biliŋ: (ä)dgü ol.

3. (a)ltun q(a)n(a)tl(ï)γ t(a)lïm q(a)ra quš m(ä)n. t(a)nïm tüsi t(a)qï tükäm(ä)zk(ä)n t(a)luyda y(a)t(ï)p(a)n t(a)pladuq(u)mïn tut(a)r m(ä)n,s(ä)bdük(ü)min yiyür m(ä)n. (a)nt(a)γ küčlüg m(ä)n. (a)nča biliŋl(ä)r: (ä)dgü ol.

4. ürüŋ (ä)sri toγ(a)n quš m(ä)n. čïnt(a)n ïγ(a)č üzä olurup(a)n m(ä)ŋil(ä)yür m(ä)n. (a)nča biliŋl(ä)r.

5. b(ä)g (ä)r yuntïŋ(a)ru b(a)rmïš. aq bisi qulunlamïš. (a)ltun tuγuγluγ (a)dγïrl(ï)q y(a)raγ(a)y. t(ä)bäsiŋ(ä)rü b(a)rmïš. ürüŋ ing(ä)ni botulamïš. (a)ltun budll(u)γ buγral(ï)q y(a)raγ(a)y. (ä)biŋ(ä)rü k(ä)lmiš. üčünč quničuγï urïl(a)nmïš. b(ä)glik y(a)raγ(a)y tir. m(ä)ŋilig b(ä)g (ä)rm(i)š. (a)nγ(ï)γ (ä)dgü ol.

6. (a)d(ï)γlï toŋuzlï art üzä soq(u)šmiš (ä)rmiš. (a)d(ï)γ(ï)ŋ q(a)rnï y(a)r(ï)lmiš, toŋuzuŋ (a)z(ï)γï sïnmiš tir. (a)nča biliŋ: y(a)bl(a)q ol.

7. (ä)r t(ä)rkl(ä)yü k(ä)lir. (ä)dgü söz s(a)b (ä)lti k(ä)lir tir. (a)nča biliŋl(ä)r: (ä)dgü ol.

8. (a)ltun b(a)šl(ï)γ yïl(a)n m(ä)n. (a)ltun quruγs(a)q(ï)min qïl(ï)čïn k(ä)sip(ä)n özüm yul intin, b(a)š(ï)mïn yul (ä)bintin tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

9. uluγ (ä)b ört(ä)nmiš. q(a)tïŋa t(ä)gi q(a)lm(a)duq, büükiŋä t(ä)gi qodm(a)duq tir, (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

10. (i)sn(i)g(ä)n b(a)rs m(ä)n. q(a)muš ara b(a)š(ï)m. (a)nt(a)γ (a)lp m(ä)n, (ä)rd(ä)mlig m(ä)n. (a)nča biliŋlär.

11. s(a)r(ï)γ (a)tl(ï)γ s(a)bčï, y(a)z(ï)γ (a)tl(ï)γ y(a)l(a)b(a)č (ä)dgü söz s(a)b (ä)lti k(ä)lir tir. (a)nča biliŋ: (a)ny(ï)γ (ä)dgü ol.

12. (ä)r (a)bqa b(a)rmiš. t(a)γda q(a)m(ï)lmiš. t(ä)ŋridä (ä)rkl(i)g tir. (a)nča biliŋlär: y(a)b(ï)z ol.

13. t(ä)ŋrilig qurtγa yurt(t)a q(a)lmiš. y(a)γl(ï)γ q(a)mïč bulup(a)n y(a)lγ(a)yu tirilmiš, ölümdä ozmiš tir. (a)nča biliŋlär:

14. quzγunuγ ïγ(a)čqa bamiš. q(a)t(ï)γtï ba, (ä)dgüti ba tir. (a)nča biliŋlär:

15. üzä tum(a)n turdï, (a)sra toz turdï. quš oγlï uča aztï, kiyik oγlï yügürü aztï, kiši oγlï yorïyu aztï. y(a)na t(ä)ŋri qutïnta üčünč yïlta qop (ä)s(ä)n tük(ä)l körüšm(i)š. qop ögir(ä)r s(ä)binür tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

16. toruq (a)t s(ä)mriti yirin öp(ä)n, yügürü b(a)rmiš. utru yirdä oγrï soqušup tutup(a)n minmiš. yiliŋä qudursuγïŋa t(ä)gi y(a)γrïp(a)n q(a)mš(a)yu umatïn turur tir. (a)nča biliŋ: y(a)bl(a)q ol.

17. özlük (a)t öŋ yirdä (a)r(ï)p oŋup turu q(a)lmiš. t(ä)ŋri küčiŋä t(a)γ üzä yol sub körüp(ä)n, yiš üzä y(a)š ot körüp(ä)n yorïyu b(a)rïp(a)n sub ičip(ä)n yaš yip(ä)n ölümdä ozmiš tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

18. k(ä)räkü iči nä t(ä)g ol? tünügüki nä t(ä)g ol? közünüki nä t(ä)g? körüklüg ol. (ä)gni n(ä)t(ä)g? (ä)dgü ol. b(a)γ(ï)šï nä t(ä)g? b(a)r ol tir. (a)nča biliŋlär: (a)ny(ï)γ (ä)dgü ol.

19. aq (a)t q(a)rš(ï)sïn üč boluγta t(a)lulap(a)n (a)γ(ï)nqa ötügkä ïdmiš tir. qorqma, (ä)dgüti ötün; (a)yïnma, (ä)dgüti y(a)lb(a)r tir. (a)nča biliŋ: (ä)dgü ol.

20. titir buγra m(ä)n. ürüŋ köpükümin s(a)č(a)r m(ä)n. üzä t(ä)ŋrikä t(ä)gir, (a)sra yirkä kirür tir. udïγm(a)γ odγuru y(a)t(ï)γlïγ turγ(u)ru yorïyur m(ä)n. (a)nt(a)γ küčlüg m(ä)n (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

21. q(a)rï üpgük yïl y(o)rum(a)zq(a)n tidi. ödm(ä)ŋ, körm(ä)ŋ, ürk(ü)t-(t)(ü)ŋ tir. (a)nča biliŋ:

22. uzun tonluγ közüngüsin kölkä ïčγ(ï)nmiš. y(a)r(ï)n y(a)ŋrayur, kičä k(ä)ŋränür tir.(a)nča biliŋlär: muŋluγ ol, (a)ny(ï)γ y(a)bl(a)q ol.

23. oγl(a)n k(ä)kük t(i)z(i)kin bultï. č(ä)k(i)k (ä)tiŋ qutluγ bolzun tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

24. t(ä)glük qulun irk(ä)k yunt(t)a (ä)mig til(ä)yür. kün ortu yütürüp, tün ortu q(a)nta n(ä)güdä bulγ(a)y ol? tir. (a)nča biliŋlär: y(a)b(ï)z ol.

25. (ä)ki öküzüg bir buqursïqa kölm(i)š. q(a)mš(a)yu umatïn turur tir. (a)nča biliŋ: y(a)bl(a)q ol.

26. t(a)ŋ t(a)ŋl(a)rdï udu yir y(a)rudï udu kün tuɣdï. q(a)m(a)ɣ üzä y(a)ruq boltï tir. (a)nča biliŋ: (ä)dgü ol.

27. b(a)y (ä)r qonyï ürküp(ä)n b(a)rmiš. börikä soqušmiš. böri (a)ɣzï (ä)msimiš. (ä)s(ä)n tüük(ä)l bolmiš tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

28. q(a)n olurup(a)n ordu y(a)pmiš. ili turmiš. tört buluŋt(a)qï (ä)dgüsi uyurï tirilip(ä)n m(ä)ŋil(ä)yür b(ä)dizl(ä)yür tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

29. oyma (ä)r oyl(a)nïn kisisin tutuɣ urup(a)n oš ič oyɣ(a)lï b(a)rmiš. oɣlïn kisisin utuzm(a)duq, y(a)na toquz on boš qony utmiš. oɣlï yutuzï qop ögir(ä)r tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

30. čïɣ(a)ny (ä)r oɣlï q(a)zɣ(a)nčqa b(a)rmiš. yolï y(a)ramiš. ögirä s(ä)binü k(ä)lir tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

31. b(a)rs kiyik (ä)ŋkä m(ä)ŋkä b(a)rmiš. (ä)ŋin m(ä)ŋin bulmiš. bulup(a)n uyasïŋ(a)ru ögirä s(ä)binü k(ä)lir tir.(a)nča biliŋ: (ä)dgü ol.

32. bir t(a)b(ï)lqu yüz boltï. yüz t(a)b(ï)lqu miŋ boltï. miŋ t(a)b(ï)lqu tüm(ä)n boltï tir. (a)nča biliŋlär: (a)s(ï)ɣï b(a)r (ä)dgü ol.

33. kidizig subqa soqmiš. t(a)qï ur, q(a)t(ï)ɣdï ba tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

34. q(a)n sükä b(a)rmiš, yolta (a)tï (a)rmiš. (ä)r quɣu qušqa soqušmiš. köčürü qonturu k(ä)lir. özi süsi ögirä s(ä)binü ordusïŋ(a)ru k(ä)lir tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

35. (ä)r sükä b(a)rmiš, yolta (a)tï (a)rmiš. (ä)r quɣu qušqa soqušmiš. quɣu quš q(a)natïŋa urup (a)nïn q(a)lïyu b(a)rïp(a)n ögiŋä q(a)ŋïŋa t(ä)gürmiš. ögi q(a)ŋï ögir(ä)r s(ä)binür tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

36. üküš (a)tl(ï)ɣ ögr(ü)nčüŋ yoq. qobï (a)tl(ï)ɣ qorq(ï)nčïŋ yoq. učruɣluɣ qutuŋ yoq tir, (a)nča biliŋlär: (a)nyïɣ y(a)bl(a)q ol.

37. bir q(a)rï öküzüg bilin bičä qumurɣa yimiš. q(a)mš(a)yu umatïn turur tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

38. q(a)mïš ara q(a)lmiš. t(ä)ŋri unam(a)duq. (a)bïnču q(a)tun bolzun tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

39. t(ï)ɣ(ï)ɣ t(ä)rtrü kisämiš. q(a)mšayu umatïn turur tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

40. t(a)l(ï)m urï y(a)rïn (a)ča y(a)sïčin y(a)l(ï)m q(a)y(a)ɣ y(a)ra urup(a)n y(a)lŋusun yorïyur tir. (a)nt(a)ɣ (a)lp (ä)rmiš. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

41. ürüŋ (ä)sri ing(ä)k buzaɣul(a)čï bolmiš. ölg(ä)y m(ä)n tim(i)š. ürüŋ (ä)sri irk(ä)k buz(a)ɣu k(ä)lürmiš. ïduqluq y(a)raɣ(a)y. ülügdä ozmiš tir. (a)nča biliŋ: (ä)dgü ol.

42. uzun tonluɣ idišin (a)y(a)qïn qodup(a)n b(a)rmiš. y(a)na (ä)dgüti s(a)qïnmiš. idiš(i)mtä (a)y(a)q(ï)mta öŋi q(a)nča b(a)rïr m(ä)n tir. y(a)na k(ä)lmiš. idišin (a)y(a)qïn (ä)s(ä)n tüük(ä)l bulmiš. ögir(ä)r s(ä)binür tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

43. toɣ(a)n ügüz qušï qušl(a)yu b(a)rmiš. utru t(a)l(ï)m q(a)ra quš qopup(a)n b(a)rmiš tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

44. toɣ(a)n quš t(ä)ŋrid(ä)n qodï t(a)b(ï)šɣ(a)n tip(ä)n q(a)pmiš. toɣ(a)n quš tirŋ(a)qï sučulunmiš. y(ä)nä tïtinmiš. toɣ(a)n qušuŋ tirŋ(a)qï ügüšüp(ä)n q(a)lïyu b(a)rmiš, t(a)b(ï)šɣ(a)n t(ä)risi üŋüš(ü)p(ä)n yügürü b(a)rmiš. (a)nt(a)ɣ tir. (a)nča biliŋlär: y(a)b(ï)z ol.

45. kiyik oɣlï m(ä)n. otsuz subsuz q(a)ltï uyïn? n(ä)čük yorïyïn? tir. (a)nča biliŋlär: y(a)b(ï)z ol.

46. t(ä)bä titigkä tüšmiš. b(a)sïnu yimiš. özin tilkü yimiš tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

47. (ä)r ömäl(ä)yü b(a)rmiš. t(ä)ŋrikä soqušmiš. qut qolmiš. qut birmiš. (a)ɣ(ï)l(ï)ŋta yïlqïŋ bolzun, özüŋ uzun bolzun!' timiš. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol

48. q(a)rï yol t(ä)ŋri m(ä)n. sïnuqïŋïn s(a)p(a)r m(ä)n, üzükiŋin ulayur m(ä)n. ilig itmiš m(ä)n. (ä)dgüsi bolzun tir (a)nča biliŋlär:

49. b(a)rs kiyik (ä)ŋl(ä)yü m(ä)ŋl(ä)yü b(a)rmiš. ortu yirdä (ï)my(a)qa soqušmiš. (ä)sri (ï)mya y(a)l(ï)ŋï q(a)yaqa ünüp b(a)rmiš. ölümtä ozmiš. ölümtä ozup(a)n ögirä s(ä)binü yorïyur tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

50. tïy (a)t qudruqïn tügüp tigr(ä)t, y(a)z(ï)y qodï y(a)dr(a)t. toquz q(a)t üč(ü)rgüŋ topuly(ï)nča t(ä)ritzün tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

51. t(a)l(ï)m q(a)ra quš m(ä)n. y(a)š(ï)l q(a)ya y(a)yl(a)y(ï)m, qïzïl q(a)ya qïšl(a)y(ï)m ol. t(a)yda turup(a)n m(ä)ŋil(ä)yür m(ä)n, (a)nča biliŋlär:

**52. (ä)r busušluy, t(ä)ŋri bulïtl(ï)y boltï. (bulït) ara kün tuymiš. busanč (a)ra m(ä)ŋi k(ä)lmiš tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.**

**53. boz bulït yorïdï, budun üzä y(a)ydï. q(a)ra bulït yorïdï, q(a)m(a)y üzä y(a)ydï. t(a)rïy bišdi, y(a)š ot ündi, yïlqïqa kišikä (ä)dgü boltï tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.**

**54. qul s(a)bï b(ä)giŋ(ä)rü ötünür, quzyun s(a)bï t(ä)ŋrig(ä)rü y(a)lb(a)rur. üzä t(ä)ŋri (ä)šidti, (a)sra kiši bilti tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.**

**55. (a)lp (ä)r oylï sükä b(a)rmiš. sü yirintä (ä)rklig s(a)bčï tör(ü)tmiš tir. (ä)biŋ(ä)rü k(ä)ls(ä)r özi at(a)nmiš, ögr(ü)nčülüg, (a)tï yitiglig k(ä)lir tir. (a)nča biliŋlär: (a)nyïy (ä)dgü (ol).**

56. üg(ü)riŋä qutluɣ (a)dɣ(ï)r m(ä)n. y(a)ɣ(a)q ïɣ(a)č yayl(a)ɣ(ï)m, qušl(u)ɣ ïɣ(a)č qïšl(a)ɣ(ï)m. (a)nta turup(a)n m(ä)ŋil(ä)yür m(ä)n tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

57. q(a)n(ï)ɣï ölm(i)š, köŋäki toŋmiš. q(a)n(ï)ɣï n(ä)lük ölg(ä)y ol? b(ä)glig ol. könäki n(ä)lük toŋɣ(a)y? kün(ä)škä olurur ol. (a)nča biliŋlär: bu irq b(a)šïnta az (ä)mg(ä)ki b(a)r; kin y(a)na (ä)dgü bolur.

58. oɣlï ögintä q(a)ŋïnta öpk(ä)läp(ä)n t(ä)z(i)p(ä)n b(a)rmiš. y(a)na s(a)qïnmiš, k(ä)lm(i)š < <ögüm ötin (a)l(a)yïn, q(a)ŋ(ï)m s(a)bïn tïŋl(a)yïn> > tip k(ä)lm(i)š tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

59. yïlqa t(ä)gmišig yïdïtm(a)yïn, (a)yqa t(ä)gmišig (a)rtatm(a)yïn, (ä)dgüsi bolzun tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

60. toquz (a)r(a)lï sïɣun kiyik m(ä)n. b(ä)d(ük) tiz üzä ünüp(ä)n möŋ(ü)räyür m(ä)n. üzä t(ä)ŋri (ä)šidti, (a)sra kiši bilti. (a)nt(a)ɣ küčlüg m(ä)n. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

61. turnya quš tüšnäkiŋä qonmiš. tuymatïn tuz(a)q(q)a ilinmiš. uča umatïn olurur tir. (a)nča biliŋlär: y(a)b(la)q ol.

62. y(a)rɣun kiyik m(ä)n.y(a)yl(a)ɣ t(a)ɣ(ï)ma (a)ɣïp(a)n y(a)yl(a)yur turur m(ä)n. m(ä)ŋilig m(ä)n tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

63. q(a)nl(ï)q süsi (a)bqa ünmiš. s(a)ɣïr ičrä (ä)lik kiyik kirmiš. (ä)l(i)gin tutmiš. q(a)ra q(a)m(a)ɣ süsi ögir(ä)r tir. (a)nča biliŋlär: (ä)dgü ol.

64. kök boymul toɣ(a)n quš m(ä)n. körüklüg q(a)yaqa qonup(a)n közl(ä)yür m(ä)n, y(a)ɣ(a)ql(ï)ɣ toɣr(a)q üzä tüšüp(ä)n y(a)yl(a)yur m(ä)n tir. (a)nča biliŋlär: (a)nyïɣ (ä)dgü ol.

65. s(ä)miz (a)t (a)ɣzï q(a)t(ï)ɣ boltï idisi um(a)z tir. (a)nča biliŋlär: y(a)bl(a)q ol.

66. (a)mtï (a)mraq oɣl(a)n(ï)m, (a)nča biliŋlär: bu irq bitig (ä)dgü ol. (a)nč(ï)p (a)lqu k(ä)ntü ülügi (ä)rklig ol.

67. b(a)rs yïl (ä)kinti (a)y biš yig(i)rmikä t(a)ygünt(a)n m(a)nïs-t(a)nt(a)qï kič(i)g di(n)t(a)r burua guru (ä)š(i)d(ip) ič(i)m(i)z isig s(a)nɣun itačuq üčün bitid(i)m.

## يەشمىسى

1. تەنشىمەن (يەنى جۇڭگو پادىشاسىمەن) . ئەتتىگەنلىگى ۋە ئاخشىمى (ياكى كېچە - كۈندۈز ) ئالتون تەختتە ئولتۇرۇپ كۆكۈل ئاچقۇدەكمەن . بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۇ ( ياخشىلىق ئالامىتى ) .

2 . [ ئالا ئاتلىق يول تەگرىمەن ( تەقدىر ئىلاھىمەن ) ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن . ئوتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى . ئادەم قورققان ئىدى . «قورقما قۇت ( بەخت ) بەرگەيمەن » دەپتۇدەكمەن . بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۇ (ياخشىلىق ) .]

ئالا ئاتلىق يول تەگرىمەن ، تاڭسەھەردە ۋە ئاخشىمى يول يۈرىمەن . ( يولدا) ئۇدۇلۇمدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى . ئادەم بالىسى قورققان ئىدى . « قورقما ، قۇت بەرگەيمەن » دەپتۇ ( دەكمەن ) . بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ ( ياخشىلىق ؟

نامىق ئورقۇن (a)yl(ï)ꝗ دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان بۇ سۆزنى تالات تېكىن y(a) l(ï)ꝗ دەپ ئوقۇغان بىرىكمىنى (e)ki y(a)l(i)ꝗ kixi ۋە دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان « two joyful human being » دەپ تەرجىمە قىلغان . بىزنىڭچە ئەگەر بۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلغاندا بۇ بىرىكمىنى « قوش يالىق ئادەم » دەپ يەشكىلى بولسىمۇ ، بىز يەنىلا ئەسلىدىكى « ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى » دېگەننى مۇۋاپىق كۆردۇق .

3 . [ ئالتۇن قاناتلىق يىرتقۇچ قارا قۇشمەن ، تېنىمنىڭ ئۇزۇغىمۇ تۈگىمەسكەن . دېڭىزدا تۇرۇپ تاپىغانلا نەرسىلەرنى تۇتىمەن ، ياراتقان نەرسەمنى يەيمەن ، شۇنداق كۈچلۈكمەن . بىلدىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ .]

ئالتۇن قاناتلىق جەسۇر قارا قۇشمەن ، تېنىمنىڭ تۈكى ( قانات - قۇيرۇقلىرى ) تېخى تۈگەللەنمىگەن تۈكى ( قانات - قۇيرۇقلىرى ) تېخى تۈگەللەنمىگەن تولۇق يېتىلمىگەن ئىكەن ، دېڭىزدا يېتىپ خالىغىنىمنى تۇتىمەن ، ياخشى كۆرگىنىمنى يەيمەن ، شۇنداق كۈچلۈكمەن . بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

(a)nd(a)ꝗt ükənm(a)zk(a)n دېگەن سۆزلەرنى نامىق ئورقۇن (a)nt(a)ꝗ ükanm(a)zk(a)n دەپ ئالغان .

4 . [ ئالا تاغىل لاچىن قۇشمەن چىنتەن ( سەندەل ) دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كۆكۈل ئاچقۇدەكمەن . شۇنداق بىلىڭلار !]

ئالا تاغىل لاچىن قۇشمەن ، سەندەل ، دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كۆكۈل ئاچىمەن . شۇنداق بىلىڭلەر !

[5 . باتۇر بەگ يىلقىسىغا يېرىپتۇ . ئاق بايتالى قۇلۇنلاپتۇ ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايرىغىرلىققا يارىغۇدەك ؛ تۈگىلەرگە بېرىپتۇ ، ئاق ھىنگان بوتۇلاپتۇ ، ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىققا يارىغۇدەك ؛ ئۆيىگە كېلىپتۇ ، ئۇچىنچى قۇنچۇيى ( مەلىكىسى ) ئوغۇل تۇغۇپتۇ ، بەگلىككە يارىغۇدەك . خوشال -خورام بەگ ئەر ( باتۇر ) ئىكەن ! بۇ ئېنىق ئەزگۇ .]

بەگ ئەر يىلقىسىغا بارغان ئىكەن ، ئاق بايتىلى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىققا يارىغۇدەك ؛ تۈگىلىرىگە بارغان ئىكەن ، ئاق ھىنگان ئەركەك بوتۇلاپتۇ ، ئالتۇن پۇتلۇق

بـۇغـرالـىقتا يارىغۇدەك ؛ ئۆيگە ( قايتىپ ) كەلگەن ئىكەن ، ئۇچىنچى قۇنچۇيى ( مەلىكىسى ) ئوغۇل تۇغۇپتۇ ، بەگلىككە يارىغۇدەك . تەلەيلىك بەگ ئىكەن ! بۇ ئىنىق ئەزگۇ.

نامىق ئورقۇن ɣ budll(u) دەپ ئـوقـۇپ مـەنىسىنى بەرمىگەن بۇ سۆزنى تالات تېكىن ɣ budl(a)l(ï) دەپ ئۇقـۇپ nose peg ( چـۆلـۆكـلـۆك ؛ چـۆلـۆك ) دەپ تـەرجىمە قىلغان . ىبىز ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ « پۇتلۇق » دېگەن تەرجىمىسىنى مۇۋاپىق كۆردۇق . ۋە شۇنىڭغا لايىق ɣ budll(u) دەپ ئېلىپ تۇردۇق . ئەلۋەتتە بۇ سۆز ھەققىدە تېخىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

6 . [ ئېـيـىق بـىلـەن تـوڭـغـۇز ئارت ( داۋان ) ئۇستىدە سوقۇشۇپتۇ ، ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ ، توڭغۇزنىڭ سۆيۈ چىشى سۇنۇپتۇ ، بىلگىنكى ، بۇ يامانلىق .

ئېيىق بىلەن توڭغۇز ئارت ( داۋان ) ئۇستىدە سوقۇشۇپتۇ . ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ ، توڭغۇزنىڭ ئېزىق چىشى سۇنۇپتۇ ، دەپتۇ . شۇنداق بىلگىنكى ، بۇ يامانلىق .

7 . [ ئەر ئىلدام كېلىۋېتىپ ، ياخشى سۆزلەرنى قىلغۇدەك ، بىلىڭلەركى : بۇ ئەزگۇ .]

ئەر ئـىـلـدام كـەپـتۇ ( ۋە ) ياخشى سۆز ـ خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ ،دەپتۇدەك شۇنداق بىـلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

8 . [ ئالـتـۇن باشلىق ئىلانمەن . ئالتۇن قوسغىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ ، بەدىنىمنى يول ياقىسىغا ، بېشىمنى ئۆينىڭ تېشىغا تاشلاپ قويۇپتۇدەك . بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق .]

ئالـتـۇن بـاشـلىق ئىلانمەن . ئالتۇن قوسوقىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ ، ئۆزۈمنى ئۇۋۇـدىن ، بېشىمنى ئۆيىدىن ئايرىۋەت ، دەپتۇدەك ، بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق .

بـۇ يـەردە نـامىق ئورقۇن yol ( يول ) دەپ ئوقۇغان سۆزنى تالات تېكىن yul ئوقۇغان ۋە « يـۇلـماق ، ئۇزمـەك ، ئايـرىماق » دەپ مەنە بەرگەن ، intin دېگەن سۆزنى نامىق ئورقۇن تـەرجىمە قىلالماي ، سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان ، تالات تېكىن بۇنى tin — in دەپ ئوقۇپ « ئۇۋا ← ئۇۋىسىدىن » دەپ مەنە بەرگەن . بىز تالات تېكىننىڭكىنى قوبۇل قىلدۇق .

9 . [ چوڭ ئۆي ( گـە ) ئوت كېتىپتۇ ، ئۇلىمۇ ئۆگزىسىمۇ قالماپتۇدەك . بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق .]

چـوڭ ئۆي ( گـە ) ئوت كـېتىپتۇ ، ئۇلىغا قەدەر كۆيۈپ تۈگەپتۇ ، بۇلۇڭلىرىغىچە كۆيۈپ تۈگەن ( ھېچنەرسە ) قالماپتۇ ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق .

نـامـىق ئورقۇن (<bɵrk) bək–i ئۇقـۇپ « بـۆك ، ئۆگـزە » دەپ مەنىلەندۈرگەن بۇ سۆزنى تالات تېكىن bük → büŭki « بۇلۇڭ » دەپ ئوقۇغان . كېيىنكىسى مۇۋاپىقتەك .

10 . [ ئەسـىـگەن يولۋاسمەن ، بېشىم قۇمۇش ئارىسىدا كۆرۈنگىدەك ، مەن شۇنداق باتۇرمەن ، ئەدەب ـ ئەردەملىكمەن . شۇنى بىلىڭلەر !]

كۆكلۈم ئېرىگەن يولۋاسمەن بېشىم قۇمۇش ئارىسىدا ( كۆرۈنگىدەك ئېگىزمەن ) ، مەن شۇنداق باتۇرمەن ، ( ئەمما ) ئەردەملىك ـ ئەدەبلىكمەن . شۇنى بىلىڭلەر !

بـاشـتـىـكى سۆزنى نامىق ئورقۇن $n^2$ $g^2$ $n^2$ $s^2$ شەكلىدىلا ترانسكرىپسىيە قىلىپ ،سوئال بەلگىسى قويغان ۋە مەنىسىنى بەرمىگەن بۇنى تالات تېكىن (a)sn(a)g(a)n دەپ ترانسكرىپسىيە قـىـلـىـپ « ئەسـىـگەن » دەپ مەنە بەرگەن . بۇ سۆزنى مېنىڭچە (i)s(i)ng(a)n دەپ ترانسكـ

رىپسىيە قىلىنىشقا بولىدۇ . « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ 1507 ، 2123 ، 2179 ، 2479 ، 1978 ، 4220 ، 4701 – بېيىتلىرىدە ئۇچرايدىغان – isin دېگەن پېئىل بولۇپ، دائىم تىل ئالدى سوزۇقلۇق ۋە تەركىبىدە گ (g) بار قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن . بۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئىسسىنماق ، ئىسسىق ئۆتمەك » بولۇپ ، يۇقىرىدىكى تېكىستلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە «سۆيۈن- مەك ، مېھرلىك بولماق ، دىلى يۇمشىماق » دېگەنگە ئوخشاش ئابستراكت مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن . تېكىستتە يولۋاسنىڭ « ئەردەم ـ ئەخلاقى » سۆز تېمىسىدۇر . شۇڭا بۇنى « ئەسىنـ- گەن يولۋاسمەن » دەپ ئالغانغا قارىغاندا، « دىلىمغا ئىسسىق ئۆتكەن ، كۆڭلۈم ئېرىگەن يولۋاسمەن » دەپ ئېلىش مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ.

11 . [ سېرىق ئاتلىق ساۋچى ، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر ) ئېلىپ كەپتۇ- دەك ، شۇنداق بىلىڭكى ، بۇ ئېنىق ئەزگۇ . ]

سېرىق ئاتلىق ساۋچى (خەۋەرچى) — يوگەنسىز ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر) ئېلىپ كەپتۇ ، دەپتۇدەك شۇنداق بىلىڭكى بۇ ئېنىق ئەزگۇ .

y(a)z(i) دېگەن بۇ سۆزنى نامىق ئۇرقۇن « ئەركىن » دەپ مەنە بەرگەن ، تالات تىكىن « قوڭۇر رەڭ » دەپ مەنە بەرگەن ۋە بۇ جۈملىنى « سېرىق ئاتلىق ساۋچى ( خەۋەرچى ) قوڭۇر رەڭ ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر ) ئېلىپ كەپتۇ ». دەپ يەشكەن . بىزنىڭچە نامىق ئۇرقۇننىڭ يەشمىسى مۇۋاپىق، چۈنكى ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى گەرچە ئىككى سۆز يەنى «سابچى » ۋە « يالاباچ » بولسىمۇ لېكىن خەۋىرى بىر ( خەۋەر ئېلىپ كەلمەك) . ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىدىكى « سابچى »ۋە « يالاباچ »تەڭ مەنىلىك سۆز -يەنى ھەر ئىككىسى بىر مەنىدە ئەمما ئۇنىڭ مىنگىنى رەڭگى جەھەتتىن سېرىق ئات . ئەمما ، بېشى باغلانمىغان يوگەنسىز ئات دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن . ئىستىلىستىكا ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى سەۋەبلىك شۇنداق ئېلىنغان دەپ قارىماقتىمىز . شۇڭا « يوگەنسىز ، بويىنى باغلانمىغان » دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق .

12 . [ ئادەم ئۇۋغا بېرىپتۇ . تاغدا ئۇ ھەممىگە قادىر تەڭرىگە ئىبارەت قىلىپتۇدەك . بىلـ- گىنكى بۇ يامانلىق .]

ئادەم ئۇۋغا بېرىپتۇ . ئۇ تاغدا يېقىلىپ يېتىپ قاپتۇ ، ( بۇنىڭ تەقدىرى ) تەڭرىگە باغلىق دەپتۇدەك ، شۇنداق بىلگىنكى بۇ يامانلىق .

—k(a)m(ï)l دېگەن سۆزنىڭ kamul شەكلى « تۈركى تىللار دىۋانى » 2 ـتوم ،191 – بەتتە « يانباشلىدى ، ياتتى » دەپ بېرىلگەن.

13 . [ تەڭرىلىك ( يەنى ئۆلۈمى يېقىنلاشقان ) موماي ئۆيدە قالغان ( ئىكەن ) . ياغلىق قاچىنىڭ چېتىنى يالاپ تىرىلىپتۇدەك ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك . بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر !]

تەڭرىلىك ( يەنى ئۆلۈمى يېقىنلاشقان ) موماي يۇرتتا قالغان ( ئىكەن ) ، ياغلىق چۆ- مۈچ تېپىپ ، ئۇنى يالاپ تىرىلىپتۇ ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ، دەپتۇدەك بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر!

14 . [ قوزغۇنى ياغاچقا باغلاپتۇ ، قاتتىق باغلاڭلار ، ياخشى باغلاڭلار دەپتۇدەك . بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر !]

15 . [ يۇقىرىدا تۇمان تۇرۇپتۇ (پەيدا بولۇپتۇ) ، تۆۋەندە تۇزاك تۇرۇپتۇ (كۆتۈرۈلۈپتۇ) ،

ئۇچار قانatلار ئۇچقان ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ. كىيىك ئەۋلادى ( ياۋايى هايۋانلار) يۈگۈر-گەن ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ. كىشى ئوغلى ( ئادىمىزات ) يۈرگەن ئىكەن يولدىن ئېزىپتۇ. يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچ يولدا بۆلارنىڭ هەممىسى ئامان - ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ. خۇشال بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.]

16. [ ئېچىرقىغان ئات ئۆزى سەمىرگەن يەرنى كۆرۈپ ( شۇ يەرگە ) يۈگۈرۈپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ئوغرى ئۇچراپ تۇتىۋېلىپ مىنىۋاپتۇ. ( بۇ ئات ) يايلىدىن تاكى قۇيرۇغىغىچە يېغىر بولۇپ، يۈرەلمەي تۇرغۇدەك شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.]

ئورۇق ئات ئۆزى سەمىرگەن يەرنى ئېسىگە ئېلىپ (شۇ يەرگە) يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. (بارغان ) يەردە ئۇدۇلىدىن ئوغرىغا دۇچ كەپتۇ ( ۋە ئاتنى ) تۇتىۋېلىپ مىنىۋاپتۇ. ( بۇ ئات ) يايلىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە يېغىر بولۇپ ماڭالماي قالدى. دەپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

17. [ مېنىش ئېتى شەرق تەرەپتە هېرىپ - ئېچىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۈستىدە ئېقىن سۇ كۆرۈنۈپتۇ، دەرەخزارلىقتا يېشىل ئوت كۆرۈنۈپتۇ. ئات شۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپتۇ، يەپتۇ. ( شۇنىڭ بىلەن ) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.]

مىنىك ئات چۆلدە هېرىپ - چارچاپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۈستىدە يول، سۇ كۆرۈنۈپتۇ، دالىدا يېشىل ئوت كۆرۈنۈپتۇ، ( ئات ) شۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپ، ئوت يەپتۇ. ( شۇنىڭ بىلەن ) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ. دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى. بۇ ئەزگۈ.

anyir دېگەن سۆز « شەرق تەرەپ » دەپ ئېلىنغان. بىزنىڭچە « چۆل، سەهرا، باياۋان » ( « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لوغىتى » ئا. ئەهەت، د مەمتىمىن، 446 - بەتكە قارالسۇن ) دەپ ئېلىنسا، مۇۋاپىق.

18. [ كىگىز ئۆينىڭ ئىچى قانداق - ئۇ؟ تۈڭلۈكى قانداق - ئۇ؟ دېرىزىسى قانداق كۆرۈملۈك ئۇ؟ ئۆگزىسى قانداق - ئۇ! ئارغامچىسى قانداق - ئۇ؟ ئۇلار باغلىۋاتقاندەك، بىلىڭلەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.]

كىگىز ئۆينىڭ ئىچى قانداق؟ تۈڭلۈكى قانداق؟ دېرىزىسى نېمىدېگەن كۆرۈملۈك! تۈۋرۈسى نېمە دېگەن ياخشى! ئارغامچىسى نېمىدېگەن ياخشى تارتىلغان! دەپتۇ شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

19. [ ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتنا ئۆز قارشىسىنى تاللىۋېلىپ، ئەپۇ ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇدەك. قورقما، ياخشى ئۆكۈن. ئايانماي ياخشى دە، يالۋۇر؛ دېگۈدەك شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.]

( بىراۋ ) ئاق ئاتنىڭ بەدىلىگە كۆندۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئۈچ تايدىن ( بىرنى ) تاللاپ، بىر مۆرىمەسنىڭ ( ئالدىغا بىرسىنى ) ئۆتۈنۈشكە ئەۋەتىپتۇ ( ۋە ) دەپتۇ: قورقما، ياخشى ئۆتۈن، تارتىنما، ياخشى يالۋار دەپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

بۇ يەردىكى boluŋ دېگەن سۆزنى نامىق ئورقۇن، ئىبراهىم مۇتىئى، تالات تېكىن

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «مەۋجۇد نەرسە، بارلىق» دەپ مەنە بەرگەن. مېنىڭچە بۇ سۆز «قۇتادغۇ بىلىگ»، 3600 ـ بېيىتتىكى bulak «شاش ئات» يەنى «كۆندۈرۈش ئالدىدا تۇرغان تاي» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئالماشقان شەكلى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا. مەنە تېخىمۇ ئېنىقراق بولىدۇ. a q in دېگەن سۆز «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ 174، 491 قاتارلىق توققۇز بېيىتتە «تىلسىز، مۆرىمەس، گەپ قىلىش خۇش ياقمايدىغان» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

20. [ تېتىر (ئىسىل نەسىللىك) بۇغرامەن. ئاق كۆۋۈك چاچقۇدەكمەن (كۆۋۈك ىلىرىم) يۇقىرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ، يۈرگىدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكدەكمەن بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.]

21. [ قارا ئۆپكۈك (ھۆپۈپ ؟) يىل بويى (ئۆگەتىسمۇ) كارغا كەلمەس. «ئۈگەتمەك، «كۆرمەك» (قارىماك) «ئۈركۈتتۈك» دەر. شۇنداق بىلىڭ !]

(بىراۋ): «قېرى ھۆپۈپ يىل بويى ئۇچماي تۇرىدىكەن» دېدى (ۋە). (ئۇنىڭغا) نەسىھەت قىلماك»، «قارىماك»، .(ئۇنى) ئۈركۈتمەك» دەپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭ !

تالات تېكىن t(i)d i k(a)ri ü pguik yil y(o)rum(a)zk(a)n دىكى t(i)di نى «(a)tdi، » y(o)rum(a)zk(a)n نى y(a)rum(a)zk(a)n دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ، بۇ جۈملىنى «قېرى ھۆپۈپ يېڭى يىل ھارپا كېچىسى تاڭ سۈزۈلمەستىنلا سايراپتۇ» دەپ چۈشەنگەن. مەن (a)tdi نى t(i)di، y(a )rum(a)zk(a)n نى y(o)rum(a)zkan دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىپ، يۇقىرىقىدىكىدەك يەشمە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. تالات تېكىن يەنە ئەسلى تېكىستتە urk(u)t(u)η دەپ يېزىلغان سۆزنى، بۇ سۆزدىكى «m» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان دەپ قاراپ urk(ü)t(m)(u)η دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. مەن بۇ سۆزنى قەدىمكى تۈرك تىلىدا، قوش تەكرارلىنىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرى يېزىقتا ئىپادىلەنمەسلىكتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، urk(u)t<t>(u)η دەپ ترنسكرىپسىيە قىلدىم. «ئۈركۈتتۈك» دېگەن سۆزدىن «ئۇنى ئۈركۈتۈۋەتتىڭ، ئۈركۈتمىسەڭ بولاتتى. ئۇنى ئۈركۈتمىگىن» دېگەن مەنە چىقىپلا تۇرىدۇ.

22. [ ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) كۆزگۈسىنى (ئەينىكىنى) كۆلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى يىغلىغۇدەك، كېچىسى ھۆكۈرىگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، مۇڭلۇق ئۇ. بۇ ئېنىق يامانلىق.]

23. [ ئوغلان كاككۇك پېيىنى تېپىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇكە تاققان كېلىنچەك قۇتلۇق بولسۇن دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۈ.]

ئوغلان بىر توپ كاككۇكنى تۇتۇۋاپتۇ (ۋە) «( < چەكىك > ( دېگەن ) نامىڭ قۇتلۇق بولسۇن» دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

بىز t(a)zkin «ئايلىنىپ يۈرۈپ» دەپ ئالغان سۆزنى نامىق ئورقۇن t(i)z(i)k—in دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن، تالات تېكىن بۇنى t(a)z(a)k—in «تېزەك، ماياق» دەپ ئوقۇغان. بىزنىڭچە بۇ سۆزنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 502 ـ بەتتىكى tizik «تىزىق،

قاتار سەپ »دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك ، ۋە بۇ مىقدار سۆز بۇ يەردە ئابستراكت كۆپلۈك ئۇ-
قۇمىنى ئىپادىلەپ كەلگەن دەپ قارىساق ، مۇۋاپىقمىكىن . q(a)kik دېگەن سۆز ھەر خىل
تەرجىمە قىلىنغان ، ئەمما « تۈركىي تىللار دىۋانى »1 -توم ، 444 - بەتتە ، « قىيالاردا ياشاي-
دىغان ، قۇشقاچقا ئوخشىشىدىغان ئالىچىپار قۇش » دەپ ئىزاھ بېرىلگەن .

24 . [ قارغۇ قۇلۇن ئايغىرلار ئارىسىدا كىرىپ ئەتىدىن كەچكىچە ئەمچەك ئىزلەپ
ھېرىپ - ئېچىپ كېتىپتۇ . بىچارە قانداقمۇ شۇنداق بىلىڭلەركى بۇ يامانلىق .]

قارغۇ قۇلۇن ئايغىردىن ئەمچەك ئىزلەپ يۈرۈپتۇ . ( ئۇ ئانىسىنى ) كۈن ئوتتۇرى-
سىدا ( چۈشتە ) يۈتتۈرۈپ ( قويغان تۇرسا ) ، تۈن ئوتتۇرىسىدا ( كېچىدە ) ، قەيەردىن ،
قانداق تاپالىسۇن ، دەپتۇ شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق .

25 . [ ئىككى ئۆكۈزنى بىر بۇقۇرسىغا قېتىپ قويۇپتۇ . ئۇلار ماڭالماي تۇرغىدەك شۇنداق
بىلىڭكى ، بۇ يامانلىق .]

26 . [ تاڭ ئېتىپتۇ كۈن چىقىپ يەر - جاھان يورۇپتۇ شۇنداق بىلىڭكى ، بۇ ئەزگۈ ]

27 . [ باينىڭ قويى ئۈركۈپ كېتىپ بۆرىگە ئۇچراپتۇ ، بۆرى ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئىمىپ
كېتىپتۇ . ھەممە قوي ئامان قاپتۇ . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۈ .]

بۇ جۈملىنى نامىق ئورقۇن ۋە ئىبراھىم مۇتىئى يۇقىرىكىدەك يەشكەن . ئەمما ، تالات
تېكىن amsa دېگەن پېئىلنى تۈركمەن تىلىدىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ ، « زەھەرلەنمەك »
دېگەن مەنىدە يېشىپ « باينىڭ قويى ئۈركۈپ كېتىپ ، بۆرىگە ئۇچراپتۇ ، بۆرىنىڭ ئاغزى
( قانداقتۇ ) زەھەرلىنىپتۇ ( شۇنىڭ بىلەن ) ھەممە قوي ئامان قاپتۇ . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ
ئەزگۈ » دەپ تەرجىمە قىلغان . مېنىڭچە تالات تېكىنىنىڭ بۇ تەرجىمىسى چۈشىنىشلىك ئە-
مەس .

28 . [ خان تەختكە ئولتۇرۇپ ئوردا - ساراي ساپتۇ ؛ ئەل - يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا
كەپتۇدەك ، يۇرت كاتتىلىرى ، ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ، ئويۇن - تاماشا قىلغىدەك . شۇنداق
بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۈ .]

خان ( تەختكە ) ئولتۇرۇپ ئوردا - ساراي ساپتۇ . ( شۇنىڭ بىلەن ) ئەل - يۇرتى
مۇستەھكەملىنىپتۇ ، تۆت تەرەپتىكى يۇرت كاتتىلىرى ، ئاقساقاللىرى خۇشال بولۇپ يىغىلىپتۇ
( ۋە ) ( ئوردا - سارايىنى ) زىننەتلىشىپ بېرىپتۇ . دەپتۇدەك شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۈ .

29 . [ قىمارۋاز بىر ئادەم بالىسىنى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ ، ئۇستا قىمارۋازنىڭكىگە ( قىمار
ئوينىغىلى ) بېرىپتۇ . بالىسىنىمۇ ، خوتۇنىنىمۇ ئۇتقۇزماستىن يەنە توقسەن باش قوي
ئۇتۇپتۇدەك ، بالىسى بىلەن خوتۇنى بەك خۇشال بوپتۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ
ئەزگۈ .]

قىمارۋاز بىر ئادەم بالىسى ۋە خوتۇنىنى ( ياكى دېدىكىنى ) دوغا تىكىپ ، ئويما
ئويغىلى ( قىمار ئوينىغىلى بېرىپتۇ . بالىسىنىمۇ ، خوتۇنىنىمۇ ( ياكى دېدىكىنىمۇ ، ئۇتقۇزماس-
تىن يەنە توقسەن قوينى بىكارغىلا ، ئۆتۈپتۇ . بالىسى بىلەن خوتۇنى بەك خوشال بولۇپتۇ ،
دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۈ .

نامىق ئورقۇن oyma (ə)r oɣl(a)n ï n kixisin tutuɣ urup(a)n usïq oy(u)ɣ

b(a)rmix (a)l(ï)p»( بىر ) قىماۋاز كىشى ئوغلىنى ، ئادەملىرىنى قىماردا( دوغا ) تىكىپ ، خەتەرلىك ئويۇننى ( ئويناپ ) ئۇتۇپ چىقىپتۇ » دەپ چۈشەنگەن بۇ جۈملىدىكى ox iq oyɣ(a)li تالات تېكىن ، دېگەن سۆزلەرنى usïq oy(u)ɣ (a)l(ï)p دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان .

30 . [ كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ . سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ ، خۇشال - خۇرام قايتىپتۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

31 . [ يىرتقۇچ هايۋان - يولۋاس يەم ئىزلەپ ئوۋغا چىقىپتۇ ، ئوۋى ئوڭۇشلۇق بولۇپ ، نۇرغۇن يىمەكلىك تولاپ خۇشال - خۇرام قايتىپتۇدەك ، شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

يىرتقۇچ هايۋان - يولۋاس ئۇزۇق - تۈلۈك ( ئوچۇن ئوۋ ) ئىزلەپ چىقىپتۇ ، ئۇزۇن - تۈلۈك تېپىپتۇ ، ۋە ئاندىن ئوۋۇسىغا خۇشال - خۇرام قاتىشىپتۇدەك ، شۇنداق بىلدىڭلەركى بۇ ئەزگۇ .

32 . [ بىر تېۋۈلغا يۈز بولۇپتۇ ، يۈز تېۋۈلغا مىڭ بولۇپتۇ . مىڭ تېۋۈلغا تۈمەن بولۇپتۇدەك ، شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇنىڭدا پايدا بار . بۇ ئەزگۇ . ]

بىر تېۋۈلغا يۈز بولدى ، يۈز تېۋۈلغا مىڭ بولدى ، مىڭ تېۋۈلغا تۈمەن بولدى ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇنىڭدا پايدا بار . بۇ ئەزگۇ .

33 . [ كىگىزنى سۇغا سېلىپ ، يەنە ئۇر قاتتىق پىشۇر دېگۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق . ]

كىگىزنى سۇغا سېلىپ ، يەنە ئۇر ، قاتتىق باغلا ، دەپتۇدەك ، شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ يامانلىق .

34 . [ خان سوقۇشقا بېرىپتۇ ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ . سۈرگۈن قىلىپتۇ كۆچۈرۈۋېتىپتۇ ، ئۆزى ۋە قوشۇنى خۇشال - خۇرام ئوردىسىغا ( پايتەختىگە ) قايتىپتۇدەك ، شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

خان سوقۇشقا بېرىپتۇ ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ . (دۈشمەننى سۈرگۈن قىلىپ كۆچۈرۈۋېتىپ ( ئۇ يەردە ئۆز قوشۇنلىرىنى ) قوندۇرۇپ ( ئارام ئالدۇرۇپ ، ئاندىن ) ئۆزى ۋە قوشۇنى خۇشال - خۇرام ئوردىسىغا ( پايتەختىگە ) قايتىپتۇ ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

35 . [ ئەر ( ئادەم ) سوقۇشقا بېرىپتۇ ، يولدا ئېتى هېرىپ قاپتۇ ، ئۇنىڭغا تۇرنا قۇشى ئۇچراپتۇ ، تۇرنا ئۇنى قانىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ . ئۇنى ئاتا - ئانىسى يېنىغا ئاپىرىپ قونۇپتۇ . ئاتا - ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

ئەر سوقۇشقا بېرىپتۇ ، يولدا ئېتى هېرىپ قاپتۇ . ئۇنىڭغا تۇرنا ئۇچراپتۇ . تۇرنا ئۇنى قانىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ . ئاتا - ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ ، دەپتۇ . شۇنداق بىلىڭلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

36 . [ كۆپ ئاتقا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىقىڭ يوق . ئېتىم ئاز قالدى دەيدىغان

قورقۇنچۇگمۇ يوق ، ئۇچچىغا چىققان بەخت ، سائادىتىگمۇ يوقتەك . شۇنداق بىلىگلەركى . بۇ ئېنىق يامانلىق . ]

ناھايىتى ئابرويلۇق ( بولساگمۇ ) ، خۇشاللىقىڭ يوق ، ئابرويىڭ تۆۋەن ( بولسىمۇ ) ، قورقۇنچۇڭ يوق ، پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇتۇڭ يوق . دەپتۇدەك ، شۇنداق بىلىگلەركى ، بۇ ئېنىق يامانلىق .

37 .[ ئايال قۇمۇش ئارىسىدا تۇرغىدەك ( ياشىغۇدەك ) . تەگرى ئۇنىمىغانلىقتىن ( رەھىم قىلمىغانلىقتىن ) مەلىكە ، خانىم ئاۋۇنچۇغى ( تەسەللى بەرگۇچىسى ) بولسۇن ، دېگۇدەك شۇنداق بىلگىنكى ، بۇ ئەزگۇ . ]

ئايال قۇمۇش ئارىسىدا يالغۇز تۇرۇپ قاپتۇ تەگرى ( بۇنى راۋا كۆرمەي ) ، ( بۇ ئايال ) باي خانىش بولسۇن ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ.

«Eski Turkqenin Grameri» «قەدىمكى تۈركچىنىڭ گرامماتىكىسى» دېگەن سۆزگە abïnqu (گابايىن ) دە ئىككى مەنە بېرىلگەن ، بىرى ئىسىم « تەسەللى بىرىش » ، يەنە بىرى ، سۈپەت « باياشات ». بۇ يەردە بۇ سۆز سۈپەت بۇلۇپ « katun » « ئايال ، خانىش » دېگەن سۆزنى ئېنىقلاپ كەلگەن تۇرسا ، ئۇنى قانداقمۇ « تەسەللى بەرگۇچى » دەپ يەشكىلى بولسۇن .

39 . [ ئاتىنى تەتۇر كىشەنلەپ قويۇپتۇ ، ئۇ مىدىرلىيالماي جىم تۇرغىدەك ، بىلىگلەركى ، بۇ يامانلىق .]

40 . [ باتۇر بالا تازا ياراملىق ئوقياسىنىڭ ئوقىنى تىك يارنىڭ دوقمۇشىغا ئۇرۇپ ، يالغۇز كېتىپ بارغۇدەك شۇنداق باتۇردەك ، بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ ]

باتۇر بالا ياسىنى قۇرۇپ ئۇزۇنچاق يېسى ئوقى ( بىلەن ) قاتتىق يارنى ئۇرۇپ ـ يېرىپ ، يالغۇز يۇرۇپتۇدەك ، دەپتۇ . ( ئۇ بالا ) شۇنداق باتۇرمىش . شۇنداق بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

41 . [ قارا ـ ئالا مۇزايلىماقچى بولۇپ ، ئۆلىدىغان بولدۇم دېگۇدەك . قارا ـ ئالا ئەركەك مۇزاي تۇغۇلغان ئىكەن . قۇربانلىققا يارىغاي دەپتۇدەك ( شۇنىڭ بىلەن ) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتىدەك . بىلىگكى بۇ ئەزگۇ]

ئاق ـ ئالا ئىنەك موزايلاش ئالدىدا تۇرۇپتۇ . «ئۆلگەيمەن» دەپتۇ . (ۋە) ئاق ـ ئالا ئەركەك موزاي تۇغۇپ بېرىپتۇ .(بۇ ئەركەك موزاي) مۇقەددەس بولۇشقا يارايدىكەن . (شۇنداق قىلىپ ئىنەك ئۆلۈم ) قىسمىتىدىن قۇتۇلۇپتۇ . دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىگكى بۇ ئەزگۇ .

42 . [ ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) ئىدىشىنى ، ئايىغىنى (قاچىسىنى) قويۇپ (سەپەرگە) چىققىپتۇدەك ، (كېيىن) ئۇبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ : ئىدىشمنى ، ئايىغىمنى قويۇپ نەگىمۇ بارارمەن ، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك ، ئىدىشى ، ئايىغى ساق تۇرغىدەك . ئۇ ( بۇنى كۆرۈپ ) خۇشال بولۇپتۇدەك ، بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ]

ئۇزۇن تونلۇق ئىدىشىنى ، ئايىقىنى قويۇپ (ئۆيدىن) چىقىپ كېتىپتۇ ، (كېيىن) ئۇبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ : ئىدىشمنى ، ئايىقمنى قويۇپ نەگىمۇ بارارمەن ، دەپ قايتىپ كېلىپتۇ، ئىدىشى ئايىقى ساق تۇرغىدەك . ئۇ ( بۇنى كۆرۈپ ) خۇشال بولۇپتۇ دەپتۇدەك .

شۇنداق بىلىگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.

«ئۇزۇن تۇنلۇغ» قەدىمدە بىرى «ئايال» دېگەن مەنىدە، يەنە بىرى، دىنىي «راھىب» دېگەن مەنىدە.

43. [ دەريا لاچىنى ئۇۋغا چىققان ئىكەن، قارشىسىدىن يىرتقۇچ قارا قۇش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇدەك. بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.]

44. [ لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىغى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ، لاچىن تىرنىغىنى كىرىشتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تىرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇدەك. بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.]

لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن پەسلەپ چۈشۈپ توشقاننى ئۈستىدىن قاماللاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىغى تەرپىدىن (توشقاننىڭ تېرىسى) سۇيۇلۇپتۇ يەنە تېتىلىپتۇ. لاچىن تىرنىقى (توشقاننىڭ تىرىسىغا) كىرىشكەن ھالدا يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تېرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇ، دەپتۇدەك. بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.

45. [ كىيىك بالىسى، مەن ئۇتسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلارمەن؟ دېگۈدەك، بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.]

كىيىك بالىسى: مەن ئۇتسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلاي؟ قانداق يول يۈرەلەيمەن؟ دەپتۇدەك شۇنداق بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.

46. [ تۆگە پاتقاقتا پېتىپ قىلىپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى يەپتۇدەك، ئاندىن ئۇنى تۈلكە يەپتۇدەك. بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.]

تۆگە پاتقاقتا پېتىپ قاپتۇ، (ئۇ) پاتقاقتا پېتىۋېتىپ (چۆپ) يەپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى (بولسا) تۈلكە يەپتۇ، دەپتۇدەك. بىلىگىلەركى، بۇ يامانلىق.

47. [ ئەر ئۆمىلەپ بېرىپ تەڭرىگە دۇچكېلىپ، بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت بەخت ـ سائادەت بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول، دەپتۇدەك، بىلىگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.]

ئەر ئۆمىلەپ بېرىپتۇ، تەڭرىگە ئۇچراپتۇ (ۋە) قۇت تىلەپتۇ، (تەڭرى) قۇت بېرىپ: «ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن»، دەپتۇدەك، شۇنداق بىلىگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.

48. [ قارا يول (تەقدىر) تەڭرىسىمەن، سىنىغىڭنى تۈزىتىمەن، ئۇزۇگۈڭنى ئۇلايمەن، ئەلنى يارىتىمەن (بەرپا قىلىمەن). بۇنىڭ ئەزگۈلىگى بولسۇن. بۇنى بىلگەيسىلەر!]

قېرى (موييسپىت) يول (تەقدىر) تەڭرىسىمەن، سۇنۇقۇڭنى ئوڭشايمەن، ئۈزۈگۈڭنى ئۇلايمەن، ئەلنى بەرپا قىلىمەن. بۇنىڭ ئەزگۈلىگى بولسۇن. دەپتۇدەك. (بۇنى) شۇنداق بىلىگىلەر.

49. [ يىرتقۇچ يولۋاس ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ ئىلانغا دۇچكېلىپتۇ. ئالا ئىلان تىنىك قىيا تاشقا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (يولۋاس) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، خۇشال ـ خۇرام يۈرگۈدەك. بىلىگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.]

يىرتقۇچ يولۋاس ئوزۇق ـ تۈلۈك ئىزلەپ چىقىپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ تاغ ئۆچكىسىگە

دۈچكېلىپتۇ . ياۋا ئۆچكە تىك قىيا تاشقا يامىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (ئۆچكە) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ، خۇشال – خۇرام يۈرۈپتۇ ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلگىلەر كى ، بۇ ئەزگۈ .

(a)ɣm(ï) —— « تاغ ئۆچكىسى » ( « ئىبنى – مۇھەننا لۇغىتى » ، ئاپتوللاھ باتتال ، ئەنقەرە ، 1988 – ، ئىككىنچى بېسىلىشى ، 35 – بەتكە قارالسۇن ) . نامىق ئورقۇن بۇ سۆزنى ( m(a)ɣ(ə دەپ ئوقۇپ تەرجىمە قىلماي ، تاشلاپ كەتكەن ، ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى « ئىلان » دەپ ئالغان ، ئەمما نېمىگە ئاساسە شۇنداق ئالغانلىقىنى ئەسكەرتمىگەن .

50 . [ تۇغ ئاتىنىڭ قۇيرۇغىنى تۈگۈپ تىك قىل ، هورۇن ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى قويۇپ بېرىپ ، توققۇز قات تەرلىك ياپ ، ياخشىلاپ تەرلسۇن دېگۈدەك . بىلگىلەر كى ، بۇ يامانلىق .]

ئالا ئاتىنىڭ قۇيرۇغىنى تۈگۈپ چاپتۇر ، تۈزلەڭگە قويۇپ بېرى يايرات ( يۈگرەت ) ، توققۇز قات تەرلىك تىشلىگىچە تەرلەت ، دەپتۇدەك بىلگىلەر كى ، بۇ يامانلىق .

tïɣat دېگەن سۆزنىڭ «ئالا ئات» ۋە «مىنىك ئات» دېگەن مەنىلىرى بار . tïɣ نى «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 – توم 611 – بەتتىكى tïɣrak «تايماس ، غەيرەتلىك ، باتۇر» ۋە 3 – توم ، 379 – بەتتىكى tïɣradï « دېغىردى ،قەيسەرلەشتى » دېگەن سۆزلەرگە ئاساسى بولغان tïɣ « باتۇر ، قەيسەر ، كۈچلۈك ، دېغىرىق » دېگەن سۆزنىڭ « ئات » قا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ .

y(a)z(ï)ɣ نى y(a)z(a)ɣ دەپ ترانسپىرىكسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ . « تۈركى تىللار دىۋانى » 3 – توم 19 – بەتتە yazak « ئوتلۇق – يايلاق » دېگەن سۆز بار ،

51 . [ توم ( يىرتقۇچ ) قارا قۇشمەن ، يېشىل قىيا مېنىڭ يايلىقىم قىزىل قىيا مېنىڭ قىشلىقىم . مەن شۇ تاغدا تۇرۇپ خۇشال بولغۇدەكمەن . شۇنداق بىلگىلەر كى !]

52 . [ ئەر پۇشۇغلۇق ( غەمكىن ) ، ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى ، شۇ ئارىدا كۈن چىقىپ ئىچى پۇشۇغى ئارىسىدا خۇشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك ، بىلگىلەر كى ، بۇ ئەزگۈ .]

53 . [ بوز بۇلۇت پەيدا بولۇپ ، كىشىلەر ئۈستىگە ( يېغىن ) ياغدى . قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ، ھەممە ئۈستىگە يېغىن ياغدى . ئاشلىق پىشتى . ئوت ئۈندى ، يىلقىغا ، كىشىگە ياخشى بولۇپتىدەك ، بىلگىلەر كى ، بۇ ئەزگۈ .]

54 . [ قۇل سۆزى بەگكە يېتىپتۇدەك ، قورغۇن سۆزى تەڭرىگە يېتىپتۇدەك ، يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلاپتۇ ، تۆۋەندە كىشى ئاڭلاپتۇ ، شۇنداق بىلگكى بۇ ئەزگۈ .]

قۇل سۆزى ئارقىلىق بېگىدىن ئۆتۈنۈپتۇ ، قوزغۇن سۆزى ئارقىلىق تەڭرىگە يالۋۇرۇپتۇ . يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلىدى ، تۆۋەندە كىشى بىلدى ، دەپتۇدەك .

55 . [ باتۇر ئەر ئوغلى سوقۇشقا بېرىپتۇدەك ، جەڭ مەيدانىدا سۆزمەنلەر ئۇنىڭغا : ئۆيۈڭگە قايتساڭ ئۆزۈڭ زور ئاتاق كۆتۈرىسەن . ئېتىڭنى كىشىلەر يېتىلەپ كېلىدۇ. دەپتۇدەك . بىلگىلەر كى ، بۇ ئېنىق ئەزگۈ .]

باتۇر ئەر ئوغلى سوقۇشقا بېرىپتۇ ، ئۇرۇش مەيدانىدا سۆزى كۈچلۈك ( قوماندان ) بولۇپ يېتىلىپتۇ ، دەپتۇ . ئۆيىگە قايتىپ كەلسە ، داڭقى چىقىپتۇ .( ئۇ ) خۇشال ( بوپتۇ ) . ئۇنىڭ نامى تىزلىك بىلەن تارقىلىپتۇ ، دەپتۇدەك . بىلگىلەر كى ، بۇ ئېنىق ئەزگۈ .

56 . [ ئۇيۇرۇم ( بايىتاللار تورپى ) ئۇچۇن قۇتلۇغ ئايغىرمەن ، ياگاقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىقىم ، قۇشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىقىم . شۇ يەردە تۇرۇپ خۇشال بولىمەن . دېگۈدەك بىلىگلەركى بۇ ئەزگۇ . ]

ئۇيۇرۇم ( بايىتاللار تورپى ) ئۇچۇن قۇتلۇق ئايغىرمەن . يوپۇرماقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىغىم ، قۇشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىقىم . شۇ يەردە تۇرۇپ خۇشال بولىمەن ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

57 . [ كۆلچەك ( ؟ ) قۇرۇپتۇدەك ، چىلەك توگلاپتۇدەك . كۆلچەك بەگنىڭ تۇرسا ، ئۇ قانداق قۇرۇپتۇ ؟ چىلەك كۇنگەيدە تۇرسا ، ئۇ نېمىشقا توگلايدۇ ؟ بىلىگلەركى ، بۇپال بىر ئىشنىڭ قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلسىمۇ ، ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ . ]

سۆيگىنى ئۆلۈپتۇ ، چىلەك توگلاپتۇ ، سۆيگىنى نېمىشكە ئۆلگەندۇ ؟ ئۇ بەگ بولۇشقا ( مۇناسىپ ) تۇرسا ؛ چىلەك نېمىشقا توگلىغاندۇ ؟ ئۇ كۇنگەيدە تۇرسا ، شۇنداق بىلىگـ لەركى ، بۇ پال ( بىر ئىشنىڭ ) باشتا بىراز قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلسىمۇ ، ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

kanïg — «تەشنالىق ، ئارزۇ – ئارمان » («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 – توم ، 487 – 488 – بەت ) ، kan ï k — « سۆيگىنى – جانانى » ( « تۈركى تىللار دىۋانى » ، 1 – توم ، 65 – بەت ) كە قارالسۇن .

58 . [ ( بىراۋنىڭ ) ئوغلى ئاتا – ئانىسىغا ئۆپكىلەپ كېتىپ قاپتۇدەك ، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ ( ئويلىنىپ ) ئانامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاي ، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي دەپ قايتىپ كەپتۇدەك بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

( بىراۋنىڭ ) ئوغلى ئاتا – ئانىسىدىن رەنجىپ ( ئۆيىدىن ) يامانلاپ چىقىپ كېتىپتۇ ، كېيىن يەنە ئويلىنىپ – سېغىنىپ قايتىپ كەپتۇ . ( ۋە ) « ئانامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاي ، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي » دەپ قايتىپ كەپتۇ ، دەپتۇدەك . بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

59 . [ يىلىغا توشقانىنى (چوگلارنى) يۇدەتمەي (جۇۋۇتماي) ئايغا توشقانىنى ( ياشلارنى ) ئازابلىماي ، ھەممىسى ياخشى بولسۇن دېگۈدەك بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

يىلىغا يەتكەننى چىرىتمايمەن ، ئايغا يەتكەننى بۇزمايمەن ، ( ھەممىسگە ) ياخشىلىق بولسۇن ( يەتسۇن ) ، دەپتۇدەك . بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

60 . [ توققۇز ئارىلىق بۇغا كېيىكمەن ، چىرايلىق تىزلىنىپ مىڭىرىغىدەكـ مەن ( ۋاقىرىغىدەكمەن ) ، يۇقىرىدا تەڭرى ( ئاسمان ) ، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى ، شۇنداق كۈچلۈكمەن . بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

( مۈڭگۈزۈم ) توققۇز ئاچىلىق بۇغا – كېيىكمەن ، يۈكسەك ئېگىز يەرگە چىقىپ مەڭـ رەيمەن ( ۋاقىرايمەن ) ، يۇقىرىدا تەڭرى ( ئاسمان ) ئىشىتتى ، تۆۋەندە ئىنسانلار بىلدى ، مەن ئەنە شۇنداق كۈچلۈكمەن ، دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىگلەركى ، بۇ ئەزگۇ . ]

61 . [ تورغاي قۇش ھەمراھلىرى يېنىغا قونىمەن ، دەپ سەزمەستىن تۇزاققا ئىلىنىپ قې- لىپ ، ئۇچالماي تۇرغىدەك . بىلىگلەركى بۇ يامانلىق . ]

تورغاي قۇش قونداققا قۇنۇپتۇ ، تۇيماستىن تۇزاققا ئىلىنىپ قاپتۇ ، ئۇچالماي تۇرۇپتۇ ،

دەپتۇدەك . شۇنداق بىلىگىلەركى ، بۇ يامانلىق .

tüxnək — «قونداق» «قەدىمكى تۈركچىسىنىڭ گراماتىكىسى ( Eski Turkqenin Grameri گابايىن ، 303 ــ بەت ) قارالسۇن . »

62 . [ يـارغۇن ( يـاۋا ) كـىيىكمەن ، يازلىقى تاقتا چىقىپ يايلايمەن ، خۇشالمەن ، دېگۈ-دەك ، بىلىگىلەركى بۇ ئەزگۇ . ]

63 . [ خان قوشۇنى بىلەن بىلەن ئۇۋغا چىقىپتۇ ، دائىرە ئىچىگە كىيىكلەر كىرىپتۇ ، خان كـىيىكلەرنى تۇتۇپتۇ ، قارا ( خەلق ) ۋە قوشۇنىنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپتۇ . بىلىگىلەركى ، بۇ ئەزگۇ .]

خـان قـوشـۇنـى (بـىلـەن) ئۇۋغا چىقىپتـۇ ، سـاغـىـر (قوتانغا ئوخشاش ئوۋ ئۈچۈن يـاسالغان توزاق) ئىچىگە ياۋا كىيىك كىرىپتۇ ، خان كىيىكنى قولى بىلـەن تـۇتۇپتـۇ ، قـارا (خەلق) ۋە ( خان ) قوشۇنى ھەممىسى خۇشال بولۇپتۇ ، دەپتۇدەك . بىلىگىلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

64 . [ كـۆك بـوز توغان قۇشمەن . كۆركەم قىيادا ئولتۇرۇپ ( ئەتراپىنى ) كۆزىتىمەن ، يا-گاقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ ، يايلايمەن ، دېگۈدەك . بىلىگىلەركى ، بۇ ئەزگۇ .]

ئاق بـويـۇنـلـۇق كـۆك تـوغـان قـۇشـمـەن ، كـۆركـەم قـىيادا ئولتۇرۇپ ( ئەتراپىنى ) كـۆزىـتىمەن . يۇپۇرماقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ ، يايلايمەن ، دېگۈدەك . بىلىگىلەركى ، بۇ ئەزگۇ .

boymul دېگەن سۆز « تۈركى تىللار دېۋانى » 3 ــ توم ، 242 ــ بەتتە بيمل boymal بُيْمل أتٌ boymal at « بـويـنـدا ئىقى بار ئات ، مۇشۇنداق قوي ۋە باشقىلارغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ » دەپ تـەبـىر بېرىلگەن . « دېۋان » دىكى ترانسكىپسىيە boymul بولغان بولسا ، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئۇيغۇنراق بولغان بولاتتى .

65 . [ سـېـمـىز ئات ( نىڭ ) ئاغزى قاتتىق بولۇپتۇ ، ئىگىسى ( ئۇنى ) ئاچالماپتۇدەك ، بىـ-لىگىلەركى ، بۇ يامانلىق .]

66 . [ ئەمدى ، ئامراق ئوغلانىم ، بـىـلـىـگـىـلـەركـى ، بـۇ ئىرق پـۈتـۈك (پال كىتابى) يـاخشى ( كىتاب ) ، ھەر بىر نەرسىنىڭ تەقدىرى ( ئۈلۈشى ) ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ۋە ھەر خىل بولىدۇ .]

ئەمدى ، ئامراق ئوغلانىم ، شۇنداق بىلىگىلەركى ، بۇ ئىرق پۈتۈك ( پال كىتابى) ياخشى (كىتاب ) . شۇنداق قىلىپ ھەممە ئۆز ئۈلۈشى ( رىسقى ) گە ئىگە بولىدۇ .

67 . [ بـارس يـىـلـى ئىـكـكـىـنچى ئاينىڭ 15 ــ كۈنى تەيگۈنتەن بۇتخانىسىدىكى كىچىك دىـندارلارنىڭ ( ئىلتىماس بىلەن ؟ ) ئاڭلىغۇچىمىز ئىسىسك سانغۇن ۋە ئىتەچۇك ئۈچۈن پۈ-تۈدىم .]

يولۋاس يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 15 ــ كۈنى ( مەن ) تەيگۈنتەن بۇتخانىسىدىكى كىچىك دىندار بۇرۇئا گۇرۇ ئاڭلاپ ، ئاكىمىز ئىسىسك سانغۇن ئىتەچۇك ئۈچۈن پۈتتۈم .

| | |
|---|---|
| ئۇۋ | (a)b |
| باياشات | (a)bïnču |
| ئاچماق | (a)q |
| ئايغىر | (a)dɣ(ï)r |
| ئايغىرلىق | (a)dɣ(ï)rl(ï)q |
| ئېيىق | (a)d(ï)ɣ |
| ئاشماق | (a)ɣ- |
| ئېغىل | (a)ɣ(ï)l |
| مۆرىمەس | (a)ɣ(ï)n |
| ئېغىز | (a)ɣ(ï)z |
| ئاق | aq |
| ئالماق | (a)l- |
| ئالا | ala |
| بارلىق | (a)lqu |
| باتۇر | (a)lp |
| ئالتۇن | (a)ltun |
| ئامراق | (a)mr(a)q |
| ئەمدى | (a)mtï |
| شۇنچە | (a)nča |
| شۇنداق قىلىپ | (a)nč(ï)p |
| شۇنىڭ بىلەن | (a)nïn |
| ئۇيەردە | (a)nta |
| ئۇنداق | (a)nt(a)ɣ |
| يامان | (a)ny(ï)ɣ |
| هارماق | (a)r- |
| ئارا | ara |
| ئارلىق | (a)r(a)lï |
| پايدا | (a)s(ï)ɣ |
| ئاستى | (a)sra |
| ئات | (a)t |
| ئاتالماق | at(a)n- |
| ئاتلىق | atl(ï)ɣ |
| ئاي | (a)y |
| ئاياق | (a)y(a)q |
| ئەيمەنمەك | (a)yïn |
| ئاز | az |
| ئازماق | az- |
| ئېزىق | azïɣ |
| ئۆي | (ä)b |
| ياخشى | (ä)dgü |
| ياخشىراق | (ä)dgüti |
| ئۆگزە | (ä)g(i)n |
| قول | (ä)l(i)g |
| ياۋا | (ä)lik |
| ئازاب | (ä)mg(ä)k |
| ئەمچەك | (ä)mig |
| زەھەرلەنمەك ؟ ئەمگۈسى كەلمەك ؟ | (ä)mši- |
| ياۋايى ( هايۋان ) | (ä)ŋ |
| ياۋايى هايۋان تۇتماق | (ä)ŋl(ä)- |
| ئادەم | (ä)r |
| قىلماق | (ä)r- |
| پەزىلەتلىك | (ä)rd(ä)mlig |
| كۆچلۈك | (ä)rklig |
| ئامان ـ ئېسەن | (ä)s(ä)n |
| ئالا | (ä)sri |
| ئاستا يۈرمەك | (ä)š- |
| گۆش | (ä)t |
| ئەتمەك | (ä)t- |
| ئىككى | (ä)ki |
| ئىككىنچى | (ä)kinti |
| يۆتكىمەك | (ä)lt- |
| ئىشتمەك | (ä)šid- |
| باغلىماق | ba- |
| تۆگۈن | b(a)ɣ(ï)š |
| بار | b(a)r |
| بارماق | b(a)r- |
| يولۋاس | b(a)rs |
| بېسىلماق | b(a)sïn- |
| باش | b(a)š |
| باي | b(a)y |
| پەدەزلىمەك | b(ä)dizlä- |
| بۆيۈك | b(ä)dük |
| بەگ | b(ä)g |
| بەگلىك | b(ä)glig |

| | |
|---|---|
| bi | بايتال |
| bič- | پىچماق |
| bil | بەل |
| bil- | بىلمەك |
| bir | بىر |
| bir- | بەرمەك |
| biš | بەش |
| biš yigirmi | ئون بەش |
| biš- | پىشماق |
| biti- | يازماق |
| bitig | پۈتۈك، كىتاب |
| bodun | خەلق |
| bol- | بولماق |
| boluγ | كۆندۈرۈلمىگەن تاي |
| boš | بوش |
| botula- | بوتۇلماق |
| boymul | بويندا ئىپقى بار |
| boz | بوز |
| böri | بۆرى |
| bu | بۇ |
| budluγ | پۈتلۈق ؟ |
| buγra | بۇغرا |
| buγral(ï)q | بۇغرالىق |
| bul- | ئىگە بولماق |
| bulït | بۇلۇت |
| buluŋ | بۇلۇڭ |
| buqursï | بۇغۇرسا |
| burua | پال ؟ |
| busanč | غەم ـ قايغۇ |
| busušluγ | قايغۇلۇق |
| buz(a)γu | مۇزاي |
| buz(a)γul(a)- | مۇزايلىماق |
| bük | بۇلۇڭ |
| t(a)b(ï)lqu | تىۋىلغۇ |
| t(a)b(ï)šγan | توشقان |
| t(a)γ | تاغ |
| t(a)l(ï)m | كۈچلۈك |
| t(a)lula- | تاللىماق |
| t(a)luy | دېڭىز |
| t(a)n | تەن |
| t(a)ŋ | تاڭ |
| t(a)ŋla- | تاڭ يورىماق |
| t(a)pla- | خالىماق |
| t(a)qï | تېخى |
| t(a)rïγ | تېرىلغۇ |
| t(a)ygunt(a)n | ( يەر نامى ) |
| t(ä)bä | تۆگە |
| t(ä)g- | تەگمەك |
| t(ä)gi | قەدەر |
| t(ä)glük | ئەما |
| t(ä)gür- | تەگكۈزمەك |
| t(ä)nsi | تەگرى ئوغلى |
| t(ä)ŋri | ئاسمان |
| t(ä)ŋrilig | ئېتىقادلىق |
| t(ä)ri | تېرە |
| t(ä)rit- | تەرلەتمەك |
| t(ä)rkläyü | تېز |
| t(ä)rtrü | تەتۈر |
| t(ä)z- | تەزمەك |
| t(ä)z(ä)k | تىزىق ؟ تىزەك |
| tiγ | مىنىڭ ئات |
| tiŋl(a)- | تىڭشىماق |
| tirŋ(a)q | تىرناق |
| titin- | تىتىلماق |
| tigr(ä)t- | ( ئاتنى ) سوۋۇتماق |
| til(ä)t- | تىلىمەك ، ئارزۇ قىلماق |
| tilkü | تۈلكە |
| ti- | دېمەك |
| tiril- | يىغىلماق |
| tiril- | تىرىلمەك |
| titig- | لاي |
| titir | چىشى تۆگە |
| tiz | تىز |
| tiz | ئىگىز جاي |

| | |
|---|---|
| تورنا | toγ(a)n |
| توغراق | toŋr(a)q |
| تون | ton |
| توڭماق | toŋ- |
| توڭگۇز | toŋuz |
| توققۇز | toquz |
| سانچىلماق | topul- |
| تورۇق | toruq |
| توز | toz |
| تۆرت | tört |
| ياسىماق | törüt- |
| تۇغماق | tuγ- |
| تۇمان | tum(a)n |
| تۇرماق | tur- |
| تۇرغۇزماق | turγur- |
| تورنا | turnya |
| تۇتماق | tut- |
| دوغا تىككەن پۇل | tutuγ |
| تۇيماق | tuy- |
| تۇۋاق | tuyuγ |
| تۇزاق | tuz(a)q |
| تۈگمەك | tüg- |
| مورا | tügünük |
| تۈگىمەك | tükä- |
| تۈگەل | tükäl |
| تۈمەن | tüm(ä)n |
| تۈك | tü |
| تۈن | tün |
| چۈشمەك | tüš- |
| قونداق | tüšnäk |
| قۇش | č(ä)k(i)k |
| نامرات | čïγ(a)ny |
| سەندەل | čïnt(a)n |
| دىندار | dint(a)r |
| سۆز | s(a)b |
| ئەلچى | s(a)bčï |
| چاچماق | s(a)q- |

| | |
|---|---|
| ساغىر | s(a)γïr |
| ئويلانماق | s(a)qïn- |
| سانچماق | s(a)nč- |
| قوماندان | s(a)ŋun |
| قېتىلماق | s(a)p- |
| سېرىق | s(a)r(ï)γ |
| سۆيمەك | s(ä)b- |
| سۆيۈنمەك | s(ä)bin- |
| سېمىز | s(ä)miz |
| سەمرىتمەك | s(ä)mril- |
| بۇغا | sïγun |
| سىنماق | sïn- |
| سىنۇق | sïnuq |
| سوقۇشماق | soquš |
| سۆز | söz |
| سۇ | sub |
| ئۆزۈلمەك | suqulun- |
| چىلماق | suq- |
| قوشۇن | sü |
| قالماق | q(a)l- |
| ئۇچۇپ ئۆرلىمەك | q(a)lï- |
| قانداق | q(a)ltï |
| ھەممە | q(a)m(a)γ |
| چۆمۈچ | q(a)mïč |
| يىقىلىپ ياتماق | q(a)m(ï)l- |
| مىدىرلىماق | q(a)mš(a)- |
| قومۇش | q(a)muš |
| خان | q(a)n |
| قانات | q(a)nat |
| جانان | q(a)n(ï)γ |
| خانلىق | q(a)nl(ï)γ |
| قەيەردە | q(a)nta |
| ئاتا ، دادا | q(a)ŋ |
| قاپسىماق | q(a)p- |
| پۇقرا | q(a)ra |
| قېرى | q(a)rï |
| قېرىن | q(a)r(ï)n |

| | |
|---|---|
| q(a)rš(ï) | بەدەل |
| q(a)t | قات |
| q(a)t(ï)γ | قاتتىق |
| q(a)t(ï)γdï | قاتتىقراق |
| q(a)t(ï)γlï | قاتتىقراق |
| q(a)tun | خانىش |
| q(a)ya | قايا |
| q(a)zγ(a)nč | ئۇقەت |
| qïl(i)č | قىلىچ |
| qïšl(a)γ | قىشلىق |
| qïzïl | قىزىل |
| qobï | تۆۋەن |
| qod- | قويماق |
| qodï | پەس تۆۋەن |
| qol- | قولىماق ، تىلىمەك |
| qon- | قونماق |
| qontur- | قوندۇرماق |
| qony | قوي |
| qop | ھەممىسى |
| qop- | قوپماق |
| qorq- | قورقماق |
| qudruq | قۇيرۇق |
| qudursuγ | سۆگەچ |
| quγu | ئاققۇ |
| qul | قۇل |
| qulun | قۇلۇن |
| qulunla- | قۇلۇنلىماق |
| qumursγa | چۈمۈلە |
| qunčuy | مەلىكە |
| qurtγa | موماي |
| quruγs(a)q | قۇرساق |
| quš | قۇش |
| qušl(a)- | قۇشلىماق |
| qut | قۇت |
| qutluγ | قۇتلۇق |
| quzγun | قۇزغۇن |
| k(ä)kük | كاككۇك ؟ |
| k(ä)l- | كەلمەك |
| k(ä)lür- | تۇغماق |
| k(ä)ntü | ئۆزى |
| k(ä)ŋrän- | غۇدۇڭشىماق |
| k(ä)räkü | كېرەكلىك |
| k(ä)s- | كەسمەك |
| kičä | كېچە |
| kič(i)g | كىچىك |
| kidiz | كىگىز |
| kin | كېيىن |
| kir- | كىرمەك |
| kisi | ئايالى |
| kišä- | كىشەنلىمەك |
| kiši | كىشى |
| kiyik | كىيىك |
| köčür- | كۆچۈرمەك |
| kök | كۆك |
| köl | كۆل |
| köl- | بويۇنتۇرۇقلىماق |
| könäk | چىلەك |
| köŋäk | چىلەك |
| köpük | كۆپۈك |
| kör- | كۆرمەك |
| körüklüg | كۆرۈملۈك |
| körüš- | كۆرۈش |
| közl(ä)- | كۆزلىمەك |
| közŋü | ئەينەك |
| kö(ü)nük | دەرىزە |
| küč | كۈچ |
| küčlüg | كۈچلۈك |
| kün | كۈن |
| kün(ä)š | كۈنگەي |
| guru | ھۆرمەتلىك |
| m(a)nïst(a)n | مانىستان |
| m(ä)n | مەن |
| m(ä)ŋ | ئۇزۇق |
| m(ä)ŋi | ھۇزۇر |

| | |
|---|---|
| m(ä)ŋil(ä)- | ھۇزۇر ئالماق |
| m(ä)ŋilig | ھۇزۇرلۇق |
| m(ä)ŋl(ä)- | ئۇزۇق ئىزدىمەك |
| min- | مىنمەك |
| miŋ | مىڭ |
| möŋrä- | مۆڭرىمەك |
| muŋluɣ | مۇڭلۇق |
| n(ä(čük | نىچۈك |
| nä | نە |
| n(ä)gü | نەگە |
| n(ä)lük | نېمىشكە |
| n(ä)t(ä)g | قانداق |
| odɣur- | ئويغاتماق |
| oɣl(a)n | ئوغلان |
| oɣ(u)l | ئوغۇل |
| oɣrï | ئوغرى |
| ol | ئۇ |
| olur- | ئولتۇرماق |
| on | ئون |
| oŋ- | ئۆڭمەك |
| ordu | خانساراي |
| ortu | ئوتتۇرا |
| oš | ئىچى |
| ot | ئوت |
| oy- | ئويماق |
| oyma | ئويۇنچى |
| oz- | قۇتۇلماق |
| u- | قادىر (بولماق |
| uq- | ئۇچماق |
| uqruɣ | لەگلەك |
| udïɣm(a) | ئۇخلىغان |
| udu | ئاندىن |
| ula- | ئۇلىماق |
| uluɣ | ئۇلۇغ |
| una- | ئۇنىماق |
| ur- | ئۇرماق |
| urï | ئوغۇل |
| uril(a)n- | ئوغۇل تۇغماق |
| ut- | ئۇتماق |
| utru | ئۇتتۇر |
| utuz- | ئۇتتۇرماق |
| uya | ئۇۋا |
| uɣur | ئادىل |
| uzun | ئۇزۇن |
| ö- | ئويلىماق |
| öpk(ä)lä- | رەنجىمەك |
| öd- | ھاياجانلانماق |
| ög | ئانا |
| ögir | خۇشاللانماق |
| ögr(ü)nčü | خۇشاللىق |
| ögr(ü)nčülüg | خۇشاللىنارلىق |
| öküz | ئۆكۈز |
| öl- | ئۆلمەك |
| ölüm | ئۆلۈم |
| öŋ | قاقاسلىق |
| öŋi | باشقا ئايرىم |
| örgin | تەخت |
| ört(ä)n- | ئۆرتەنمەك |
| öt | نەسىھەت |
| ötüg | ئۆتۈنۈش |
| ötün- | ئۆتۈنمەك |
| öz | ئۆمۈر |
| özlük | كۆندۈرۈلگەن |
| üč | ئۈچ |
| üčünč | ئۈچىنچى |
| üč(ü)rgü | تەرلىك |
| üg(ü)r | توپ ، پادا ؟ |
| ügüš- | ( كېيىم ـ كېچەكنى ) سالماق |
| ügüz | دەريا |
| üküš | كۆپ |
| ülüg | قىسمەت |
| ümäl(ä)- | ئۆمۈلىمەك |
| ün- | ئۈن |
| üŋüš- ? | كىرىشمەك |

| | |
|---|---|
| üpgük | هۆپۈپ |
| ürk- | ئۈركۈمەك |
| ürk(ü)t- | ئۈركۈتمەك |
| ürüŋ | ئاق ، ئۈرۈڭ |
| özä | يۇقىرى |
| üzük | ئۈزۈلگەن |
| ïčγ(ï)n- | قولدىن بەرمەك |
| ïd- | ئەۋەتمەك |
| ïduqluq | مۇقەددەس بولۇشقا مۇناسىپ |
| ïγ(a)č | ياغاچ |
| (ï)mγa | تاغ ئۆچكىسى |
| ïrq | بەلگە |
| ič | ئىچ ، ئىچى |
| ič- | ئىچمەك |
| ič(i) | ئاكا |
| ičrä | ئىچى |
| idi | ئىگە |
| idiš | ئىدىش |
| il | خانلىق |
| ilin- | ئىلىنمەك |
| in | ئۆۋا، كاما |
| ing(ä)k | ئىنەك |
| ing(ä)n | ھىنگان |
| irk(ä)k | ئەركەك |
| isig | ئىسسىق |
| (i)s(i)n- | يۇمشىماق |
| it- | تەشكىللىمەك |
| itačuq | خاس ئىسىم |
| y(a)b(ï)z | ياۋۇز |
| y(a)bl(a)q | ياۋلاق ، يامان |
| y(a)dr(a)t- | يايراتماق |
| y(a)γ- | ياغماق |
| y(a)γ(a)q | ياپراق |
| y(a)γï | دۈشمەن |
| y(a)γl(ï)γ | ياغلىق |
| y(a)γrï | يېغىرلانماق |
| y(a)l(a)b(a)č | ئەلچى |
| y(a)lb(a)r- | يالۋۇرماق |
| y(a)lγ(a)- | يالىماق |
| y(a)l(ï)m | كۆچلۈك |
| y(a)lŋuš | يالغۇز |
| y(a)na | يەنە |
| y(a)ŋra- | ھۆكىرىمەك |
| y(a)p- | ياپماق |
| y(a)r- | يارماق |
| y(a)ra- | يارىماق |
| y(a)rγun | ياۋا بوغا |
| y(a)r(ï)l- | يېرىلماق |
| y(a)r(ï)n- | تاڭسەھەر |
| y(a)ru- | يورۇماق |
| y(a)ruq | يورۇق |
| y(a)sïq | يېسى ئۇقيا |
| y(a)š | ئوت – چۆپ |
| y(a)š(ï)l | يېشىل |
| y(a)t- | ياتماق |
| y(a)t(ï)γlï | ياتقان |
| y(a)yl(a)- | يازلىماق |
| y(a)yl(a)γ | يايلاق |
| y(a)z(ï)γ | تۆزلەڭلىك |
| yïdït | يىدىتماق |
| yïl | يىل |
| yïl(a)n | يىلان |
| yïlqï | يىلقى |
| yig(i)rmi | يىگىرمە |
| yil | يال |
| yir | يەر |
| yiš | تاغلاردىكى ئوتلاق |
| yitiglig | يېتىگلىك |
| yol | يول |
| yoq | يوق |
| yorï- | ماڭماق |
| yul- | يۇلماق |
| yunt | ئات |
| yurt | ئۆي ، يۇرت |
| yutuz | ئائىلە ئايالى |
| yügür- | يۈگۈرمەك |
| yütür- | يۈتتۈرمەك |
| yüz | يۈز ( سان ) |

# ھەمزەنامە ①

### غەرىب خەسنە

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

## فەسلى داستان ، ئۇمەر ئىبنى ئەمىر ھەمزەگە زەرد زابۇلى زەخم ئۇرغانى ، ھەزرەتى ئەمىر بەيتى ھىسارغە كېلىپ تۇشكەنلەرى ۋە مىھرى نىگارنىڭ بۇ شەھردە ئىكەننى ئاڭلاپ ، قۇباد شەھرىيارنى كۆرۈپ ، مەلىكە بىرلە يەنە ياراشقانلارى

كى ئەمما بۇ سۆزنى قىلىپ راۋىيان ،
ئەمىر كەلدى ئۆز لەشكەرىگە رەۋان .
بۇ سەردارىدىن ھالۇ ئەھۋال سوراپ ،
بېرىپ تۇتتىلار كىم بۇلارغە شەراب .
كى ئاندىن خاجە ئۇمرى ئىجازەت بىلەن ،
مەداينغە كەلدى ئەداۋەت بىلەن .
كېلىپ بۇ شەھەردە تۇرۇپ بىر نېچە ،
ئالىپ چىقتى نۇشىرۋاننى كېچە .
كى باغلاپ ئالىپ كەلدى بىر غارىغە ،
قويۇپ مۇندا كەلتۇردى ئۆز ھالىغە .
دېدىكىم : « قەنى ئەمدى نۇشىرۋان ،
ئۆلاجىڭ نەدۇر ھەم بارۇرسەن قايان ؟
كى ئۈچ كۈن بۇ شەھلىقنى بەرمىش ئىدىڭ ،
تولا يىل ئۆتتۇپدۇر ، نە دەپ بەرمەدىڭ ؟ »
دېدىكىم بۇ نۇشىرۋان : « ئەي ۋەلى ،
كى بەختەك مېنى قويمادى بەرگەلى . »
ئالىپ كەلدى بەختەكنى بۇ شەھرىيار ،
دېدى بۇ : « ھەرامزادەئى نابكار .
مېنى قويمادى خاجە جۇمھۇر ھەم ،
ئانىڭدىن ئېرۇر سىزگە دەردۇ ئەلەم . »
بارىپ خاجە جۇمھۇرنى شول زەمان ،

ئالىپ كەلدى ئول دەم خاجە ئۇمرى رەۋان .
ئۇرۇپ ئېردى ھەر قايسىنى بىر تاياق ،
كى بەختەك تولا قورقۇبان بولدى ئاق .
بۇ يىغلاپ دېدى : « ھەرنە ۋاسىل قىلاي ،
كى مەقسەدنى مەن بارچە ھاسىل قىلاي . »
دەپ ئېردى خاجە ئۇمرى قويۇپ بەردىلەر ،
شەھەرگە كىرىپ كەتتى يىغلاپ بۇلەر .
خاجە ئۇمرى چىقىپ غارنىڭ تاشىغە ،
كېلىپ ئايدى جۇمھۇرنىڭ تاشىغە :
« بۇ ئىشلارغە مەندىن ، خاجەم ، ئاغرىماڭ ،
كى دۇشمەن بىلىنىپ بەك يامان چاغلاماڭ . »
دېدى خاجە جۇمھۇر مۇنداغ داغى :
« ماڭا يوقتۇ سىزدىن كۆڭۈل ئاغرىغى .
چەراكى ئەمىر ھەمزەنىڭ شەفقەتى ،
ئانىڭ يوق ئىكەن رەھم ئىلە ئۇلفەتى . »
خاجە ئۇمرى دېدى : ئەي خاجەم ، ئول ئەرەب ،
كى بىشەفقەت ئۇلمىشكى دەرسىز نە دەپ ؟ »
دېدى خاجە جۇمھۇرى : « ئەي سادە دىل ،
مەلىكە نىگار يادىدا ئۇشبۇ خىل .
ئەقىدە قىلۇر ئېردى سىزلەرنى دەپ ،
ئانى قوغلاپ ئەتتى ئەمىرى ئەرەب .

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئالىپدۇركى تۇللۇقنى ئۇل باشىغە ،
چۇ كەلمەيدۇ نۇشىرۋان قاشىغە .
ئەمىر ئاتىدا ئولتۇرادۇركى ئول ،
بويى هامىلە ئېردى ، تۇغدى ئوغۇل .
كى ئۇچ قاتلا نۇشىرۋان ئۇشبۇرەڭ ،
كى ئىلغار ئىبەردى ، قىلىپ سەختى جەڭ .
ئالالماي بۇ كۈنلەردە بولمىش قەبەل ،
كى ئاچلىقغە ئۆلمىش شەهەر ئىچرە ئەل .
كىرىپدۇركى فەرزەند ئىكى ياشىغە ،
كۆرۈڭ زار ئىمىش بىر قوشۇق ئاشىغە .
كى بەيتى هىسارى دېگەن شەهرىدە ،
يەنە كەتتى ئىلغار بۇ ئەسرىدە . »
بۇ سۆزنى خاجە ئۇمرى ئىشىتكەن زەمان ،
كى بولدى كۆزىگە قاراڭغۇ جەهان .
دېدىكىم ئەمىر بەندكە تۇشكەنلەرى ،
« بىرى ئولدى مىهرى نىگاردىن نارى .
بولۇپ تەفرىقە بۇ جەهان ئىچرە باش ،
كۆتەرگەيمىزۇ يا تىرىك ، ئۆلسە كاش .
ئەمرنى مەلىكەم بىلەن مەن ئەگەر ،
ياراشتۇرماسام بولماغۇمدۇركى ئەر . »
رىزالىق ئالىپ خاجەدىن ئانچۇنان ،
كى بەيتى هىسارىغە بولدى رەۋان .
يېتىپ كەلدىلەر يول يۇرۇپ بىر نېچە ،
كەمەند بىرلە كىردى شەهەرگە كېچە .
كۆرەشتى مەلىكەم بىلە دەرمەهال ،
سوراپ يىغلاشىپ ئانچۇنان هەسبى هال .
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئەي مەلىكە نىگار ،
ۋە هالا مېنىڭ بىر سۆزۈم سىزگە بار .
ئەگەر بولسە هەم كۆڭلىڭىزدە تاناش ،
ئەمىر بىرلە قىلماقغە كەلدىم ياراش .
كى بىر يەردە سىزلەرنى قىلماق ئۇچۇن ،
ئاند ئىچتىمكى سىزلە ياراشماق ئۇچۇن . »
دېدى : « ئەي مەلىكە ، ساڭا سۆز شۇبۇ ، »
بۇ سۆزلەرنى دەپ كەلدى لەشكەرگە بۇ .
كېلىپ بارگاهىغە ئاندىن يۇرۇپ ،
دۇئا قىلدى ئەۋۋەل ئەمىرنى كۆرۈپ .
كى ئاندىن چىقىپ بارگاه تاشىغە ،
يۇگۇردى ئۇمەر هەمزەنىڭ قاشىغە .
دېدىكىم بۇ شەهزادەگە : « ئۇشبۇ دەم ،
كى سىزنى خەلايىق دېمىش شۇم قەدەم .

نە چۇن سىز كېلىپ مۇندا ئەيلەپ نىزا ،
ئەمىر بولدى مىهرى نىگاردىن جۇدا .
بارىپ كۆردۇم ئانى بۇ ئۆتكەن زەمان ،
خەراب ئولمىش ئانىڭكى هالى يامان .
هىسارى دېگەن شەهردە بۇ مەهەل ،
شەهەر ئەمما تۆرت يىل بولۇپدۇر قەبەل .
كىرىپدۇركى فەرزەندى تۆرت ياشىغە ،
ئۆلار زار ئېرۇر نان بىلە ئاشىغە .
بۇ كۈندە تاپالماي يېمەككە تارىغ ،
چىرايى ئانىڭ زەئفەراندەك سارىغ .
نە بولغاي ئانى بىر خەلاس ئەيلەسەڭ ،
قىلاي مەن قەبۇل ، سەنمۇ هەرنە دېسەڭ . »
دېدىكىم ئۇمەر ئىبنى هەمزە بۇ هال ،
نېچۇك مەن خەلاس ئەيلەيىن ، يولغە سال »
خاجە ئۇمرى دېدى : « بىر زەمانە بىلە ،
شىكارغە چىقىڭ سىز بەهانە بىلە .
خەلاس ئەيلەمەككە گەر ئولسە قاراي ،
ۋەلې سىزنى مەن ئاندا ئالىپ باراي . »
بۇ ئىشنى قەبۇل ئەيلەدى ئول ئەزىز ،
خاجە ئۇمرى ئەمىر قاشىغە كىردى تېز .
كىرىپ دېدى بۇ : « يا ئەمىرى زەمان ،
ئۇمەر هەمزە دىلگىر بولۇپدۇر يامان .
شىكار ئەيلەمەككە قويادۇر قەدەم ،
كى مەئقۇلمۇدۇر بۇ ئىشى سىزگە هەم ؟ »
ئەمىر دېدىلەر : « ئۇشبۇ يەگلىغ دېسە ،
مۇبادا ئەگەر بولسە هەر هادىسە .
كىشى تەفرىقە بولماغاي بىكەسى ، »
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « ماڭا ئۇددەسى . »
ئوشۇل دەم ئۇمەر ئىبنى هەمزە رەۋان ،
بولۇپ ئېردى قىرق مىڭ كىشى كامران .
يېتىپ بىشەئى فەيزگە تۇشتىلەر ،
بۇ يەردىن خاجە ئۇمرى ئالاي دەپ خەبەر .
قويۇپ كۇفر ئېلى لەشكەرىگە قەدەم ،
كېلىپ مىرزەبان شاهنى كۆردى بۇ دەم .
بۇ سەگ تەختىدە ئولتۇرۇپدۇر بۇرۇن ،
كى سەندەلدە زۇبىنغە تەگمىش ئورۇن .
مۇنىڭ يانىدا زەرد زابۇلى بار ،
كۆرەندى ئەجەپ پەهلەۋان نامدار .
خاجە ئۇمرى يانىپ غەم تۇشۇپ باشىغە ،
كېلىپ بۇ ئۇمەر هەمزەنىڭ قاشىغە .

دېدىلەركى : « زابۇلنى كۆردۇم بارىپ ،
ئۇ كافەرغە هالا سىز ئېرمەس ھەرىف .
بارىپ مەن يەنە كەلمەگۈنچە مۇدام ،
ۋەلى تەبرەمەك ئورنىڭىزدىن مۇدام .
بۇ كەلدى ئەمىر قاشلارىغە رەۋان ،
دېدىكىم كېلىپ : « ئەي ئەمىرى زەمان .
شىكار ئەيلەمىش ئېردۇكۇ سەر بەسەر ،
تاپىپ زەرد زابۇلى بىزدىن خەبەر .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بىلە ئۇشبۇ رەڭ ،
ئۇلار بىرلە ئاندا قىلىپ قالدى جەڭ . »
بۇ سۆزدىن ئەمىر قوپتىلار شول زەمان ،
سەۋار ئولدى تاشقىرغە ، ئولدى رەۋان .
يېتىپ كەلدى ئول بىشەگە بۇ مەھەل ،
قىلىپ سەفنى ئاراستە كۇفر ئەل .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بولۇپ كامران ،
بۇ سائەتدە مەيدانغە كىردى رەۋان .
ئۇ مەر ھەمزەنى ئۇشبۇ يەگلىغ كۆرەپ ،
ئوشۇل ۋەقت يەتتى ئەمىرى ئەرەب .
بەرا بەرەبولۇپ زەرد زابۇلى ھەم .
ئۇمەر ھەمزەگە زەخم ئۇردى بۇدەم .
بۇ ھەم زەخم ئۇرۇپ زەرد زابۇلىغە ،
بۇ مەلئۇن قاچىپ كەتتى كابۇلىغە .
ئەمىر كەلگەچ ـ ئوق كۇفر ئەھلى تەمام ،
قاچىپ مىرزەبان شاھىغە خاسۇ ئام .
كى زۇبىنۇ ئەنكۇسۇ زەرھەل فىشان ،
بۇ ھۇرمىز بىلە قاچتى ، قالماي نىشان .
تاپىپ ئەھلى ئىسلام بۇلاردىن ئەمان ،
يانىپ تۇشتى جەڭدىن ئەمىرى زەمان .
دېدىكىم ئەمىر ئولتۇرۇپ : « بۇ نە يەر ؟
بۇ يەردە كۆرەنگەن بۇ قايسى شەھەر ؟
بۇ سۆزدىن قوپۇپ خاسۇئام ئۇنلەمەي ،
بەرەھنە بولۇپ تۇردىلار سۆزلەمەي .
دېدى : « يا ئەمىر ، بۇ شەھەر ئاتىنى ،
دېمەكلىككە تىل يوق مەقالاتىنى .
دېسەك ئول كىشى ئاتىنى بىز ئەگەر ،
قىلۇرلاركى بىزلەرنى زىرۇ زەبەر . »
دېدىكىم ئەمىر : « بۇ نە گۇفتاردۇر ،
ۋەيا مۇندا مىھرى نىگار بارمۇدۇر ؟ »
ئوشۇل دەم قۇبادخاننى مۇقبىل ئېلىپ ،
چىقىپ قىلدى تەئزىم ئەمىرگە كېلىپ .
ئەمىر ئالدىدا قويدى فەرزەندىنى ،
ئەمىر كۆردىلەر بۇ جىگەر بەندىنى .
قوپۇپ سالدى قولنى قويانلارغە بۇ ،
كى سۆز قىلدى شىرىن ، كېلىپ يىغلاغۇ .
جىگەرلەر سىز بولدى مۇنىڭ سۆزىدىن ،
كى يىغلاشتى لەشكەر كېتىپ ئۆزىدىن .
قىلىپ بارچە لەشكەر فىغانۇ خۇرۇش ،
تەمام خەلقىنىڭ كۆڭلىگە تۇشتى جۇش .
دېدىكىم قوپۇپ بارچە لەشكەر ھەمە :
« بۇ فەرزەند سېنىڭ ، رەھم قىلساڭ نېمە ؟
مۇنىڭ خاتىرىدىن نە بولسە تالاش ،
بۇ مىھرى نىگار بىرلە ئەمدى ياراش . »
دەلىللەر بىلەن سۆز قاتىپ نەچچە بىر ،
بۇ ئىشلارغە شۇك تۇردى ئاندىن ئەمىر ،
كېلىپ يىغلاشىپ چوڭ ـ كىچىك ، پىرۇ ياش ،
مەلىكەمنى قىلدى ئەمىرگە ياراش .
بۇلار تۇتتى بەيتى ھىسارىدا جاي ،
قىلىپ ئەيشۇ ئىشرەت بىلەن ئىككى ئاي .

**فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر كابۇلغە بارغانلارى**

دېدى بىر كۈنى بۇ ئەمىرى زەمان :
« كېتىپدۇر ھەرامزادەئى زەرد قايان ؟ »
خاجە ئۇمىرى دېدى : « ئەي ئەمىرى ئەرەب ،
كېتىپدۇر قاچىپ شەھرىگە بۇ تەرەف .
ئەمىر دېدى لەشكەرنى : « يۇرسۇن تەمام ،
قىلالىڭ ئانىڭ ئارقەسىدىن خىرام . »
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بۇ سول قول بىلەن ،
ئازىپ يۇردى بىلمەي غەلەت يول بىلەن .
بۇ قىرق مىڭ كىشىلەر ئارا نەچچەسى ،
مۇنىڭ چۆلدەرەپ ئۆلدى بىر ھەسسەسى .
تىرىك قالغانى چىقتى كابۇلغە ،
خەبەر يەتتى بۇ زەرد زابۇلغە .
بۇ مەلئۇن چىقىپ ئالدىدا ئۇشبۇ ھال ،
تىكىپ تۇغ ـ ئەلەملەرنى تۇزدى ياسال .

كېلىپ زەرد زابۇلى ئەيلەپ غەرو ،
ئۆمەر ھەمزە بولدى مۇڭا رو بەرو .
كى شەمشىرگە ئەيلەپ سۇپەرنى پەنا ،
بۇ شەھزادەگە زەخم ئۇردى يانا .
بۇ ھالەتتە يەتتى ئەمرى زەمان ،
قىلىپ سەختى جەڭ ، ھەر تەرەف كەتتى قان .
قاچىپ زەرد زابۇل شەھەرگە بۇ دەم ،
سىفىللارنى مەھكەم قىلىپ ، تۇشتى غەم .
شەھەر ئىچرە تاپتى بۇ كافەر ئەمان ،
ئەمىر ھەم يانىپ تۇشتىلەر شول زەمان .
ۋە ھەركۈن بۇ دەربەندىگە ئۇشبۇ رەڭ ،
يۈگۈردى بۇ لەشكەر قىلىپ سەختى جەڭ .
ئالالماي شەھەرنى قاباپ ياتتىلار ،
بۇ ئىشلارغە تەدبىر قىلىپ باقتىلار .
ئۆمەر ئىبنى ھەمزە ئىدى زەخمدار ،
ئالىپ زەخمى ھەم قوپتى بۇ شەھرىيار .
ئەمىر ھەر كۈنى دېدى : « بولغايمۇ ئەر ،
يۈگۈرسە بۇ دەر بەندەگە شول ئەگەر ؟ »
دەپ ئېردى ئۆمەر ھەمزە قوپتى رەۋان ،
دېدى : « مەن ئالاي » دەپ ، بولۇپ كامران .
بۇ سۆزگە ئەمىرنىڭ كېلىپ ئاچچىغى ،
دېدى : « شەرمىگىز يوقمۇ ھالا داغى .
غەلەت يول بىلەن چۆلدىرەپ بەد ئىشىڭ ،
يىگىرمە ئىككى مىڭ ئۆلدى ناھەق كىشىڭ .
يەنە زەرد زابۇلدىن دەم بەدەم ،
يېدىڭ زەخم ھەم ئىككى نەۋبەتمۇ ھەم .
ئۇيات يوق يانا دەرسەنۇ مەن باراي ،
قىلىپ سەختى جەڭ بۇ شەھەرنى ئالاي ! »
بۇ سۆزگە ئۆمەر ھەمزە ئەيلەپ فىغان ،
ئۆزىنى چىقىپ ئاستى بەرمەي ئەمان .
بۇ ئىشدىن خاجە ئۆمرى خەبەردار بولۇپ ،
تانابىنى كەستىكى بىدار ئولۇپ .
خاجە ئۆمرى دېدى سەن بىلە مەن ئالاي ،
خەبەردار بول ، مەن شەھەرگە باراي .
رەۋان بولدى ئۇل دەم چىقىپ ئۇشبۇ ئەر ،
ئالاي دەپ شەھەر سارىدىن بىر خەبەر .
كى ئاھىستە يۈردى شەھەرنى ماراپ ،
كى بىر نەچچە كافەر ئىچەدۇر شەراب .
خاجە ئۆمرى رەبابى بولۇپ بۇ مەھەل ،
رەباب چالدى ئۇل دەم ئوقۇپ بىر غەزەل .
كېلىپ كۇفر ئېلىگە بۇ ئاۋازى خۇش ،
يەقىن قىچقىرىپ ، قويدى ئالدىدا گوش .
ھېكايە بىرى ئەيلەدى باشدىن ،
كېلىپ مىرزەبان شاھىنىڭ قاشدىن .
دېدى : « سەرۋى خادىم مېنىڭكى ئاتىم ،
ياماننىلىقدا يوقدۇر مېنىگدەك يەتىم .
ئالىپ ئېردى كادىسدىن ھەفت پەنج ،
بىلۇرمەن ئانى باردۇرۇر ھەفت گەنج .
ماڭا مىرزەبان شاھ سەرۇپا بېرىپ ،
كى زابولغە بەرمەككە كەلدىم ئالىپ . »
خاجە ئۆمر بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان ،
مۇڭا ئاشنالىقغە تۇردى ھەمان .
لەقەم ئاغزىدىن تاشنى ئالدى بۇلەر ،
بۇ يول بىرلە دەربەندىگە كىردىلەر .
ھەرۇپانى خادىم قويۇپ باشغە ،
ئالىپ كىردى زابۇلنىڭ قاشغە .
تاپىپ ئۇل زەمان نەغمەئى دافۇ نەي ،
مۇنىڭ بىرلە سۇھبەت قىلىپ ئىچتى مەي .
خاجە ئۆمرى رەبابىنى ئۇل دەم چالىپ ،
قويۇپ تۇتتى دارۇيى بىھۇش سالىپ .
ئىچىپ ھۇشدىن كەتتى ئەيلەپ دەرىغ ،
بۇلارنى تۇتۇپ باغلادىلار ئارىغ .
ھەمە پۇلنى كولبارىغە تىقتىلار ،
كى دەربەندەلەرنى ئاچىپ چىقتىلار .
ئۆمەر ھەمزەگە بۇ خەبەرنى سالىپ ،
بۇلار كىردى ئانى شەھەرگە ئالىپ ،
كى زابۇلنى باغلاتىپ ئۇشبۇ ئەر ،
بۇ ئىشلارنى قىلدى ئەمىرگە خەبەر .
بۇلار كىردى دەربەندەگە شول زەمان ،
نەسىھەت قىلىپ باقتىلار ئانچۇنان .
دېدى : « كىمكى مەردانەلىك بىرلە ئول ،
مېنى تۇتسە قىلغۇم سۆزىنى قەبۇل .
كى ئاندىن مۇسۇلمان بولاي جانۇ دىل ،
ھەلى بولماسۇن بىھۇدە ئۇشبۇ تىل . »
بۇ سۆزدىن سەلاھلار بېرىپ قاتما قات ،
قويۇپ بەردىلەر مىندۇرۇپ ياخشى ئات .
تۇرۇپ مۇندا ئۆتتى زەمانى نېچە ،
بۇ يەگىلىغ خەبەر تاپتىلار بىر كېچە .

## فەسلى داستان ، ئەمر كۇتۇرىغە كەلگەنلەرى

كېلىپدۇر كۇتۇرىغە قىرىق مىڭ كىشى ،
بۇ يولنى توساپ ياتماق ئانىڭ ئىشى .
ھەلى كۆك تۆمۇرنى كىيىپ پىرۇ ياش ،
ئىمىش مەلكى بەھمەن ئو لەشكەرگە باش .
ئانىڭ ئوغلى بەھمەن دېگەن بار ئىمىش ،
ئەجەب پەھلەۋانلىقدا يۇر زور ئىمىش ،
ئۇمەر ھەمزە سۆزنى ئىشتكەن زەمان ،
كى يۇردى بۇ سەگلەر قاشىغە رەۋان .
يېتىپ كەلگەچ ـ ئوق راھىنى ئالدىلار ،
كى بەھمەننى بىر نەيزەدە چالدىلار .
مۇسۇلمان بولدى بۇ قورقۇنجىدىن ،
قۇتۇلدى بۇ مەلئۇن ئۆلۇم رەنجىدىن .
مۇنىڭ كەتمەدى كۇفر غەم ـ غۇسسەسى ،
بۇ مەلئۇن قاچىپ كەتتى تۇن ھەسسەسى .
يولاقتى يول ئۇزرە مۇڭا كارۋان ،
ئارىغ باشىنى كەستى بەرمەي ئەمان .
خادالارنى سانچىپ ئوشۇل باشىغە ،
كېلىپ مەلكى بەھمەن دېگەن قاشىغە .
دېدى : « ھەمزەنىڭ ئوغلىنى مەن ئالىپ ،
يىقىتتىمكى بىر نەيزە بىرلە سايىپ .
دىنىمغە كىرىپ ئېردىكىم ئول بەچە ،
كېتىپدۇر قاچىپ ئوشبۇ ئۆتكەن كېچە .
ئانى قوغلاشىپ ئارقەسىدىن رەۋان ،
كى بەرمەي ئانىڭ لەشكەرىگە ئەمان .
بۇ باشلار ئانىڭ خەلقىنىڭ باشى بۇ . »
دېدى :« بۇ ئەرەب لەشكەرىدىن شۇبۇ . »
بۇ سۆزنى ئىشتتىكى بەھمەن بۇ ھال ،
دېدى شاد ئولۇپ : « تەبلۇ نەققارە چال ! »
خاجە ئۇمرى خەبەرگە كېلىپ بىر كۇنى ،
ئەجەب چىقتى بۇ شادىيانە ئۇنى .
خاجە ئۇمرى بۇ سۆزلەردىن ئولدى گۇمان ،
ئەمىر قاشىغە كەلدى مۇندىن رەۋان .
دېدى : « يا ئەمىر ، مەن خەبەرگە بارىپ ،
ئىدىم ، دېدى بەھمەن بۇ سۆزنى كېلىپ .
خاداغە ئاسىپ بىر نەچە كاللانى ،
دېدى : ئالدىم ئول ھەمزەنىڭ ئوغلىنى .
كى بىر نەيزە بىرلە يىقىتتىم رەۋان ،
تۇتۇپ باغلادىم ئەسلى بەرمەي ئەمان .
مېنىڭكى دىنىمغە كىرىپ ئول بەچە ،
كېتىپدۇر قاچىپ ئوشبۇ ئۆتكەن كېچە . »
ئۇمەر ھەمزە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بۇ دەم ،
ياقاسىن قىلىپ پارە ـ پارە بۇ ھەم .
دېدى : « ئەي خۇدايا ، ئېرۇر بىر خۇدا ،
ئانىڭ يولىغە بولسۇ جانىم فىدا ،
تۇتۇپ مەن كەمەر زەنجىرىدىن ئانىڭ ،
ئالىپ ئالدىڭە كەلمەسەم مەن سېنىڭ .
جەھان ئىچرە نامەردلىك ئىتىقاد
قىلىپ ، قىلماسۇن پەھلەۋانلىقنى ياد ! »
بۇ سۆزلەرنى دەپ قوپتىلار شول زەمان ،
چىقىپ يۇردىلەر كۇفر ئەھلى سويان .
ئەمىر دېدىلەر : « ئەي خاجە ئۇمرى ، ئانى
ئىبەردىڭ تارىپ بۇ يامان فىتنەنى .
ئانىڭ ئارقەسىدىن بارالىڭ ھەمە ،
كۆڭۇل تىنمادى ئول قىلادۇر نېمە . »
ئەمىر باشلىغىن يۇردىلەر خاسۇ ئام ،
قىلىپ ئەسئەسە لاۋۇ لەشكەر تەمام .
ئۇمەر ھەمزە بەھمەننىڭ ئىشكىدە ھەم ،
ئالىپ تىغنى ئىلكىگە ئوشبۇ دەم .
تۇشۇپ ئاتىدىن باد يەڭلىغ رەۋان ،
كىرىپ بارگاھىغە كەلگەن زەمان .
كى سەف ـ سەف تۇرۇپدۇر ھەمە نامدار ،
كى ئەۋۋەل سەلام قىلدى بۇ شەھرىيار .
بۇ ئەسنادا ئەمما غەزەبلىك ئۆزى ،
بەناگاھ بۇ ھۇمانغە ①تۇشتى كۆزى .
دېدىلەركى : « ئەي سەگ ، مېنى چالغۇچى ،
تېخى سەنمۇ سەن نەيزەدە ئالغۇچى ؟ ! »
كەمەر بەندىدىن تۇتتى بەرمەي ئەمان ،
ئالىپ چىقتى ، مىندى ئاتىغە رەۋان .

---

① بۇ ئىسىم قول يازمىدا باشتا « بەھمەن » دېيىلگەن ئىدى . بۇ يەردىن باشلاپ كېيىنكى بىر نەچچە ئورۇندا « ھۇ- مان » دېيىلىپتۇ . ئەينەن ئېلىندى .

بۇ سەگىنلىك بىلىدىن تۇتۇپ بەككىنە ،
كۆتەردىكى گويا خەمەكدە ككىنە .
ئەلەم قىلدىلار ئاتىنىڭ باشىغە ،
ئالىپ كەلدى مۇنداغ ئەمىر قاشىغە .
ئەمىر دېدى : « هۇمان دېگەن سەنمۇسەن ،
بۇ سۆزلەرنى دەپ شەرمە تۇتماسمۇسەن ؟
ئاتانىڭ قاشىدا لاف ئۇرۇپ ئۇشبۇ رەڭ ،
نېدىن قىلمادىڭ قوۋۋەتىڭ بىرلە جەڭ . »
بۇ سۆزلەرگە هۇمان دېدى : « ئەي ئەرەب ،
بەهانە قىلىپ باردىم ئول سۆزنى دەپ .
بار ئېردى جەۋاهىرلارىم ئون تولۇم ،
كى بىر ساندۇق ئىچرە بار ئېردى پۇلۇم ،
دېدىمكى ئاتامغە بۇ رەڭ دەپ باراي ،
بەهانە قىلىپ ئول پۇلۇمنى ئالاي .
مۇسۇلمان مېنىڭ بولغانىم ، بولغانىم ،
كى يوقدۇر خۇدادىن مېنىڭ يانغانىم . »
ئەمىر : « بولسە ئانداغ » دېدى : « خەير هەم . »
بۇ مەلئۇنغە بولدى غەنىمەت بۇ دەم .
قۇتولدى قىلىپ ياخشى سۆز بىر نەچە ،
قاچىپ كەتتى بەهمەن قاشىغە كېچە .
چالىپ تاكۆلاسى ئاتىغە تەبلى جەڭ ،
قىلىپ سەفنى ئاراستە ئۇشبۇ رەڭ .
كۇتۇردى دېگەن كافەرى شول زەمان ،
ئۇرۇپ نەئرە مەيدانغە كەلدى رەۋان .
ئۇمەر هەمزە رۇخسەت ئالىپ ئۇشبۇ دەم ،
بۇ كافەرنى شەمشىردە قىلدى قەلەم .
يىگىرمە ئىككى مىلك شۇمنى فىشىنغىچە ،
تاموغقە ئىبەردى كۆپ ئولتۇرغۇچە .
بولۇپ زەخمدار نەچچەسى بىهساب ،
يەنە تاكۆلاسى تۇردى سەفنى ياساپ .
كىرىپ ئېردى مەيدانغە بىر كەددى لەخت ،
نەمايان ئۇلۇپ كىردىلەر ئۇشبۇ ۋەقت .
چىقىپ كەلدى بىر شەهسەۋارى مەئاب ،
قولىدا ياراغو يۈزىدە نىقاب .
ئۇرۇپ [ نەيزە ] مەيدانغە كەلگەن زەمان ،
بۇ كافەرنى ئۆلتۈردى بەرمەي ئەمان .
قىلىپ يۈزچە كافەرنى زىرۇ زەبەر ،
كى فىشىن بولۇپ ئېردى ، كەتتى بەدەر .
مۇنى بىلمەدىلەر ، دېدىلەر : « بۇ كىم ؟ »
سوراپ ئېردىلەر ، تانۇماي هېچ كىم .
كىرىپ ئېردى بەهمەن ئۆزى ئۇشبۇ رەڭ ،
ئۇمەر ئىبنى هەمزە بىلەن قىلدى جەڭ .
بۇ شەهزادەگە زەخم ئۇردى بۇ دەم ،
بۇ ئەسنادا كەلدى نىقابغۇش هەم .
كېلىپ هەربە سالدى بۇ كەلگەن زەمان ،
كى زەخم ئۇردى بەهمەنگە بەرمەي ئەمان .
قىلىپ جەڭگى بىر مەغلۇبە بىنەزەر ،
يەنە بۇ نىقابغۇش كەتتى بەدەر .
بۇ لەشكەر ئارا تەبلى جەڭلەر چالىپ ،
كېلىپ تۇشتى بۇ ئىككى لەشكەر يانىپ ،
كى بىر نەچچە كۈن بولمادى ئەسلى جەڭ ،
بۇلار زەخمدىن چىقتى ئەۋۋەلقى رەڭ .
ئۇمەر هەمزە مەي ئىچتىلەر بىر نەچە ،
بولۇپ مەست مىندى ئاتىغە كېچە .
ۋەلي هۇر دۇختەر فىراقىدا بۇ ،
ساچىپ كۆكلىنى ئىشتىياقىدا بۇ .
بارىپ كۇفر ئېلى لەشكەرى قاشىغە ،
چىقىپ ئىشق ئۇتى مەستلىك باشىغە ،
بۇ ئەسنادا قاسىم كۇتۇرى تانۇپ ،
خەبەر قىلدى بەهمەنگە ، باردى يونۇپ .
كەمەند بىرلە تۇتتى بۇ مەلئۇن كېلىپ ،
تۇتۇپ ئۆز مەكانىغە كىردى ئېلىپ .
كى زۇبىن دېدى : « ئۆلتۈرۈك دەر مەهال ، »
كى بەهمەن دېدى : « قىلماغىل خام خەيال . »
ۋەلي قەسد قىلماي بۇلار جانىغە ،
كى بەند ئەيلەبان سالدى زىندانىغە .
ئاتى قاچتى شەهزادەنىڭكى رەۋان ،
ئەمىر قاشىغە كەلدى ئات ئول زەمان .
خەبەردار ئولۇپ ، بارچە ئەييارنى ،
باقىڭلار دېدىلەر هەمە بارنى .
كى بىر نەچچە كۈن ئىستەدىلەر بىرۇق ،
بۇ شەهزادەنى باقتى هېچ يەردە يوق .
كى ئەمما خاجە ئۇمرى باقىپ بىر نەچە ،
كى شەهرى كۇتۇرىغە كەلدى كېچە .
كىرىپ باقتى زىندان ئىچىگە بۇ ئەر ،
يانىپ چىقتى مۇندىن ئالالماي خەبەر .
بۇ زىندانىنى بىر زەڭگى باقمىش ئېدى ،
هەمىشە بۇ ئاغزىدا ياتمىش ئېدى .
كى زەهراب زەڭگى دەر ئېردى مۇنى ،
قىلىپ تۇتتى بىهۇش خاجە ئۇمرى مۇنى .

قۇلاق ، بۇرنىنى كەستى ئانىڭ تۇتۇپ ،
قويۇپ بەردىلەر ئانچۇنان قۇرقۇتۇپ ،
تاپالماي ئۇمەر ھەمزەنى ياندىلەر ،
ۋەلې سالدى ئول دەم ئەمىرگە خەبەر .
كى زەھراب زەڭگى قويۇپ ئەرتەسى ،
قۇلاق ، بۇرنى يوق باقتى بۇ ناكەسى .
بۇ مەلئۇننى كۆرگەن تەمامى كىشى ،
دېدىلەر ھەمە بۇ خاجە ئۇمر ئىشى .
كى تۇفراقلارنى ساچىپ باشىغە ،
كېلىپ مەلكى بەھمەن دېگەن قاشىغە :
« خاجە ئۇمرى قىلىپدۇر مېنى ئۇشبۇ رەڭ ،
ئانىڭ بىرلە بۇ كۈن قىلاي ئەمدى جەڭ ! »
چىكىپ [ نەئرە ] مەيدانىغە كەلدى رەۋان ،
خاجە ئۇمرىنى قىچقىردى : « كەلگىل بۇ يان ! »
تۇرۇپ زەڭگى بۇ قايغۇلۇغ باش بىلەن ،
خاجە ئۇمرى قاچۇردى ئۇرۇپ تاش بىلەن .
تىكىپ خەيمە بارىغە ئەيلەپ پەنا ،
بانىپ تۇشتى بۇ ئىككى لەشكەر يانا .
بۇ زەڭگى قىلىپ كېچەسى ماجەرا ،
قازىپ چاھنى قويدى مەيدان ئارا .
چالىپ ئەرتەسى تەبلى جەڭ ئۇشبۇ ھال ،
بۇ زەڭگى ئۆز ئاتىغە تۇزدى ياسال .
كېلىپ تۇردى مەيدانىغا بۇ ئىلگەرى ،
دېدى : « كەلگىل ئەمدى ، خاجە ئۇمرى ، بېرى .
خاجە ئۇمرى بۇ مەيدان ئارا يەتتىلەر ،
كېلىپ چاھ ئىچىگە تۇشۇپ كەتتىلەر .
يېتىپ چاھنىڭ ئاغزىغە زەڭگى ھەم ،
قويۇپ ئېردى زەڭگى لەبىگە قەدەم .
كى سەكرەپ خاجە چاھ لەبىگە رەۋان ،
باشىغە چىقىپ چاھنىڭ ئول زەمان .
ئالىپ زەڭگىنى تىغ مۇنىڭ قاشىغە ،
رەۋان قىلدىلەر كەسكەلى باشىغە .
بۇ قورقۇنجىدىن يالبارىپ ئۇشبۇ خىل ،
مۇسۇلمان بولۇپ ئاچتى ئىمانىغە تىل .
گۇناھىنى ئۆتتى ، دېدى : « غەم يېمە ،
يانىپ تۇشتى بۇ ئىككى لەشكەر ھەمە .
ئۇمەر ھەمزەنى ياد ئەيلەپ بۇلەر ،
دېدى زەڭگىنى : « سەندە بارمۇ خەبەر .
بۇ زەڭگى دېدىكىم : « خەبەردارمەن ،
ئۇ شەھزادەنىڭ بەندىدە بارمەن . »

ئەمىر دېدى : « قايدا ئېرۇر ئول يىگىت ،
بۇ سۆزنىڭ ماڭا راستىنى سەن ئېيت . »
دېدى زەڭگى ھەم : « ئەي ئەمىرى ئەرەب ،
كى بىر قەلئە باردۇركى مەغرىب تەرەف .
ھۇزەبرى بەرىن دەپ ئۇلۇغ پەھلەۋان ،
كى يوقدۇر ئانىڭدەك بەھادۇر يامان .
كى شەھزادە ئول قەلئەدە بەندەدۇر .
خەلاس ئولماقى ھەم ئانىڭ مەندەدۇر .
خاجە ئۇمرى ماڭا بولسۇ ھەمراھ ، باراي ،
خەلاس ئەيلەبان بەندىدىن مەن ئالاي . »
خاجە ئۇمرى بۇ زەڭگى بىلەن كەتتىلەر ،
بارىپ بىر ئاقىنغە يەقىن يەتتىلەر .
بۇ دەريايى كىشۋەر ئىدى قايغۇلۇغ ،
ئۆتەرگە كېمە يوق ، سۇيى بەك ئۇلۇغ .
يىغاچنى تاپىپ بىر قۇچاق تال بىلەن ،
كىرىپ ئۆتتى دەريادىنۇ سال بىلەن .
ئۆتۈپ ئېردى دەريانىڭ ئول يانىغە ،
كى لەشكەر تۇشۇبدۇركى سول يانىغە .
تىكىپ خەينەلەرنى ياشىلۇ سارىغ ،
بۇ لەشكەر تۇتۇپدۇر زەمىننى ئارىغ ،
بۇ زەڭگى دېدى :« سىز تۇرۇڭ مەن باراي ،
بارىپ ئىلگەرى مەن خەبەرنى ئالاي . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ زەڭگى كەتتى رەۋان ،
خاجە ئۇمرى تۇرۇپ قالدى يولدا بۇ يان .
ھۇزەبرى دېگەن پەھلەۋان ئېردى بۇ ،
بۇ سائەت مۇنىڭ قاشىغە كەلدى بۇ .
كۆرۈپ دېدى : « ئەي زەڭگى قايدا ئىدىڭ ،
نە ئىشلارغە سەن مۇندا كەلمىش ئىدىڭ .
ئاچىپ زەڭگى بۇ قىسسەنى ئۇشبۇ چاغ ،
ھىكايە قىلىپ سۆزنى باشدىن ئاياغ .
دېدى : « خاجە ئۇمزى بۇ يول باشىدا ،
كېلىپ ئېردى ، قالدى سۇنىڭ قاشىدا .
يەنە سىز تۇرۇڭ ، ئىلگەرى مەن باراي ،
بارىپ مەن ئاڭا ئۇشبۇ سۆزنى قىلاي .
ھۇزەبرى دېگەن ئول تۇرۇنجى نېچە ،
كۆرۈپ تۇش ، مۇسۇلمان بولۇپدۇر كېچە .
ھەلى ئىككى سەندۇقدا ئالتۇن نىياز ،
كېلەدۇر ئالىپ سىزگە ئول سەرۋى ناز .
قىلايىن بۇ سۆزنى ئاڭا مەن بارىپ ،
كېلىڭ سىز قۇرۇغ ئىككى سەندۇق ئالىپ .

ئېرۇر ئۇشبۇ مەكرى ئاڭا هاي ـ هاي ،
كۆرەشكەن بولۇپ سۆز قىلىلىك ، مەن تۇتاي . »
كېلىپ تۇتتى بۇ فەند بىلەن ئول زەمان ،
ئالىپ يۇردى بەھمەن قاشىغە رەۋان .
ئۇمەر ھەمزەنى ھەم ئالىپ يەتتى بۇ ،
خاجە ئۇمرى بىلەن بەند ئېتىپ كەتتى بۇ .
ئالىپ كەلدى بەھمەن قاشىغە كېچە ،
بۇ سەگ ھۇكم قىلدىكى : « ئۇچ كۇنغىچە .
خاجە ئۇمرى بىلەن ھەمزەنىڭ ئوغلىنى ،
بۇ كۇنلەر ئۆتۈپ ئۆلتۈرۈڭلەر ئانى . »
ئۇچۇنچى كۇنى جەڭگە شەيدا بولۇپ ،
نىقابغۇش چىقىپ كەلدى پەيدا بولۇپ ،
يېتىپ كەلگەچ ـ ئوق قىلدى بۇ جەڭگىنى ،
ھۇزەبرىنى ھەم ئۆلتۈرۈپ زەڭگىنى .
شىكەست بەردى لەشكەرگە كەلدى چەرىك ،
ئۆلۈپ بەئزىسى ، قالدى بەئزى تىرىك .
ئۇمەر ھەمزە بىرلە خاجە ئۇمرىنى ھەم ،
خەلاس ئەيلەدى بەندىدىن ئۇشبۇ دەم .
نىقاب بەندى سوردى : « نې ئادەملىكىڭ ،
ئېرۇرنە سەبەب بەندكە تۇشمەكلىكىڭ ؟ »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ھەمزەنىڭ ئوغلى بۇ ،
ۋەلې ھۇر دۇختەرگە ئاشىق شۇبۇ .
كى ئول كاۋۇسنىڭ ئېرۇر سىڭلىسى ،
بۇ زۇبىنىڭ ئولمىش ئەمەكزادەسى .
بۇلۇپ بۇ يىگىت مەستۇ ھەيران نېچە ،
بارىپدۇركى بەھمەن قاشىغە كېچە .
تۇتۇپدۇر كەمەند بىرلە ئول چاغىدا ،
مېنى فەندۇرۇپ تۇتتى ھەم تاغىدا . »
دېدى بۇ نىقاب بەندى : « ئەي بىلمەگەن ،
مېنىڭ مەھبۇبۇم ھۇر دۇختەر دېگەن .
ئانىڭ قوينىدىن چىقتىم ھالىغىنا ،
بارۇرمەنكى قاشىغە ئەمدى يانا .
مۇنى بىلسەم ئېردى سىزلەردىن قىساس ،
ۋەلې ئۆلتۈرۈپ ، قىلماس ئېردىم خەلاس .
ۋە ھالاكى ئۆلتۈرمەيىن مەن تىرىك ،
قويار ، بۇ تىرىكلىكدىن ئۇزگىل ئىلىك . »
ئۇمەر ھەمزە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بۇ رەڭ ،
سەلاھىنى كىيدى ، بىروق قىلدى جەڭ .
قىلىپ مەيلى ھەم ئولتۇرۇرغە قۇياش ،
ئىكەۋلەن بۇلار جەڭنى قىلدى تالاش .

يۈزىنى نىقابىدىن ئاچتى بۇ دەم ،
كۆرۈپ ئاتەشى تۇشتى جان ئىچرە ھەم .
كى بىر ھۇرىدۇر نازەنىن ماھتاب ،
يۈزى مىسلىدۇر پەنجەئى ئافتاب .
ئۇمەر ھەمزە كۆزدىن ئاقىزىپ سۇلار ،
بولۇپ ئاشىقى بىقەرار ئولدىلار .
دېدىكىم يانا ئۇشبۇ ماھى پەرى :
« مەنەم مەلكى بەھمەنىڭ ھەم خاھەرى .
تېگۇرسە دالۇمنى زەمىنگە كىشى ،
مېنىڭ بىرلە ئولدۇر نىكاھلىغ ئىشى .
ئاتىم نۇربانۇ مېنىڭ ، ئەي يىگىت ،
مېنى سەن چالالماي ، سۆزۈڭنى ئايىت .
كى مەن ھۇر دۇختەرنى تاڭلا كېلىپ ،
باراي ئانى مەن لەشكەرىڭگە ئېلىپ . »
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى كەتتى بەدەر ،
ئەمىر قاشىغە كەلدى ئاندىن بۇلەر .
ئۇمەر ھەمزەدىن سوردى سۆزنى ئەمىر ،
بەيان قىلدى ۋاقىئەنى بۇ بىرۇ بىر .
زىياد ئولدى ئەمىرنىڭ غەزەبلىغ ئىشى ،
بۇ ئەسنادا كىردى ئىشىكدىن كىشى .
كىرىپ دېدى : « ئەي شاھى جۇيەندەلىغ ،
كېلىپدۇركى ئىككى نىقاب بەندەلىغ .
كىرەرگە ئىجازەت تىلەيدۇركى ئول ،
كى بولغايمىكى ئاستانىڭغە يول ؟ »
ئەمىر ھەم ئىجازەت بېرىپ دەرمەھال ،
نىقاب بەندلەر كىردىلەر ئۇشبۇ ھال .
نىقابىنى تارتىپ بۇلار باشىغە ،
ئۆتۈپ كىردى مېھرى نىگار قاشىغە .
ئەمىر بۇيرۇدى ئول زەمان تەبلى جەڭ ،
نەفىر ، تۇغ ـ ئەلەملەر تىكىپ رەڭ بەرەڭ .
كى بەھمەن خەبەردار ئولۇپ ئۇشبۇ ھال ،
بەرابەر بولۇپ تۈزدى ئول دەم ياسال .
قوپۇپ كەلدى بەھمەن ئۆزى ئۇشبۇ دەم ،
ئۇرۇپ نەئرە مەيدانغە قويدى قەدەم .
ئۇمەر ئىبنى مەئدى بولۇپ كامران ،
كېلىپ رو بەرو بولدى بۇ پەھلەۋان .
سالىپ گۇرزى بەھمەن ، مۇنىڭ باشىغە ،
ئۆزىنى ئالىپ تۇردى بەرداشىغە .
يانا گۇرزى بەھمەن مۇنىڭ باشىغە ،
ئۆزىنى ئالىپ تۇردى بەرداشىغە .

يانا گۇرزى ئىككىنچىسىغە يېتىپ ،
مەشەققەت بىلەن تۇردى بەرداش ئېتىپ .
ئىكەۋلەن قىلىپ قانچە جەڭگى جەدەل ،
ۋەلى ھەربەلەر بولدى رەددى بەدەل .
چالىپ تەبل ئىلە بازگەشت ئول زەمان ،
يانىپ تۇشتى لەشكەر ئۇلۇرغە ئەمان .
يانا تاڭلاسى مەلكى بەھمەن بۇ رەڭ ،
كېلىپ تۇردى مەيدانغە قىلماقغە جەڭ .
بولۇپ روبەرو ئادلاردىن ئىدى ،
مۇنىڭ ئىلكىدە ئادى زەخمە يېدى .
كىرىپ ئېردى بۇ جەڭگى ھەم نامدار ،
بۇ ھەم ياندى ئول دەم بولۇپ زەخمەدار .
كى ئاشۇد ئادى كىرىپ ئۇشبۇ دەم ،
بولۇپ رو بەرو زەخمە يەپ ياندى ھەم .
ئۇرۇپ نەئرە بەھمەن دېدى : « ئەي ئەرەب ،
ئۇشاقلارنى جەڭگە ئىبەرگۈڭ نە دەپ ؟!
ئۆزۈڭ كىرگىلۇ بۇ سېنىڭكى ئىشىڭ ،
ماڭا يوقتۇ جەڭگە بەرابەر كىشىڭ . »
قوپۇپ لەندۇھۇر ھەم ئىجازەت ئالىپ .
كى نۇش ئەتتىلەر جامى شەربەت ئالىپ ،
مۇكەممەل مۇسەللەھ بولۇپ دەر زەمان ،
كېلىپ رو بەرو بولدىلار شول زەمان .
ھەۋالە قىلىپ گۇرزەسىنى رەۋان ،
سۇپەر بىرلە رەد قىلدى بۇ پەھلەۋان .
دەۋۋۇم سالدى سىيۇم رەد قىلدىلار ،
ئىبەرمەككە ھايىل مەدەد قىلدىلار ،
ئۇرۇپ لەندۇھۇر گۇرزە بۇ سائەتى ،
كى بەھمەن سۇپەر تۇتتى ، ئۆلدى ئاتى .
بۇلار بىر – بىرىن زەخمە ئۇرماق نە ھەد ،
ئاراسىدا چەندان بولۇپ ھەربە رەد .
كۆن ئولتۇردى گويا بېرەلمەي شىكەست ،
يانىپ تۇشتى لەشكەر چالىپ بازگەشت .
تاڭ ئاتتى ۋەلى موللا ئەزان ئوقۇپ ،
كېلىپ تۇردى مەيدانغە بەھمەن قوپۇپ .
ئەمىر ھەم ياسال تۈزدىلەر ئۇشبۇ چاغ ،
كېلىپ تۇردىلار جەڭگىھايى ياراغ .
ئىكەۋلەن كۆن ئولتۇرغىچە قىلدى جەڭ .
بۇ كۆن تۈزدى مەيدانىنى ھەم ئۇشبۇ رەڭ .
بولۇپ كەچ ، يانىپ تۇشتى لەشكەر ئارىغ ،
تاڭ ئاتتى ، قۇياش ئولدى گويا سارىغ .

چالىپ تەبلى جەڭلەر ، قىلىپ ماجەرا ،
كېلىپ تۇردى بەھمەن بۇ مەيدان ئارا .
سەلاھ كىيدى ئول دەم ئەمىرى زەمان ،
سەۋار ئولدى ئاشقىرغە بولدى رەۋان .
سالىپ گۇرزە بەھمەن ئەمىرغە بۇ دەم ،
كى رەد قىلدى ئۈچ ، گۇرزە سالدى بۇ دەم .
بۇ سەگ خاھلادىكىم بىر ئۇرغان زەمان ،
كى ئاشقىرغە شەمشىرنى قىلدى رەۋان .
فىيادە بولۇپ قىلدى ئانداغ تۇتۇش ،
كۆن ئولتۇرغىچە بولدى جەڭگى ئۇرۇش .
كى يەرگە پاتىپ تىزلارىچە بۇلار ،
كى ئۈچ كېچە – كۈندۈز تۇتۇش قىلدىلار .
ئىشارەت خاجە ئۆمرىگە قىلدى ئەمىر ،
دېدى : « نەئرە مەن تارتايىن ئەمدى بىر ، »
خاجە ئۆمرى كەلابىنى تاشلاپ بۇ ھال ،
بۇ لەشكەرگە ئاڭلاتتىلار دەر مەھال .
كى ئاتلارنى ئول دەم ئالىپ چىقتىلار ،
قۇلاق ، بۇرنىغە ناختەنى تىقتىلار .
سەۋاران گۇرىزان جەھانى مەنەم ،
ئەمىر ھەمزەئى فەھلەۋانى مەنەم .
دەپ ئەللاھۇ ئەكبەر ئەمىرى زەمان ،
ئالىپ ئۇردىلار يەرگە ، بەرمەي ئەمان :
بۇ قورقۇنجىدىن ئول زەمانى قوپۇپ ،
مۇسۇلمانى بولدى تىلىدا ئوقۇپ .
مۇنىڭ ئوغلى ھۇمان كېلىپ ئەرتەسى ،
تۈزۈپ مەئرەكە تۇردى بۇ ناكەسى .
ئەمىر بولدىلار رو بەرو ئۇشبۇ رەڭ ،
بۇ مەيدان ئارا بولدى بىر سەختى جەڭ .
بولۇپ مەغلۇبە ئانچۇنان جەڭگى سەخت ،
كۇفار لەشكەرى سالدى ئات ئۇشبۇ ۋەقت .
كى بەھمەن غەنىمەت تاپىپ ۋەقتى يەر ،
بۇ كافىر ئىكەندىن ئەمىر بىخەبەر .
ئەمىر قاشلارىغە بۇ كەلدى چاپىپ ،
كى زەخم ئۇردى باشىغە غافىل تاپىپ .
قاچىپ كەتتى ئۆز لەشكەرىگە رەۋان ،
ئەمىر زەخمە بىرلە بولۇپ كامران .
كى بىر ئۇردى ھۇمانىنى بۇ شىرى مەرد ،
تېنى يەردە ياتتى ، بولۇپ گەردۇ گەرد .
ئەمىر قاشلارىدىن ئاقىپ يۇردى قان ،
كى بىخۇد بولۇپ قالدىلار شول زەمان .

ۋەلي ئاشقىر ئۇزرە يىقىلدى ئەرەب ،
ئالىپ يۈردى ئاشقىر بەيابان تەرەپ .
كېلىپ بىر تۈگۈرمەن قاشىغە يەقىن ،
يىقىلدى سۇ ئۇزرە بۇ ئېردى ئېقىن .
كۆرۈپ ئەرتەسى بۇ تۈگۈرمەنچىلەر ،
ياتادۇر سۇدا بىر گىنە ياخشى ئەر .
كېلىپ كۆردىيۇ ئۇستەسى ئۇشبۇ ھال ،
ئۆيىگە ئالىپ كىردىلەر دەرمەھال .
ئەمىر لەشكەرى ئەرتەسى ئىزدەشىپ ،
ئەمىرنى تاپالماي بىروق يىغلاشىپ ،
بۇ لەشكەر بولۇپ ئول زەمان ئىككى قات ،
كۇفار لەشكەرىگە بىروق سالدى ئات .
كى جەڭ بولدى ئانداغ كېتىپ ئەقلۇ ھۇش .
فەلەككە يېتىشتى بۇ قىلغان خۇرۇش .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بۇ ئەيلەپ غەرو .
كى بەھەمەنگە بولدى كېلىپ رو بەرو ،
كى بىر ئۇردىلار ئەسلى بەرمەي ئەمان ،

كى دۇ ھەسسە بولدى بۇ ئۇرغان زەمان .
بۇ سەگىنىڭ باشىنى كېسىپ ئالدىلار .
ئۇشۇل دەم قەفەس تاپتۇرۇپ سالدىلار .
قاچىپ كەتتى بۇ كۇفر ئېلى ھەر قايان ،
كى زۇبىن قاچىپ كەتتى كەشمىر سويان .
خاجە ئۇمرى ئەمىرنى باقىپ كەلدىلەر ،
تۈگۈرمەنگە ئىزدەپ چىقىپ كەلدىلەر .
ئەمىرنى بۇ يەردىن تاپىپ شول زەمان ،
ئالىپ بارگاھىغە كەلدى رەۋان .
ئەمىر سوردى لەشكەرنىڭ ئەھۋالىنى ،
بۇلار قىلدى ئۆتكەن ھەمە بارىنى .
ئىشىتكەچ بۇ سۆزدىن ئەمىرى زەمان ،
بەغايەت دىلى بولدىلار شادىمان .
تۈگۈرمەنچىگە كۆپ بېرىپ پۇلۇ مال ،
دېدىلەر : « يەنە پۇل كېرەك بولسە ئال . »
بۇ شەھرى كۇتۇرنى ئىسلام ئاچىپ ،
مەدايىنغە كەتتى بۇ بەختەك قاچىپ .

## ئەمىر ھەمزەنىڭ ئوغلانلارى ئۇمەر ئىبنى ھەمزە يۇنانى ئەمىر ھەمزەمدىن رۇخسەت ئالىپ شكارغە چىقىپ فۇرخار شەھرىگە بارىپ قالىپ سالۇس ئەييار جەھەننەمى ئارقەسىدىن بارىپ دەرىجەئى شەھادەتكە يەتكۇرگەنى

ئىشىتمەك كېرەك راۋىلاردىن سەدا ،
ھىكايەتنى قىلمىش بۇ يەڭلىغ ئەدا .
ئەمىر بىر كۈن ئولتۇرمىش ئېردى ، رەۋان
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە كىرىپ بۇ زەمان .
دېدى : « ئەي پەدەرۋار شاھى پەنا ،
قىلىپدۇر شكارىنى دىل مەيل يانا ،
ئەمىر دېدى :« قىلماق بۇ يەڭلىغ ھەۋەس ،
كى سىزدىن مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكىن ئەمەس . »
ئۇمەر ھەمزە يۇنانى ئەيلەپ جەدەل ،
ئەمىردىنكى رۇخسەت تىلەپ بارچە ئەل .
چىقىپ بۇ شكار يولىغە كىردىلەر ،
كى فۇرخار شەھرى سويان يۈردىلەر .
يۈرۈپ نەچچە كۈن چۆل كېزىپ ئاتچۇنان ،
كى سەيد بولمادى ، باقتىلار ھەر قايان .
بولۇپ سەككىزىنچى كۈنى ئىزدەشىپ ،
بارۇر ئېردىلەر ئارغادەندىن ئاشىپ .

چىقىپ ئالدىدىن بىر كىيىك رەڭگى ئاق ،
ئەمىر ھەمزە قوغلاشتى ، كەتتى يىراق .
يېتەي دەپ يۈرۈپ باقتىلار بىر نېچە ،
كىيىك يوق ، بۇ ئەسنادا بولدى كېچە .
بولۇپ بۇ ئەزىز لەشكەرىدىن جۇدا ،
قونۇپ كېچەنى مۇندا قىلدى ئەدا .
نۆكەرلەر يۈرۈپ ھەر تەرەفكە بىروق ،
يۈرۈپ باقتى ئۈچ كۈن بۇ شەھزادە يوق .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بولۇپ بىكەسى ،
رەۋان بولدى بىر سارىغە ئەرتەسى .
بولۇپ تەشنە ئانداغ قارادى كۆزى .
غۇبار ئالۇدە ئانچە بولدى يۈزى .
بارۇر ئېردىلەر باغرى بىر يان ئۇلۇپ ،
كۆرۈندى چەھار باغ نەمايان بولۇپ .
بار ئېردىكى فۇرخارنىڭ بىر قىزى ،
ئانىڭ تۇتىيا ئېردى باسقان ئىزى .

ئاتى ئېردى گۈلچەھرە ئانىڭ داغى ،
بار ئېردىكى ھالا بۇ قىزنىڭ باغى .
كېلىپ باغنىڭ ئىشكىگە ئۇشبۇ ھال ،
تۇرار ئېردىلەر مۇندا ئەيلەپ خەيال .
بۇ قىز مەي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قەسرىدە ،
كى شەھزادەنى كۆردى بۇ ئەسرىدە .
بولۇپ ئاشىقۇ بىقەرار ئول زەمان ،
دېدى : « ئول يىگىتنى ئالىپ كەل بۇيان . »
چىقىپ كەنىزەكى باغنىڭ تاشىغە ،
ئالىپ كىردى گۈلچەھرەنىڭ قاشىغە .
بۇ شەھزادە ھەم ئانى كۆرگەن زەمان ،
بۇ ھەم بولدى ئاشىق ئانىڭدىن يامان .
ئورۇن كۆرسەتىپ بەردى بۇ يانىدا ،
كى ئولتۇغۇزۇپ تۇتتى مەي جامىدا .
كى نەچچەند قىيالە ئىچۈردى شەراب ،
قويۇپ ئالدىدا نۇقلىھايى كەباب .
دېدىكىم بۇ گۈلچەھرە : « ئەمدى ئېيىت ،
نە يەردىن چىقىپ كەلدىڭىز ، ئەي يىگىت ؟ »
دېدىكىم بۇ شەھزادە : « ئەي گۈل چەمەن ،
ئەمىرى ئەرەب ھەمزەنىڭ ئوغلىمەن .
ماڭا ھەمزە يۇنانى ئېردى ئاتىم ،
شىكارغە چىقىپ ئېردىمۇ بۇ قاتىم .
ئازىقتىم ، بار ئېردىكى لەشكەر – كىشىم ،
بۇدۇر مۇندا يالغۇز چىقىپ كەلمىشىم . »
بۇ سۆزدىن مەلىكە دەر ئېردى : « ئەزىز ،
ۋە ھالا ئۇشۇل ھەمزەنى دەرمۇسىز ؟
جەھاننى مۇسەخخەر قىلىپ يۈرگۈچى ،
قىلىپ جەڭ بۇ دىۋلەرنى ئۆلتۈرگۈچى ؟ »
ئۇمەر ھەمزە : « ئارى » دېدىلەر بۇ ھال ،
ئالىپ چىقتى قىز تەختىگە دەر مەھال .
كى ئولتۇرغۇزۇپ مەي ئىچىپ ، شاد ئولۇپ ،
بۇلار قالدى ئىشرەتكە مەجلىس قۇرۇپ .
مەئەلقىسسە ، بەختەك تاپىپ راھى يول ،
قاچىپ كەلدى ئول كۈن مەدايىنغە ئول .
كى بەھمەن كۇتۇرى ئۇچۇن ئانچۇنان ،
يېدى ئانچە ئەفسۇس بۇ بەد گۇمان .
دەر ئېردىكى : « شول ھەمزەنىڭ ئوغلىنى ،
كى ئۆلتۈرسە ھەر كىم بۇ كۈندە ئانى .
ئەگەر بولسە قۇل ھەم كىراكەش تېگى ،
بېرىپ پۇل قىلۇرمەنكى بەگلەر بېگى . »
قىلىپ ۋەئدە مۇنداغ مۇناد ئەيلەدى ،
ھەمىشە بۇ سەگ ئانى ياد ئەيلەدى .
بار ئېردىكى سالۇس ئەييار دەپ ،
جەھەننەم سەگى ئېردى بۇ بىئەدەب .
كى بەھمەننىڭ ھەمشىرەسى ئېردى بۇ ،
فەرەڭگە كېتىپ ئۇشبۇ ۋەقتى شۇبۇ .
بۇ ئەسنا مەدايىنغە كەلمىش ئىدى ،
مۇنى كۆردى بەختەك بۇ سۆزنى دېدى .
كى بەھمەننىڭ ئۆلگەننى ئاڭلاپ ھەمان ،
كى فەرياد ئورۇپ قوپتى بۇ شول زەمان .
دېدى : « ھەمزەنىڭ ئوغلىنى مەن بارىپ ،
كېلەي ئۆلتۈرۈپ ، كاللاسىنى ئالىپ . »
بۇ سۆزلەرگە بەختەك بولۇپ شادىمان ،
مۇناسىب سەرۇپاي بېرىپ ئانچۇنان .
قىلىپ ۋەئدەلەرنى ياڭى باشىدىن ،
چىقىپ كەتتى بۇ خۇبلاشىپ قاشىدىن .
بۇ مەلئۇن يۈرۈپ كېچە – كۈندۈز بەدەر ،
كى شەھرى كۇتۇردىن ئالدى خەبەر .
كى شەھزادەنى بۇ شىكار ئۈزرە دەپ ،
ئىشىتتى ، رەۋان بولدى بۇ بىئەدەب .
قىلىپ سۇرەتىنى بۆلەك رەسمدە ،
بولۇپ كەلدى يىلقىچىلار قىسمىدە .
ئۇمەر ھەمزەنىڭ خەلقى كۆردى رەۋان ،
دېدىكىم بۇ سەگنى : « بارۇرسەن قايان ؟
ئۇمەر ھەمزەنى كۆردىڭىزمۇ بۇ كۈن ؟
يوق ئولدى ئانىڭ بولدى بەش – ئالتە كۈن ،
كېتىپ ئېردى ئول بىر كىيىك قوغلاشىپ ،
يۈرۈرمىز تاپالماي ئانى ئىزدەشىپ . »
دېدى سالۇس ئەييار : « مەن كۆرمەدىم ،
مەنەم ئات يوق ئېردى ، ئانى ئىزدەدىم . »
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزنى رەۋان ئولدى بۇ ،
دېدى ھەمزەنىڭ ئوغلى بولغاي شۇبۇ .
كىيىك بىرلە ئانىڭ ئىزىنى تاپىپ ،
چەھار باغقە كەلدى ئىزدەپ چاپىپ .

بۇلار قەسرىدە ئىچمىش ئېردى شەراب ،
بۇ ئاھىستە كەلدى ئىشىككە قاراپ .
بۇ سەگ ئۆي قىزىدىن بىرىن ئۆلتۈرۈپ ،
ئۆزىنى مۇنىڭ ئەكسكە كەلتۈرۈپ .
بۇلارنىڭ كىرىپ قاشىغە ئۇشبۇ ھال ،
كى مەي تۇتغالى بولدى ھەم پايىمال .
ئۇمەر ھەمزە يۇنانى بۇ ۋەقتىدە ،
ئىچەر مەي مەلىكەم بىلەن تەختىدە .
بولۇپ ئېردى تۈن ھەسسەسىدىن ئارىغ ،
بۇ سەگ قىلدى بىھۇش بۇلارنى ئارىغ .
ئۇمەر ھەمزە يۇنانىنى بۇ گەدا ،
كېسىپ قىلدى باشىنى تەنىدىن جۇدا .
رەۋان بولدى باشىنى ئالىپ بۇ مەرەز ،
خاجە ئۇمەرنى تاپماق ئىدى بۇ غەرەز .
ئەمىر بارگاھىدا ئەمما بۇ ۋەقت ،
كى ئولتۇرمىش ئېردى قويۇپ پايىتەخت .
ئۇمەر ھەمزەنىڭ لەشكەرىدىن نەچە ،
چىقىپ كەلدى بىر ئالدىغە بۇ كېچە .
ئەمىر سوردى : « ئەي لەشكەرى بىقىيان ،
ئۇمەر ھەمزە يۇنانى قالدى قايان ؟ »
دېدىلەر نۆكەر خەلقى ھەم يىغلاشىپ :
« كېتىپ ئېردىلەر بىر كېيىك قوغلاشىپ .
باقىپ نەچچە كۈن ئىستەدۈك سەربەسەر ،
يانىپ مۇندا كەلدۈك ، ئالالماي خەبەر . »
ئەمىر بولدى غەمكىن بۇ سۆزدىن نېچە ،
ياتىپ كۆردى تۈشنى بۇ يەڭلىغ كېچە :
كى شەھزادە دەرىيادا قان ئۈزرە بەرق .
بولۇپدۇر كى ئەئزاسى قان بىرلە غەرق .
دېدى : « ئەي پەدەرۋار ، بولدۇم زەۋال ،
مېنى قويما دۇشمەندە ، باشىمنى ئال . »
كى بىدار ئولۇپ بۇ ئەمىرى زەمان ،
ئۇرۇپ نەئرە شول ۋەقت قوپتى رەۋان .
ئىشىتكەچ بۇ ئاۋازنى خاسۇ ئام ،
كى ھازىر بولۇپ تۇردى لەشكەر تەمام .
ئەمىر دېدىلەر : « سىز خاجە ئۇمرى بارىڭ ،
كى ئوغلۇم ئۇمەردىن خەبەرسىز ئالىڭ .
پەرىشان بۇ تۈشلەرنى كۆردۈم كېچە ،
ئۆيۈپ قالدى كۆڭلۈم مېنىڭ ئۆزگەچە . »
خاجە ئۇمرى ئۇشۇل دەم ئالىپ بەش كىشى ،
بۇلارنىڭكى ئەييارلىق ئېردى ئىشى .
مۇنى ئىستەمەككە مۇقىيد ئولدىلار ،
ئىزىغە كىرىپ كامران بولدىلار .
بۇ مەلئۇن ئالىپ باشنى چۆل بىلەن .
بارۇر ئېردى بۇ چۆلدەكى يول بىلەن .
كېلۇر تۆرت كىشى ئەيلەبان ئىزتىراب ،
بۇ ئەييار سالۇس كۆردى قاراپ .
كىرىپ كۈھنە بىر لەڭگەرىگە رەۋان ،
ياساپ سۇرەتىن ، بولدى مەردى كەلان .
بولۇپ ياتتى ئاغرىغ ، ئۆزى پىرى ھەم ،
كېلىپ كۆردى تۆرت ئۆيلە ھالا بۇ دەم .
بىر ئادەم ياتادۇركى ئاغرىغ تىشى ،
بۇلار سوردىلار : « مۇندا سەن نې كىشى ؟ »
بۇ سەگ دېدى : « مەن سەۋداگەر خەلقىدىن ،
كېلۇر ئېردۈكۈ شام ئىلە بەلخىدىن .
كى يەرگە ياتىپ ئاغرىپ ئېردىم يامان ،
قالىپ مۇندا مەن كەتتى ئۇل كارۋان .
كى سىزلەرگە يول بولسۇ ، ئەي خاجەلەر ،
نې يەرنى ئىرادە قىلىپ يۈردىلەر ؟ »
ئۇشۇل دەم بۇلار دېدى : « ئەي زەئىفلىغ ،
خاجە ئۇمرىنىڭ ھەمراھلارى بىز ئارىغ .
ئۇمەر ھەمزە يۇنانىنى بىز تاپىپ ،
كېلىپدۇرمىز ئاندىن بۇ يەرگە يېتىپ .
خاجە ئۇمرى يۈرۈپ ئېردىلەر ئىلگەرى ،
بىز ئېردۈك كېيىن ئارقاسىدا نارى .
كى سىز مۇندا ئاغرىپ ياتىپ تېزۇ تۈن .
بۇ رەڭ ياتغالى بولدى ھەم نەچچە كۈن . »
بۇ سەگ دېدى : « ھەمراھىدىن ئاجراشغالى ،
بۇ كۈن يەتتە كۈن بولدى مەن ياتغالى . »
بۇلار دېدى : « مۇندىن كىشى ئۆتتىمۇ ،
ئۆتۈپ ئات بىلەن بۇ تەرەف كەتتىمۇ ؟ »
بۇ ئەييار سالۇس دېدى : « ئەي پەدەر ،
ياتۇرمەنكى ئاغرىغ ، ئالالماي خەبەر .
بەش ئاتلىغ بۇ ئاقشامغۇ ئۆتتى كېلىپ ،
كېتىپ ئېردى ھالا ماڭا گوش بېرىپ .

ماڭا گوش ياراشماي ، قىلادۇر زەرەر ،
بۇ گوشنى ئالىپ يەپ ، ناننىڭ بولسە بەر .
بۇلار بەردى ناننى ، يېدى گوشىدىن ،
يىقىلدى ئۇشۇل دەم كېتىپ ھۇشىدىن .
بۇ سالۇس تۇتۇپ تۆرتىنى بەند قىلىپ ،
تاڭىپ قويدى توغراقغە پەيۋەند قىلىپ .
بۇ سالۇس خاجە ئۇمرىنى ئىزدەپ ھەمان ،
شەھەر سارىغە بولدى مۇندىن رەۋان .
خاجە ئۇمرى بۇ سالۇسنى ئىزدەپ باقىپ ،
يېتىپ كەلدى لەڭگەرگە چۆلدىن چىقىپ .
تۇرادۇركى باغلاغلىقىغۇ تۆرت كىشى ،
خاجە ئۇمرى دېدى ئۇشبۇ ئەييار ئىشى ،
بۇلارنى خەلاس ئەتتىلەر دەر مەھال ،
قىلىپ دارۇ ھۇشىغە كەلدى بۇ ھال .
بۇلار قىلدى كۆرگەنلەرىنى بەيان ،
قويۇپ يۇردى سالۇسنى ئىزدەپ رەۋان .
كۆرۈنمەيدۇ ، باقتى ، بۇ سەگنىڭ ئۆزى ،
تاپىلدى شەھەر سارى بارغان ئىزى .
قويۇپ ھەرنە بىر يولدا بۇ تۆرتىنى ،
خاجە ئۇمرى رەۋان بولدى ئىزدەپ ئانى .
شەھەر ئالدىغە كەلمىش ئېردى يېتىپ ،
تۇرادۇركى نانۋايلار نان ساتىپ .
ئاچ ئېردى خاجە ئۇمرى ، كېلىپ ئالدى نان ،
يېدى ناننى ، كەتتى ھوشىدىن رەۋان .
تۇتۇپ قەيدى بەند ئەتتىيۇ ئۇشبۇ ھال ،
رەۋان بولدى يولغە يۈدۈپ دەر مەھال .
بۇلاق قاشىغە كەلدى ئەيلەپ خىرام ،
كى ئولتۇردى مۇندا ، ئالاي دەپ ئارام .
بۇلاقنىڭ سۇيى لاي ، ئىچەلمەي تۇزۇك ،
كى بىر جامدا بار سۇ لاي ئېرمەس سۈزۈك .
ئالىپ ئىچتى ، بىھۇش بولدى ھەمان ،
خاجە ئۇمرى ئۆزىنى بوشاتتى رەۋان .
بۇ سالوسنى بەند قىلىپ ئانچە ھەم ،
مۇنى كەلتۇرۇپ ھۇشىغە ئۇشبۇ دەم ،
دېدى :« ئەي ھەرامزادە ، ئول باش قانى ،
ئۇمەر ھەمزە يۇنانى مەھۇەش قانى ؟ ! »
بۇ تاندى ، خاجە ئۇمرى بەغايەت سوقۇپ ،
كى ئاخىر « تاپاي » دەپ بۇ يۇردى قويۇپ .
ئالىپ كەلدى باشلاپ چەھار باغىغە ،
تۇشۇپدۇر پىشىپ مېۋە تۇفراغىغە .
خاجە ئۇمرى يېدى ئىككى ـ ئۈچنى تېتىپ ،
يىقىلدى ئۇشۇل دەم ھۇشىدىن كېتىپ .
خەلاس ئەتتى سالۇس ئۆزىنى بۇ دەم ،
خاجە ئۇمرىنى ھۇشيار ئېتىپ ئۇردى ھەم .
ئاچىپ ئاختارىپ باقتى كولبارىنى ،
تۆكۈپ يەرگە كولبارىدىن بارىنى .
باقىپ بىر قۇتى ئالدى قاچماق ئۈچۈن ،
بۇ قەسد قىلدى ئاغزىنى ئاچماق ئۈچۈن .
ئاچىپ ئاغزىنى باقمىش ئېردى تاتىپ ،
يىقىلدى بۇ مەلئۇن ھۇشىدىن كېتىپ .
خاجە ئۇمرى ئۆزىنى خەلاس ئەتتىلەر ،
مۇنى ھۇشىغە كەلتۇرۇپ سوقتىلەر .
دېدى : « باشنى بەرگىل سۆزۈمگە ئۇناپ . »
تاياق سوقمىش ئېردى بۇ سەگنى ساناپ .
دېدى ئاخىرى : « ئەي خاجەم ، باش بۇيان . »
كى باشلاپ ئالىپ كەلدى جاڭگال سويان .
كۆن ئولتۇردى ، باش ئاندا دەپ مۇندا دەپ ،
كى توغراقنى كۆرسەتتى باش مۇندا دەپ .
بۇ توغراقغە باغلاپ مۇنى دەر مەھال ،
خاجە چىقىپ ئېردىلەر دەرمەھال .
ئۆزىنى بۇ سالۇس خەلاس ئەيلەبان ،
بۇ يەردىن قاچىپ ، كىردى يولغە رەۋان .
خاجە ئۇمرى تۇشۇپ قوغلادى بىر نېچە ،
تاپالماي بۇ جاڭگالدا قوندى كېچە .
تۇشۇپ ئەرتەسى ئىز بىلەن شەھسەۋار ،
كېتىپدۇر شەھەر سارى بۇ نابكار .
خاجە ئۇمرى ئىزى بىرلە كەلدى يېتىپ ،
تۇرادۇركى ئاشفەز بولۇپ ئاش ساتىپ .
كۆرۈپ ئۇشبۇ سەگنى خاجە ئۇمرى تۇتۇش ،
كى خەنجەر ئالىپ قىلدى بۇ جەڭگە مۇش .
بەدەر كەتتى ئاخىر بەيابان سويان ،
خاجە يۇردىلەر ئارقەسىدىن رەۋان .
كېلىپ ئېردى كۆبرۈك باشىغە ئىزى ،
ئىدى خاجەنىڭ ھەر تەرەفدە كۆزى .
بۇ ئەسنا خاجە ئۇمرىگە تاشلاپ كەمەند ،
تۇتۇپ خاجەنى قىلدى بۇ قەيدى بەند ،
شاپالاق ئۇرۇپ ئۇشبۇ سەگ بىر نېچە .
ۋەلې قويدى توغراقغە باغلاپ كېچە .
بۇ سەگ باشنى كەلتۇرگەلى شول زەمان ،

قوپۇپ ئۇل تەرەف كەتتى مۇندىن رەۋان .
خاجە ئۇمرى بوشاتتى ئۆزىنى ئۆزى ،
قاراڭغۇ كېچە ، يوق بۇ سەگىنىڭ ئىزى .
كېلىپ ئەرتەسى ئۇشبۇ سەگ باقتى يوق ،
رەۋان بولدى ئىزدەپ بۇ سالۇس يوق .
بارۇر ئېردى بۇ چىنار ئالدىدا ،
خاجە ئۇمر ئولتۇرادۇركى بۇ خالىدا ،
ئىدى سۇرەتى ، تاشلادى بۇ كەمەند ،
ۋەلېكىن كەمەند بولدى سۇرەتكە بەند .
خاجە ئۇمرى كەمەند تاشلادى سەرگۇزەر ،
چىقىپ ھەلقەسىدىن بۇ كەتتى بەدەر .
خاجە ئۇمرى يانا يۈردىلەر قوغلاشىپ .
بارۇر ئېردىلەر ئارغادىدىن ئاشىپ .
يۈرۈر قوي باقىپ ياشىغىنە بىر بالا ،
بو قوي بىرلە ھەم ئون - يىگىرمە كالا .
خاجە ئۇمرى بۇ يەرگە كېلىپ تۈشتىلەر ،
تىلەپ سۈت مۇنىڭدىن ئالىپ ئىچتىلەر .
يىقىلدى ھۇشىدىن كېتىپ دەر زەمان .
سالىپ پەردەگە يۆرگەدى ئانچۇنان ،
قىلىپ ئانچە مەھكەم يۈدۈپ ئالدى بۇ ،
كىرىپ يولغە ھالا رەۋان بولدى بۇ .
بارۇر ئېردى يول بىرلە غەملىغ ئىشى ،
كىلەدۇر چىقىپ بىر فىيادە كىشى .
قەلەندەر قىلىپ سۇرەتىن دەرمەھال ،
ئالىپ تۇتتى بىر خۇرمانى دەر مەھال .
ئۇشۇل ئاھۇ پايۇ بۇ ئەييار ئىدى ،
بۇ سەگىنىڭ ئالىپ خۇرمەسىنى يېدى .
مۇنى تۇتتى بىھۇش قىلىپ ئۇشبۇ دەم ،
يۈدۈپ ئىككىسىنى رەۋان بولدى ھەم .
بولۇپ ھالۋاچى تۇتتى خالىدىنى ،
قاغۇنچى بولۇپ تۇتتى كابۇلىنى .
ئەبۇ تاھىرىنى بۇ دەللال بولۇپ ،
ئەبۇ سەئىدىنى تۇتتى ئەبدال بولۇپ .
كى يۆرگە بەش ئەييارنى شول زەمان ،
يۈدۈپ ئۇشبۇ سەگ بولدى يولغە رەۋان .
خاجە ئۇمرى ھوشىغە كېلىپ باقسەلەر ،
ھەمە جەمى ئولۇپدۇر بۇ ئەييارلەر .
يۈدۈپتۇر بۇ سەگ بەش كىشىنى ئارىغ ،
قىلىپدۇر كۇشادە ئىشىنى ئارىغ .
بۇ ئەندىشە بىرلە ئاچىلدى كۆزى ،

بوشاتتى خاجە ئۇمرى ئۆزىنى ئۆزى .
كى بىر نەشپۇتى ئالدىغە تاشلادى ،
بولۇپ ئېردى تەشنە بۇ مەلئۇن يېدى .
يىقىلدى ھۇشىدىن كېتىپ بۇ لەئىن ،
بۇلارنى خەلاس ئەيلەدى بەندىدىن .
مۇنى ھۇشىغە كەلتۈرۈپ ، باغلادى .
سالىپ ئالدىغە ، ئارقەدىن ھايدادى .
بۇلار باشىنى تاپتۇرماق ئېردى غەرەز ،
ئۆزۈم تۆكتى ھەم ئالدىغە بۇ مەرەز .
يىدى ، بولدى بىھۇش ئۆلۈكدەككىنە ،
بۇلارنى تۇتۇپ باغلادى بەككىنە ،
بەدەر كەتتى سالۇس بۇلارنى ئالىپ ،
بوشادى خاجە ئۇمرى ھۇشىغە كېلىپ .
بىرى بىرگە خەنجەر سالىشتى بۇلەر ،
ۋەلې ئاخىرى كەتتى سالۇس بەدەر .
بەيابان سارىغە قەدەم قويدى بۇ ،
بارىپ سۇرەتىنى ياساپ تۇردى بۇ .
خاجە ئۇمرى تاپالماي ، بولۇپ دەردمەند ،
كۆرۈپ سۇرەتىن تاشلادى بۇ كەمەند .
رەۋان قىلدى سالۇس كەمەندنى بۇ دەم ،
خاجە ئۇمرىنى مۇندا يانا تۇتتى ھەم .
بۇ سەگ يولغە كىردى ئالىپ تىزۇتۇن ،
بۇ كۈن تاڭلاسى يۈردى بۇ ئىككى كۈن .
كى تۈش ۋەقتى ئېردى ، ھارىپ تۇردى بۇ ،
كى بىر فەسل قۇملۇقدا ئولتۇردى بۇ .
بىر ئادەم كىلەدۇر بۇ سەھرا سويان ،
قاغۇننى يۈدۈپدۇر ، بارادۇر ئۇ يان .
دېدى : « توختا ، ھاي ، بەر ماڭا بىر خەمەك ،
بۇ ئادەم قاغۇن بەرمەدى تۇتتى بەك .
تۇتۇپ باقتى بۇ ئانچۇنان يالبارىپ ،
كى ئاخىر قاغۇن ئالدى بۇ فۇل بېرىپ .
بۇ مەلئۇن قاغۇننى يېمەسدىن بۇرۇن ،
يىقىلدى ئۇشۇل دەم بولۇپ سەرنىگۇن .
ۋەلې سەئىدى سالۇس ئېردى شۇبۇ ،
بۇ سالۇسنى ھۇشىغە كەلتۈردى بۇ .
ئۇرۇپ ئانچۇنان ھەر تەرەف چاپتۇرۇپ ،
ئۇمەر ھەمزەنىڭ باشىنى تاپتۇرۇپ .
مۇنىڭ بوينىغە غولۇ زەنجىر سالىپ ،
رەۋان بولدىلار ئۇشبۇ سەگنى ئالىپ .
يېتىپ بارگاھىغە كەلگەن زەمان ،

ئۇرۇپ نەئرە بىرلە خۇرۇشى فىغان .
ئالىپ باشنى ساندۇق بىلەن باشىغە ،
بىروق كىردى يىغلاپ ئەمىر قاشىغە .
ئەمىر قوپتىلار نەئرە ئۇرغان زەمان ،
خۇرۇشىدىن ئولدى زەمىن ئاسمان .
مەلىكە نىگار هۇرى دۇختەر بىلەن ،
تۇتۇپ ماتەمىن لاۋۇ لەشكەر بىلەن .
يېزىپ ساچىنى نۇربانۇ بۇ رەڭ ،
يۈزىنى ئۇزۇپ يىغلادى رەڭ بەرەڭ .
خۇرۇش ئەيلەدى يىرتىبان بارچە يۈز ،
كۆچۇپ يۇردى ئاۋازىدىن تاغۇ تۈز .
تىكىپ بارگاهىنى هەم ۋاژگۇن ،
هەمە بولدىلار يىغلاشىپ سەرنىگۇن .
سىپاهلار تۇتۇپ ماتەمىن غارقىراپ ،
ئۇمەر هەمزە يۇنانىنى يۇپ ـ تاراپ .
دەرىغا ، نەمازىن ئۆتەپ ئۇشبۇ دەم ،
نىشانە قىلىپ قويدىلار تۇغ ـ ئەلەم .
ۋەلې هۇر دۇختەر كېلىپ قاشىدا ،
بارىپ ياتتى شەهزادەنىڭ باشىدا .
قىلىپ نەچچە كۈن ماتەمىن ماجەرا ،
كىيىپ بارچە لەشكەر لىباسى قارا .
قارالىغ بولۇپ نەچچە كۈن پىرۇ ياش ،
بولۇپ قىرىق هەمە بەردىلەر ئابۇ ئاش .
بۇ سالۇسنى كەلتۈردىلەر شول زەمان ،
نەسىهەت قىلىپ باقتىلار ئانچۇنان .
دېدى : « كەلگىل ئەمدى مۇسۇلمان بول »
بۇ سەگ قىلمادى ئۇشبۇ سۆزنى قەبۇل .
ئۇشۇل دەم بۇ سەگنىڭ باشىنى كېسىپ .
جىلاۋخانە تاقىدا قويدى ئاسىپ .
يۈرۈپ مۇندا بىر نەچچە كۈن راۋىيان ،
كۆچۇپ يۇردى فۇرخار شەهرى سويان .
بۇ شەهرىنى ئىسلام ئاچىپ تىزۇ تۈن ،
ئۆتۈپ يۇردى مۇندا تۇرۇپ ئۈچ كۈن ،
كېلىبان بۇ دەريا لەبى قاشىغە ،
تىكىپ تۇشتىلەر بارگاه تاشىغە .
بۇ كۈنلەردە ئولتۇرمىش ئېردى ئەمىر ،
كېلىپ خاجە جۇمهۇردىن نامە بىر .
دېمىش : « ئەي ئەبۇلئالى شاهى زەمان ،
ئاتاڭىز ئېرۇر ئېردى نۇشىرۋان .
ئۇمەر ئىبنى شەدداد دېگەن كافىرى ،
كېلىپ بۇ زەمانىدا ئول جاهىلى .
بۇ نۇشىرۋاننى قەفەسىگە سولاپ ،
ئالىپ كەتتى ئول مەملەكەتنى بۇلاپ .
قۇباد بىرلە مىهرى نىگارى ئۈچۈن ،
رەئىيە قىلىڭ سىز بۇ كارى ئۈچۈن .
ۋەلې سىزگە مەندىن دۇئايۇ سەلام . »
بۇ مەزمۇنىدىن نامە بولدى تەمام .
ئەمىر بارغالى ئىزتىراب ئەتتىلەر ،
مۇكەممەل ، مۇسەللەه بولۇپ كەتتىلەر .
ئەمىر خاجە مۇقبىل ، خاجە ئۇمر بىلە ،
چېكىپ مەنزىلى ، تەي ئېتىپ راهىلە .
بۇ يەڭلىغ مەدايىنغە كەلگەن زەمان ،
ئەمىر ئالدىغە چىقتى بەگلەر رەۋان .
ۋەزىرۇ ئەمىرۇ قىبرى ياشلاغىن ،
كى بەختەك هەرامزادەئى باشلاغىن .
يىقىلدى ئاياغىغە سۇركەپ يۈزىن ،
يىغىدىن بۆلەك يوق مۇخالىف سۆزىن .
دېدىلەركى : « ئەي پادىشاهى ئەزىز ،
بولالىڭ مۇسۇلمان ، تىرىك بار سىز . »
خۇرۇش ئەيلەدى يىغلاشىپ ئانچۇنان ،
ئەمىر بولدى شەدداد سارىغە رەۋان .
كېلىپ بۇ هەبەش شەهرىدىن تەڭ قىلىپ ،
كى ئۆلتۈردى شەددادنى جەڭ قىلىپ .
بۇ نۇشىرۋاننى خەلاس ئەتتىلەر ،
يانىپ بۇ مەدايىنغە هەم يەتتىلەر .
بولۇپ ياخشى خۇب شاه بىرلە يانا ،
بۇلار بولدى ئانداغ ئوغلۇ ئاتا .

**فەسلى داستان ، ئەلەمشاه رۇمى رۇمدىن ئەمىر هەمزە بىرلە جەڭ قىلامەن دەپ كېلىپ ، ئاتا ـ بالا ئىككى ئۆيلەن تونۇشۇپ ، ياڭى باشدىن ئاتا ـ بالا بولۇشقانلارىنىڭ بەيانى**

مەئەلقىسسە ، راۋى هىكايەت قىلۇر ،
سۇخەن ئەهلى مۇنداغ رىۋايەت قىلۇر .
خەبەر ئالسە هەر كىم سۇخەن راهىدىن ،
ئىشتىمەك كېرەك سۆز ئەلەمشاهىدىن .

كۆن ئېردىكى قەيسەرى رۇمى ئۆزى ،
قاراپ دادخاهلارغە تۇشتى كۆزى .
قۇلاق بىرلە بۇرنى كېسىگلىك ئارىغ ،
تاياق زەئىفدىن هالى بولمىش سارىغ .
بۇ يەڭلىغ كېلىپ ئون ـ يىگرمە كىشى ،
تۇرۇپ قالدى بۇ دادخاهلىق ئىشى .
دېدى : « پادشاها ، بۇدۇر دادىمىز ،
بۇ كۆندە خەراب بولدى ئەھۋالىمىز .
فەلان يەردە ئىككى قاراقچى يىغى ،
بولۇپ ئاندا فەيدا بەلايى داغى .
مەكان ئەتتى بۇ مەنزىلدە تۇرۇپ ،
ئالادۇر دەۋام مالىمىزنى ئۇرۇپ .
بىرىنىڭ ئاتى رۇمى ئەبدۇسسەمەد ،
بىرىسىنى دەيدۇر ھەلالى جەسەد . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ داد ئېتىپ تۇردىلار ،
قىلىپ نالە ، فەرياد ئېتىپ تۇردىلار .
ئىشىتتىكى قەيسەرى رۇمى بۇ رەڭ ،
دېدى : « پەھلەۋان بارمۇدۇر ، قىلسە جەڭ .
ئەلەمشاه ئون ئىككى ياشىدا ئىدى ،
كى ساچراپ قوپۇپ : « مەن بارايىن » دېدى .
مۇڭا دېدى قەيسەرى :« سەن بارمىشىڭ
ئەمەس ئىشقە لايىق ، كىچىكدۇر ياشىڭ .
بۇ كافەر بىلەن جەڭ قىلۇرنى ھەۋەس ،
ۋەلې قىلماغىل ، سەن بەرابەر ئەمەس .
ئاڭا نەچچە ئىلغار ئىبەرگەن بۇ رەڭ ،
تۇتۇپ ئول كېلەلگەن ئەمەس ئۇشبۇ رەڭ . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ئىنھەمە باقتى ئول ،
ئەلەمشاه قوپۇپ يۈردى ، قىلماي قەبۇل .
ئالىپ تۇغ ـ ئەلەم پەرى پەيكەر بىلەن ،
قالىن قال قىرق مىڭچە لەشكەر بىلەن .
يېتىپ ئېردى بۇ يەرگە شەيدا بولۇپ ،
قاراقچى چىقىپ كەلدى فەيدا بولۇپ .
بۇ سائەت قىلىپ ئانچۇنان جەڭگى سەخت ،
ئەلەمشاه دۇھەسسە قىلغاي بۇ ۋەقت .
بۇ ئەبدۇسسەمەد بىرلە رۇمى ھىلال ،
نۆكەر بولدى بۇ ئىككىسى دىر مەھال .
تاپىپ فەتھى نۇسرەتنى ياندى ھەمىن ،
مۇڭا قىلدىلار تەھسىنۇ ئافەرىن .
بولۇپ ئانچە خۇشھال قەيسەرى رۇم ،
دېدى ئولتۇرۇم بىر كۆنى خەلقى غۇم .

« ماڭا ، ئەي بۇتام ، ئۇشبۇ ۋەقتىمدە سىز ،
چىقىپ ئولتۇرۇڭ ئۇشبۇ تەختىمدە سىز .
بولۇپمەنكى دىلگىر ، قىلايىن شىكار ، »
دېدى : « مەملەكەت سىزگە ئەي شەھرىيار . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ، ئاتلانىپ شول زەمان ،
ئالىپ يۈردى رەيھان سارىغە رەۋان .
بارۇر ئېردى ناگاه تۇشۇپ تەختىگە ،
يەقىن كەلدى رەيھان دېگەن شەھرىگە .
بار ئېردى ئۇلۇغ ئىككى شاهى ئانىڭ ،
كى ئالدىدا قىرق مىڭ سىپاهى ئانىڭ .
بۇلار ھەم شىكار ئەيلەمەككە بۇ دەم ،
چىقىپ ئالدىغە كەلدىيۇ ئۇشبۇ دەم .
تۇتۇپ ئالدى قەيسەرنى ئول شول زەمان ،
ئالىپ يۈردى رەيھان سارىغە رەۋان .
بۇ قەيسەرنىڭ ھەم مۇشكىل ئولغاچ ئىشى ،
بۇ سائەت قاچىپ كەلدى نەچچەند كىشى .
ئەلەمشاغە قىلمىش ئېردى خەبەر ،
بارىپ قىلدى ئانى بۇ زىرۇ زەبەر .
قويۇپ جانىغە ئەمما داغ ئۇزرە داغ ،
خەلاس ئەتتى قەيسەرنىيۇ ئۇشبۇ چاغ .
ئالىپ ياندى ئۆز شەھرىگە تېزۇ تۇن ،
كېلىپ بەردى توي مەجلىسۇ نەچچە كۆن .
ئەلەمشاه دېدى ئوتۇرۇپ بىر كۆنى :
« كى ئەمدى قوپۇپ بىز ئويۇن ـ كۈلكۈنى
بارالىڭ مەداينىغە ئەمدى رەۋان ،
ئىمىش دۇشمەن ئىلكىدە نۇشىرۋان .
ئاتى ئېرمىش ئانىڭكى ھەمزە ئەرەب ،
قىلايىن ئانى مەن بارىپ بىر تەرەف .
ئالىپ ئاتمىش ئۈچ مىڭ چېرىك شول زەمان ،
مەداينىغە يۈردى ئەلەمشاه رەۋان .
خەبەر بولدى نۇشىرۋانىغە بۇ ھال ،
چىقىپ پىشباز ئالدىغە ئۇشبۇ ھال .
كى ئەئزاز بىرلە كۆرۈشتى بۇرۇن ،
ئالىپ كىردى ، ياندا بەردى ئورۇن .
بېرىپ مەجلىسۇ ئانچۇنان رەڭ بەرەڭ ،
چالىپ ئاتىغە تاڭلاسى تەبلى جەڭ .
ئۇشۇل دەم خاجە ئۇمرى ئالاي دەپ خەبەر ،
ئىشىتتى بۇ سۆزلەرنى ، ياندى بۇ ئەر .
كېلىپ دېدى ئىسلامىغە تېزۇ تۇن :
«بولۇڭلار خۇدا بىرلە سىزلەر بۇ كۆن .

كېلىپدۇركى بىر پەھلەۋانى يۇھا ،
ۋەلې رۇمدىن ئېرمىش ئۇل ئەژدەھا .
بۇ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمگە ئۇرسا دەم ،
ئارىغ تارتىبان قالماغاي بىر ئادەم . »
ئەمىر « يوق » دەبان « ئەمدى ھېچ غەم يېمەڭ ،
خۇدا بولسە بىز ھەم قىلۇرمىزكى جەڭ . »
چالىپ كۇسى ئىسكەندەرىنى بۇلەر ،
تىكىپ توغ ـ ئەلەمنى ياسال تۈزدىلەر .
مۇكەممەل مۇسەللەھ بولۇپ پىرۇ ياش ،
بولۇپ لەندۇھۇر ئۇشبۇ لەشكەرگە باش .
ئەلەمشاھ ئۇل دەم بولۇپ كامران ،
كېلىپ تۇردى مەيدانغە بەرمەي ئەمان .
ئۇرۇپ نەئرە ئانداغكى بۇ شىرى مەرد ،
ئوشۇل دەم ئۆزىگە تەلەب قىلدى مەرد .
كىرىپ ئېردى مەيدانغە مەئدى كەرەب ،
رەۋان قىلدى نەيزە ئەلەمشاھ كۆرەپ .
مۇنى تۇتتى باغلاپ بىر ئۇرغان زەمان ،
يبەردى تۇتۇپ لەشكەرىگە رەۋان .
مەئەلقىسسە ، بۇ جەڭكى بولدى دەرىغ ،
تۇشۇپ بەندىگە پەھلەۋانلار ئارىغ .
يانا تاڭلاسى تەبلى جەڭلەر چالىپ ،
بولۇپ كامران ، تۇردى مەيدان ئالىپ .
تەقابۇل تۇرۇپ لەندۇھۇر ئۇشبۇ رەڭ ،
كى ئانداغ ئىكەۋلەن بۇلار قىلدى جەڭ .
بىرى بىرگە ھەربە سالىشتى نېچە ،
قىلىپ جەڭ بۇلار ئىككى كۈن ئۈچ كېچە .
كى ئاخىر ئەلەمشاھىغە لەندۇھۇر ،
بۇ دەم زەخم ئۇرماقغە قىلدى بۇ زور ،
بۇ سائەت كېلىپ بىر فىيادە كىشى ،
تۇتۇپ لەندۇھۇرنى بۇ نامە ئىشى .
ئالىپ لەندۇھۇر نامەنى دەر زەمان ،
مۇتالىئە قىلىپ باقتى بۇ پەھلەۋان .
پىتىپدۇركى مۇنداغ مەقالاتىدا ،
مەلىكە بۇبى رابىئە ئاتىدا .
دېمىش : « مەنكى ئۇل رابىئە ، ئاي ئەرەب ،
ئەلەمشاھ بارمىش ئىمىش ئۇل تەرەف .
ۋە ھالا سېنىڭ ئوغلۇڭ ئۇلدۇركى ئۇل ،
ئۇل ئېرمىشكى مەندىن تۇغۇلغان ئوغۇل .
كېتىپدۇر سېنى تونۇماي ئۇشبۇ رەڭ ،
كى بىلمەي قىلۇرغە سېنىڭ بىرلە جەڭ .
ۋەلى بولماسۇن زايىئ فەرزەندىڭىز ،
ئېرۇر ئۇل جىگەر گۇشە پەيۋەندىڭىز ،
تەھەييات مەندىن دۇئايۇ سەلام . »
بولۇپ نامەسى ئۇشبۇ سۆزدە تەمام .
ئوقۇپ نامەنى لەندۇھۇر ئۇل زەمان ،
ۋەلې تەگلەدى گۇرزەسىنى رەۋان .
ئەلەمشاھ ئوشۇل دەم دېدى ئۇشبۇ خىل :
« كى ئەي پەھلەۋان ، بىر زەمان سەبر قىل .
تەمام پەھلەۋانلارنى مەن ئاجراتاي ،
كى ئاندىن بۇ كۇفر ئەھلىغە ئوق ئاتاي . »
دېدى لەشكەرىگە : « بولۇپ قاتما قات ،
سالىڭلار بەيەك بارە ئارقامدىن ئات ! »
ئەلەمشاھ ئارقا بارىپ شول زەمان ،
كى ئات سالدى كۇفرى ئېلىگە رەۋان .
قىلىپ ئانچە خۇنرىزلىق بىھىساب ،
كى بەرمەي ئەمان سايەگە ئافتاب .
ۋەلې ھەر تەرەف سەل بولۇپ ئاقتى قان ،
قاچىپ كەتتى شەھرىگە نۇشىرۋان .
ئەلەمشاھ يانا ئىككى فەرسەڭ چاپىپ ،
مۇنى قوغلابان ياندى نۇسرەت تاپىپ .
ئەمىر ئانچە خۇشھال ئولۇپ ئۇشبۇ ھال ،
دېدى : « يەتتە كۈن تەبلى نەققارە چال . »
ئەلەمشاھ بىرلە تانۇشتى بۇلار ،
ۋەلې ئاقىزىپ كۆزلەرىدىن سۇلار .
بېرىپ توي بىلەن مەجلىسى بىشۇمار ،
بۇلار بارگاھىدا ئالدى قەرار .

**فەسلى داستان ، نۇشىرۋان ئەمىر ھەمزەم بىلەن جەڭ قىلغالى كېلىپ ، شكەستە يەپ ، يۈرتىغە يانىپ بارغاندا ، خاتۇنى مەلامەت قىلىپ ، خەفالىقغە چىدىماي نۇشىرۋان پادىشاھلىقنى تاشلاپ گەدالىقنى ئىختىيار قىلغانلارى**

قىلۇر راۋىلار ئۇشبۇ يەڭلىغ بەيان ،
قاچىپ كەلدى شەھرىگە نۇشىرۋان .
كۆرۈپ خاتۇنى ، قىلدى كۆپ سەرزەنىش ،
دېدى : « ئەي فەلاكەت گەدا ، بۇ نەئىش .

ماگا بۇ ئىزارىگكى ناموس بەك ،
سەن ئولتۇر بۇ ئورنۇمدا ، سالغىل لىچەك .
ساگا پايتەختى ئەسىر شاھلىق ،
ۋەلېكىن گۇدەكنىڭ ئىشى بۇ قىلىق .
بارىپ ھەمزەنىڭ قاشىغە يۈز قېتىم ،
شكەست يەپ يانۇرسەن ، بارىپ ھەر قېتىم .
بولۇپ ھەفتە ئىقلىمغە شاھ ئۇشبۇ رەڭ ،
قىلالمايسەنۇ بىر ئەرەب بىرلە جەڭ . »
تاپاۋۇ مەلامەت قىلىپ ئانچۇنان ،
خەفا بولدى بۇ سۆزگە نۇشىرۋان .
ئۇيۇماي كېچە ياتتىيۇ تەختىدە ،
شەھەردىن چىقىپ كەتتى بىر ۋەقتىدە .
بارۇر ئېردى مەنزىل بەمەنزىل ئارا ،
يولۇقتى پاتاچى باقادۇر كالا .
دېدى قويچىنى : « سەن لىباسىگنى سال ، »
سالىپ شەھ سەرۇپايىنى دېدى : « ئال ! »
كىيىپ قويچىنىڭ چەكمەنىنى بۇ دەم ،
ئۆتتۇپ قويدى مەغرىب سارىغە قەدەم .
بارۇر ئېردى شەھ ھەر تەرەفكە قاراپ ،
كى بىر نەچچە ئادەم ئىچەدۇر شەراب .
دېدى شەھ : ئانىڭ قاشى بىرلە ئۆتەي ،
ئۇلار دېسە ئانىڭ نېمە ، مەن نە دەي ؟
بۇ فىكرى خەيالات بىرلە ئۆزى ،
بۇ ئادەملەنىڭ ئۇشتى ناگەھ كۆزى .
كى شەھ تۇيدىلار ئۇشبۇ قىلتاقنى ھەم ،
فەلاكەت باسىپدۇر كۆرۈگلەر بۇ دەم .
بارادۇر ئۆتۈپ ئىزتىراب ئەيلەبان ،
دېدى : « غەم باشىغە تۇشۇپدۇر تەۋان .
كى بىر باغقە چىقتى يۈرۈپ بۇ يانا ،
پىشىپ مېۋەلەر بىرلە ئالمە - ئانا !
تەقازا قىلىپ نەفسى بۇ شاھنىڭ ،
ئىچگە كىرىپ دەرمىيان باغنىڭ .
ئالىپ مېۋەلەرنى يېدى ، بولدى توق ،
قاباشتىكى ئىتلار ، يۇگۇردى بىروق .
تۇيۇپ باغبەنند ، كەلدى ھەم قاشىغە ،
ئۇرۇپ باغلادى نەچچەنى باشىغە .
قىلىپ شاھنى ئانچۇنان دەرد مەند .

توخى باقغالى قويدى بۇ باغبەنند .
توخى باقتى نۇشىرۋان بىر نېچە ،
قاچىپ كەتتى مۇندىن قويۇپ بۇ كېچە .
كېلىپ تۇردى تەبباخنىڭ قاشىغە ،
قالاپ ئوتنى ئاشفەزىنىڭ ئاشىغە .
بەناگەھ سىپاھى كېلىپ ئالدى ئاش ،
دېدىكىم : « كۆتەرگىل بۇ ئاشنى ، ئاداش .
كى پۇتلاشتى يەرگە يىقىلدى رەۋان ،
سىپاھ پۇلنى ئالدى ، ئاش ئۇلدى تاۋان .
بۇ ئاشفەز تۇتۇپ بىنىھايەت سوقۇپ ،
قاچىپ كەتتى تۇن ھەسسەسىدە قويۇپ .
كېلىپ ئوت قالاپ تۇردى ھەممامغە ،
بۇ ھەم سوقتى ئانداغ مۇنىڭ كامىغە .
قاچىپ كەلدى لەگگەرگە ئاندىن رەۋان ،
بولۇپ تۇردى لەگگەرچى نۇشىرۋان .
تۇشۇپ ئۇشبۇ كۆن شاھنىڭ باشىغە ،
بۇ سۆز ياندى ئەمدى ئەمىر قاشىغە .
ئەمىر ئولتۇرۇر ئېردىلەر تەختىدە ،
بۇ ئادەم كىرىپ كەلدى بۇ ۋەقتىدە .
ئالىپ تۇتتى بىر نامەنى دەر مەھال ،
ئوقۇپ باقتى ئۇل دەم پىتىپدۇر بۇ ھال .
دېمىش : « مەنكى ئۇل جۇمھۇرى ، ئەي ئەزىز ،
قالىپ كۆپ بۇ تەشۋىش ئارا مۇندا بىز .
بۇ غەم - قايغۇنى سىزگە ئەيلەي بەيان ،
مەلىكەگە يوق ئېردى نۇشىرۋان .
يىگىرمە ئىككى كۆن بولدى ئىزدەپ شەھەر ،
ۋەلى تاپمادۇق ھېچ تەرەفدىن خەبەر .
ئانى سىزگە ........ ①
كى دەرياغە يەتتى بولۇپ قايغۇلۇغ ،
ئۆتەي دېسە بولماس ، سۇيى بەك ئۇلۇغ .
دېدىكىم : « بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى نېمە ؟
........................ ②
مىنى يۇپ - تاراپ كەتكۇسى ئۇل تەرەف
قويۇلۇك ئاشقاندا مىنى ، ئەي ئەرەب .
كى بىر سىررى باردۇر بۇ ئىشدىن نىھان »
خاجە ئۆمرى بۇ سۆزلەرنى دەپ بەردى جان .
ئەمىر ياتقۇرۇپ قويدىلار ئۇشبۇ دەم .

① قول يازمدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان .
② قول يازمدا بۇ ئورۇندىن بىر قانچە ۋاراق يوقالغان .

بۇ ئۆينى قىلىپ قويدىلار خالىي ھەم.
بىروق ئەھلى ئىسلام ئەيلەپ فىغان،
يارىلدى بۇ ئاۋازەدىن ئاسمان.
يېتىپ توققۇز ئەفلاكغە بۇ خۇرۇش،
تۇتۇپ ماتەمنى، كەتتى ھەم ئەقلۇ ھۇش.
ئىشىتتى بۇ ئاۋازنى كۇفر ئېلى،
كىشى بۇيرۇدى بىر خەبەر ئالغالى.
دېدى: «ھەمزەنىڭ لەشكەرىدىن يامان،
چىقادۇر ئەجايىب خۇرۇشۇ فىغان.
خەبەرنى ئالىپ كەلگىلۇ دەر مەھال،
ۋەلېكىن بولۇپدۇر ئۇلارغە نە ھال؟»
مۇئەللەق ئۇرۇپ كەلدى ساسانىلەر،
ئالىپ باردى نۇشىرۋانغە خەبەر.
كېلىپ شاھغە دېدى بۇ تېزۇ تۇن:
«ۋە ھالا ئۆلۈپدۇر خاجە ئۇمرى بۇ كۈن.»
مۇڭا دېدى بەختەك: «بۇ يالغان ئېرۇر.»
قاچان ئۆلسۇن ئول، مەكرى چەندان ئېرۇر.»
بۇ سۆزلەرنى شاھ قىلمادىلار قەبۇل،
دېدىكىم: «نە بائىسدىن ئۆلمىش ئول؟»
دېدى كەركەسى: «مۇندا كەلمىش ئىكەن،
كېلىپ زەمھەرىرنى بۇ كۆرمىش ئىكەن.
كى زەھرى تەرىد بولغان ئېركەن كۆرۈپ،
بۇ قورقۇنجىدىن بۇ قالىپدۇر ئۆلۈپ.»
دېدى زەمھەرىر جادۇ: «مەن ھەم باراي،
ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ خەبەرنى ئالاي.
تىرىك بولسە، ئانىڭ باشىنى كېسىپ،
كېلەي مۇندا ئانى خاداغە ئېسىپ.»
بۇ سۆزلەرگە بەختەك تۆكۈپ ياشىنى،
دېدى: «سىز ئالىپ كەلسەڭىز باشىنى.
ۋەلېكىن ئۆز ئورنۇمنى سىزگە بېرەي،
...........................
بۇ جۇملە ئەمىرلەردىن ئارتۇق بىلەي.»
تاپىپ جادۇ بىر كۇفنى شول زەمان،
بۇ كۇفكە كىرىپ بولدى جادۇ رەۋان.
خاجە ئۇمرى دېگەندەككىنە ئول كىشى،
ئېرۇر ئاق ئىگىنلىك ئەجايىب ئىشى.
ئوشول دەم ئەمىر ئالدىغە چىقتىلەر،
خاجە ئۇمرى قاشىغە ئالىپ كىردىلەر.
بۇ جادۇ ئەمىرنى چىقاردى نارى،
تۇتۇپ ئۇيغاتىپ باقتىيۇ ئىلگەرى.
باسىپ ئوڭدا ياتقۇزدى ئاندىن كېيىن،
ئاڭا قىلدى بۇ يەتمىش ئىككى قىيىن.
كۆز ئاچمادىلار ئول ئۆلۈكدەككىنە،
بۇ كافەر فەرامۇش بولۇپ بەككىنە،
ئۇنۇتتىكى باشىنى كەسمەكنى بۇ،
قىلىپ ۋەئدەسىنى تۈگەتمەك شۇبۇ.
چىقىپ ۋەئدەسى كۆڭلىدىن بۇ زەمان،
قويۇپ يولغە كىردى بۇ جادۇ رەۋان.
ئەمىر يۇپ ـ تاراپ، قويدى بۇ ھالىدا،
نەمازىن ئۆتەپ ئاشىقان غارىدا.
قويۇپ باشىدا ئالتە ئەييارىنى،
ئالىپ ياندىلار ئۆزگە دوست ـ يارىنى.
قارالىغ بولۇپ چوڭ ـ كىچىك، پىرۇ ياش،
قىلىپ يىد ـ چىراغ، بەردىلەر ئابۇ ئاش.
قىلۇر بۇ ھىكايەتلەنى راۋىيان،
بەناگاھ يانىپ كەلدى جادۇ بۇيان.
ھەرامزادە بەختەك دېدى: «باش قېنى؟
نە خىزمەتكە بۇيرۇپ ئىدۇك بىز سېنى؟»
بۇ جادۇ دېدىكىم: «مەنە، بۇ نە ھال؟
فەرامۇش بولۇپ ئۇنتۇلۇپدۇر خەيال.
بارىپ مەن ئۆلۈكنى تاپىپ كەلتۈرەي،
چىقىپ تاڭلا مەن ھەمزەنى ئۆلتۈرەي.»
دېدى ئۇشبۇ سۆزلەرنى، بولدى رەۋان،
يېتىپ كەلدى ئول دەمدە جادۇ يامان.
كېلىپ غارغە بۇ ھەرامزادە شۇم،
بۇ سەگ كۆردى خەلقى تۇرۇپدۇر كى غۇم.
دېدىكىم: «خاجە ئۇمرى شۇبۇ يەردە ھەم»
ئوشۇل دەم بۇ قىلدى ئاياغدىن لەقەم.
لەھەدكە تېشىلدى، بۇ مەلئۇن چىقىپ،
يىقىتتى خاجە ئۇمرى گالىدىن سىقىپ.
قىلىپ باشىنى ھەم تېنىدىن جۇدا،
ئانى ياتقۇزۇپ قويدى ئۆز ئورنىدا.
خاجە ئۇمرى لەھەددىن چىقىپ شول زەمان،
بولۇپ جادۇنىڭ سۇرەتىدە يامان،
دېدىكىم بۇ ئەييارلارنى: «ھەمەڭ،
يانىڭلاركى مۇندىن، ۋەلې غەم يېمەڭ.
چىقىپ ئول زەمان غارنىڭ تاشىغە،

رەۋان بولدى نۇشرۋان قاشىغە .
بار ئېردىكى شەھ ئالدىدا پىرۇ ياش ،
يېمەككە قويۇپ ئېردى ئالدىدا ئاش .
خاجە ئۇمرى كىرىپ كەلدىيۇ ئۇشبۇ ۋەقت ،
كۆرۇپ دېدى بەختەككى : « ئەي نىكى بەخت ،
ئالىپ كەلدىڭىزمۇ خاجە ئۇمرى قېنى ،
قاياندۇر ئانىڭ باشى بىرلە تېنى ؟ »
خاجە ئۇمرى دېدىلەركى : « كەلدىم ئالىپ ،
قويۇپ تاشقارى ئانى قويدۇم هارىپ . »
مۇنى دابەئى جادۇ فەهم ئەيلەدى ،
بۇ كۆڭلىدە « ئۇشبۇ خاجە ئۇمرى » دېدى .
كى ئۆلتۇرگەن ئوخشايدۇ ئۇ ئادەم بۇ ،
ياساپ سۇرەتىنى خاجە ئۇمرى شۇبۇ .
دېدىكىم بۇ مەلئۇن : يەقىنراق كېلىڭ ،
قولىغە ئاشنى ئالىپ ، دەپ ئېلىڭ .
خاجە ئۇمرى كېلىپ ئاشىغە سۇندى قول ،
قولىنى قاتىپ ئاش بىلەن تۇتغاي ئول .
خاجە ئاشنى ئالدى كېلىپ قاشىغە ،
ئالىپ ئۇردى ئاشنى ئانىڭ باشىغە .
مېڭەسى چۇبۇلدى بولۇپ گەردۇ گەرد ،
يەنە بولدى دەرد ئۇستىگە ئۇشبۇ دەرد .
مۇنى ئۆلتۇرۇپ خاجە تاپتى ئەمان ،
چىقىپ بارگاهىغە كەلدى رەۋان .
ئەمىرگە قىلىپ بۇ دۇئايى سەنا ،
دېدىلەركى : « ئەي شاهى ئالەم پەنا .
مەن ئۆلتۇردۇمۇ جادۇنى بىر ـ بىرىن ، »
بۇ ئىشلارغە قىلدى ئەمىر ئافەرىن .
ئۇشۇل دەم قىلىپ نەغمەنى دافۇ نەي ،
بېرىپ مەجلىسى ، تۇتتىلار ساقى مەي .
بۇلار ئەينى ئىشرەت بىلەن كامران ،
كى ئىشتىلدى بىر شادىيانە رەۋان .
دېدىكىم ئەمىر : « بولسە بىر ياخشى ئەر ،
ئالىپ كەلسە بۇ كۇفر ئېلىدىن خەبەر . »
خاجە ئۇمرى ئۇشۇل دەم رەۋان ئولدىلار ،
قوپۇپ ئەل كۆزىدىن نىهان ئولدىلار .
كى بىر سائەتىدە خاجە ئۇمرى بارىپ ،
يانىپ كەلدىلەر بۇ خەبەرنى ئالىپ .
دېدى : « يا ئەمىر شادىيانە ئىشى ،
كېلىپدۇر يەنە جەڭگە قىرق مىڭ كىشى .
بۇ كافەر هەمە جەمئ ئولۇپ ئىككى لەك ،
بولۇپدۇر كى نۇشىرۋانغە كۆمەك .
ئىمىش كىشىۋەرەت ئۇشبۇ لەشكەرگە باش ،
مۇبارىز ، بەهادۇر ئىمىش خەلقى ياش . »
دېدىلەر ئەمىر : « كەلسە يوقدۇر غەمىم ،
كى يار ئولغۇسىدۇر خۇدايى كەرىم . »
ئۇشۇل دەم سىپاهغە خەبەر سالدىلار ،
بۇلار هەم چىقىپ تەبلى جەڭ چالدىلار .
بەرابەر بولۇپ ئىككى لەشكەر بۇ دەم ،
كى سەفنى تۈزۈپ تىكتىلەر تۇغ ـ ئەلەم .
ۋەلې كىردى كۇففاردىن زەفتىكار ،
كى زەڭگارى غۇرى دېگەن نابكار .
كى نۇش ئەيلەبان شەربەتى جامدىن ،
ئەلەمشاھ كىردى بۇ ئىسلامدىن .
بۇ زەڭگار غۇرى ئىشتكەن زەمان ،
ئەلەمشاھغە قىلدىكى شەمشەر رەۋان .
تۇتۇپ زەنجىرىدىن ئالىپ ئۇردىلار ،
بۇ مەلئۇننى ئۆلتۈرگەلى تۇردىلار .
بۇ هەم ئۆزى قورقۇنجىدىن ئۇشبۇ خىل ،
مۇسۇلمان بولۇپ ، ئاچتى ئىمانغە تىل .
كى بىر جەڭگى بولدى تولۇپ قانغە يەر ،
ئانادىن بولۇپ قىز ـ ئوغۇل بىخەبەر
زەمىن ئۈزرە ياتغان ئۆلۈكلەر باشى ،
ۋەيا چالمەدۇر ياكى سايىنىڭ تاشى .
ئاۋاز چىقتىلار ئەلئەمان ـ ئەلئەمان ،
مەداينىغە قاچتى بۇ نۇشىرۋان .
مۇنى قوغلاشىپ كەتتى لەشكەر چاپىپ ،
ئەمىر تۈشتىلەر فەتهۇ نۇسرەت تاپىپ .
ئەلەمشاھغە بەردى مەجلىس نېچە ،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئىككى كۈن بىر كېچە .
ئەمىر ئولتۇرۇر ئېردىلەر تاڭلەسى ،
خاجە ئۇمرى كىرىپ ، ئېلكىدە نامەسى .
ئەمىرگە تۇتۇپ نامەنى دەرمەهال ،
ئاچىپ باقتىلار كىم ، پىتىپدۇر بۇ هال .
دېمىش : « ئەي پىسەر ، بەهرىنىڭ گەۋهەرى ،
مەنەم خاجە ئەبدۇلمۇتەللىب ۋەلى .
هەبەشدىن كېلىپ ئادىلار ئالتە لەك ،

كى قورشاپ ئالىپ مەككەنى ياتتى بەك
خەلاس ئەتمەسەك كەتكۈسى مالىمىز
قىيامەتكە باقىي قالۇر ھالىمىز .
ساڭا ھەم قەيامۇ تۇمەنمىڭ سەلام ،
سۆزۈم ئۇشبۇدۇر ، نامە بولدى تەمام . »
ئىشتىكەچ ئەمىر نامەنى بۇ زەمان .
قوپۇپ بولدىلار مەككە سارى رەۋان .
تەمامى قوپۇپ لەشكەرى راھىنى ،
ئۆز ئورنىدا ھەم لەندەھۇر شاھىنى .
ئەلەمشاھنى ھەمكىم قوپۇپ كەتتىلەر ،
خاجە ئۇمرى بىلە مەككەگە يەتتىلەر .
كى ئۆزنى ئالۇردا شەھەرنى قاباپ ،
كېلىپ تەگدىلەر شىردەك غاقىراپ .
قاچىپ ئادىلار نەئرە ئۇرغان زەمان ،
بىر ئۇرغاندا ئەللىكنى بەرمەي ئەمان .
ئاقىپ ھەر تەرەف قانى جەيھۇن كەبى ،
تولۇپ قانغە تاشتى بۇ خەندەك لەبى .
يېتىپ توققۇز ئەفلاكغە گەردۇ دۇد ،
شىكاف ئەتتى تاغلارنى تىغى ئۇمۇد .
ئۆلۈكلەر تېنى تاغ مەسەللىك ھەمان ،
بۇ ئاۋازغە پۇر بولۇپ ئاسمان .
ھەلاكەتكە يەتتى بۇ كەلگەن چىرىك ،
كىشى كۆرمەدى قالغانىنى تىرىك .
چىقىپ چوڭ ـ كىچىك مەككەلىك پىرۇ ياش ،
ئەمىرنىڭ ئاياغلارىغە قويدى باش .
كۆرەشتى بىروق يىغلاشىپ زار ـ زار ،
دېدىكىم ئىدۇك بىز ساڭا ئىنتىزار .
ئەمىر قالدىلار مەككەدە ، ياندى سۆز ،
سالىك لەشكەر ئىسلام سارى ئەمدى كۆز .
ماڭا ، ساقىيا ، مەي بىلە جام تۇت ،
بۇ فانى جەھاندىن كۆڭۈلنى ساۋۇت .

**فەسلى داستان ، شاھزادە ئەلەمشاھغە رۇمدىن نامە كەلگەنى ، ئەلەمشاھ بارىپ ، فەرەڭلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئاناسىنى ئاجراتىپ ئالغانلارى**

ئىشتىمەك كىرەك قىسسەئى بابىدىن ،
ھىكايەت قىلۇر لەشكەر ئىسلامدىن .
بۇ ئەسنادا ئولتۇرمىش ئېردى ئىشى ،
كىرىپ كەلدى ئەييارىدىن بىر كىشى .
كى دەستارى كۆك ، لالە رەڭ جامەسى ،
ئالىپ تۇتتى بۇ بار ئىكەن نامەسى ،
قۇباد ئانى ئاھىستە ئالغان زەمان ،
مۇتالىئە قىلىپ ، قويدى ئانى نىھان .
ئەلەمشاھ دېدى : « ئەي شەھى ئەرجەمەند ،
نە ئىشغە ئانى ئوقۇمايسىز بەلەند ؟
كى ئاسانمۇ ، مۇشكىلمۇ ئانىڭ ئىشى ،
ئىشتسە نە بولغاي ئانى ھەر كىشى ؟ »
دېدىكىم : « بۇ شەھزادەئى : « بۇ نە سۆز ،
سىپاھ سالغانى يوقدۇ شەھلىقغە كۆز
كەڭەش ـ مەسلەھەت بولماغۇنچە مۇدام ،
سىپاھلارغە ئاگلاتغانى يوق تەمام . »
بۇ سۆزدىن ئەلەمشاھ دېدى : « خەيرۇ شەر ،
كى سەن پادشاھ بولدۇڭۇ بىز نۇكەر !؟ »
غەزەبدىن ئەلەمشاھ قوپۇپ دەر زەمان ،
تۇتۇپ نامەنى ئالدى بەرمەي ئەمان .
دېدىكىم : « بارىپ مەن باباڭنى تاپىپ ،
تۇتۇپ كەلتۇرەي مەن شەھەرنى چاپىپ ! »
قۇباد ئۇشبۇ سۆزدىن دېدىكىم بۇ رەڭ :
« ئاتاڭ ھەمزە قىرق يىل قىلىپدۇر كى جەڭ .
بابامنىڭ بىر تارى مويىنچە چاچى ،
زەرەر يەتكەنى يوق نېچە يىل داغى .
سېنىڭدىن يەنە كەلسە يۈزمىڭ ، كېتەر ،
سېنىڭكى كۆچۈك ھەم نە يەرگە يېتەر . »
نېچە شور ئەنگىز فەسانە ئوقۇپ ،
ئەلەمشاھ غەزەبناك ئولدى قوپۇپ .
ئالىپ لەشكەرى رۇمنى شول زەمان ،
بۇ سائەت مەدايىنغە بولدى رەۋان .
يېتىپ كەلدى شەھرىگە بۇ ئەسرىندە ،
ئىدى تاقى نۇشىرۋان كىسرىندە .

كى ئۇلۇك قولدا ئون يەتتە مىلك تاجدار ،
كى چەپ قولدا ئون يەتتە مىلك نامدار .
ئەلەمشاھ كىرىپ كەلدىلەر بۇ مەھەل ،
كۆرۈپ لەرزەگە تۇشتى ئولتۇرغان ئەل .
ۋەلى شاھى بىرلە كۆرەشتى بۇرۇن ،
ئاگا تەختى ئۈستىدە بەردى ئورۇن .
كى مەجلىسنى ئاغاز قىلىپ شول زەمان ،
قۇياش ئولتۇرۇپ ، بولدى تىيرە جەھان .
ئالىپ خاجە جۇمھۇر ئەلەمشاھنى ،
ئۆيىگە ئالىپ چىقتى بۇ ماھنى .
قەزارا ، بولۇپ ئەتىلامى كېچە ،
قوپۇپ كەلدى ھەممامغە بۇ كېچە .
كۆرۈپ يولدا ساسانى بۇ كەركەسى ،
خەبەر قىلدى زۇبىنغە بۇ ناكەسى .
دېدى : « ھەمزەنىڭ ئوغلى ئۆتتى بۇيان ،
بارادۇر سەر ئابغە بۇ ھەم بىگۇمان . »
بۇ سۆز بىرلە زۇبىن سەلاھى بىلەن ،
كى ئاتلاندى ئونمىڭ سىپاھى بىلەن .
قورشاپ ئالدى ھەممام ئەتراقىنى ،
ئورۇپ ھەر بىرى بىر بۆلەك لاقىنى .
كى بىر كافەرى بەرمەس ئېردى ئەمان ،
كى شەمشەر ئالىپ ئۆيگە كىردى رەۋان .
ئالىپ تىغىنى بەرمەيىن ئەسلى دەم ،
ئورۇپ ئېردى بىر ، بولدى گويا قەلەم .
بۇ كۇفر ئەھلى ھەممامنى يىقتىلار ،
بۇلار جامەئىخانەگە چىقتىلار .
بۇ ئەسنا ئالىپ بادى پاي بۇ خەبەر ،
سەلاھىنى يەتكۇردى ئول دەم بۇ ئەر .
ئەلەمشاھ سەلاھىنى كىيگەن زەمان ،
قىلىپ جەڭ ، سورۇپ كۇفر ئېلىنى رەۋان .
ئورۇپ ، ئۆلتۇرۇپ چارسۇغە يەتتىلەر ،
كېلىپ خاجە جۇمھۇر ئالىپ كەتتىلەر .
كى مېھمان قىلىپ نەچچە كۈن جوغلاشىپ ،
ئەلەمشاھ يانىپ كەتتىلەر خۇبلاشىپ ،
چېكىپ مەنزىلى يولنى بۇ شەھرىيار ،
كېلىپ بارگاھىدا تاپتى قەرار .
بۇلار ئولتۇرۇر ئېردى ئەيلەپ سەنا ،
بۇ ئەسنا كىرىپ بىر فىيادە يانا .
قۇبادغە ئالىپ تۇتتى بىر نامەنى ،
ئوقۇپ تاشلاپ ئاتتى بۇ ھەڭگامەنى .

قىلىپ تەئنەلەر ئانچۇنان رەڭ بەرەڭ ،
دېدى : « بولساڭ ئەر ، قىل بارىپ ئەمدى جەڭ .
باباڭنى خەلاس ئەيلەگىل زەڭگىدىن ،
ئەگەر قورقماساڭ سەن ئانىڭ جەڭگىدىن .
ئەلەمشاھ ئالىپ نامەغە سالدى كۆز ،
يېتىپدۇر ئوقۇپ باقتىلار ئۇشبۇ سۆز .
« كى مەن ئول بىبى رابىئە ، ئەي ئەزىز ،
خەراب ئولغالى تۇردى بەك ھالىمىز .
ئاتاڭ ھەمزە ئالدى ئوشول كۈن مېنى ،
كى ئۆلتۇرمىش ئېردى فەرەڭ شاھىنى .
بۇ كۈندە كېلىپدۇركى شاھى فەرەڭ ،
ئاتاسى خۇنىنى تىلەيدۇر بۇ رەڭ .
كېلىپ تۇشتى لەشكەر بىلە ئالتە لەك ،
ۋەلى قورشابان قەلئەنى ياتتى بەك .
كى پات كەلمەسەڭ ، ئەمدى دىيدارىمىز
قىيامەتكە باقىي قالۇر ھالىمىز .
كى مەندىن ساڭا كۆپ دۇئايۇ سەلام ،
بۇ سۆزلەر بىلەن نامە بولدى تەمام . »
بۇ يەڭلىغ ئەلەمشاھ بولدى ئوقۇپ ،
كى بارماقغە جابدۇغنى قىلدى قوپۇپ .
مۇكەممەل ، مۇسەللەھ بولۇپ ئول زەمان ،
كى ئۆز لەشكەرى بىرلە بولدى رەۋان .
كى ئاتلاندى سەئدى نەبىرە بۆلەك ،
ئالىپ لەشكەر ئىسلامدىن ئىككى لەك .
بولۇپ غورى زەڭگار بۇ لەشكەرگە باش ،
مۇكەممەل بولۇپ يۈردىلەر پىرۇ ياش .
قۇباد مۇندا قالدى ، بۇلار كەتتىلەر ،
يۈرۈپ نەچچە كۈن رۇمغە يەتتىلەر .
يېتىپ كۆردى ۋەيران بولۇپدۇر شەھەر ،
كۆرۈنمەيدۇ ئاندا نە مەزلۇم ، نە ئەر .
بابايى ئەلەمشاھكىم قەلئەدار ،
ئاسىپدۇر ئانى ئۆلتۇرۇپ خارۇ زار .
سويۇپ تېرەسىنى تىقىپدۇر سامان ،
شەھەر خەلقىگە بەرگەنى يوق ئەمان .
زىياد ئولدى كۆرگەچ غەزەب ئاتەشى ،
كۆرەرلەر ياتۇر بىر يارالغ كىشى .
ئەلەمشاھ تەرەھھۇم قىلىپ قاشىدا ،
ئارتتى يۈزىن ، ئولتۇرۇپ باشىدا .
بۇ ئەھۋالدىن سوردىلار نەچچە سۆز ،
بۇ ئادەم بۇ سۆزلەر ئوچۇن ئاچتى كۆز .

دېدى بۇكى : « ئەي شاھى ئالەم پەناھ ،
كىشى كۆرمەگەندۇر بۇ يەڭلىغ يانا .
كېلىپ نەچچە يۈزمىڭچە خەلقى فەرەڭ ،
ئۇلار قىلدى ۋەيران شەھەرنى بۇ رەڭ .
باباڭ قەلئەدارنىڭ باشىنى چاپىپ ،
ئاناڭنى يەسىر قىلدى ئاندىن تاپىپ .
شەھەر خەلقىنى ئانچۇنان ئۆلتۈرۈپ ،
ئارىغ مالۇ مۈلكىنى كەتتى سۇرۇپ . »
ئەلەمشاھ بۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان ،
كى ئاتلاندىلار ئارقەسىدىن رەۋان .
نەمازشام ۋەقتى بىلەن يەتتىلەر ،
كى دەريا ياقاسىدا توختاتتىلەر .
دېدىلەركى زەڭگارغە ئۇشبۇ رەڭ ،
« بارىپ سەن كىچىكنى توسۇپ ، ئەيلە جەڭ .
بۇ سەئدى نەبىرەمۇ ھەم بار سۇلار ،
كى زەڭگار غۇرىغە يار ئولسۇلار . »
دېدى ، كەتتى يىغلاپ ئىكۆيلەن ئۇيان ،
ۋەلې قالدى لەشكەر ئەلەمشاھ سويان .
كېلىپ تەگدى ئەللاھ دەپ بۇ مەھەل ،
ئۆلۈك قاندىن ھەر تەرەف ئاقتى سەل .
كى بىر جەڭگى بولدى ئەدەددىن فۇزۇن ،
سىفەت قىلسە بولماس ھىكايە ئۇزۇن .
فەرەڭ خەلقىنى ئەيلەبان قەتلى ئام ،
جەلاس ئەتتىلەر رۇمىلارنى تەمام .
مەلىكە بۇبى رابىئە ماھىنى ،
كۆرۈپ يىغلادىلار ئەلەمشاھىنى .

دېدىكىم شەبان بەچچەنى : « ئەي ئەزىز ،
يانىڭ بۇ ئانامنى ئالىپ ئەمدى سىز .
مەن ئىستەي قارىنداشىم ئۇلدى قايان ،
كېتىپ ئېردى سەئدى نەبىرە ئۇ يان . »
رەۋان ئۇلدىلار ئىزدەبان بۇ ئەرەب ،
يوق ئۇلمىش ، بارىپ باقتىلار ھەر تەرەف ،
بۇ ھەم يوق ، بۇ داراب فەرەڭگمۇ يوق ،
كى زەڭگار غۇرى بۇ زەڭگمۇ يوق .
بۇ سەئدى نەبىرە سىپاھى تەمام ،
ياتادۇر ئۆلۈك بارچەسى خاسۇ ئام .
بۇ ئىشقە ئەلەمشاھ ھەيران بولۇپ ،
ئۆلۈك قاشىغە كەلدى گىريان بولۇپ .
ياتۇر بىر كىشى غەرق ئالۇدە ياش ،
ئۆزى زەخمدارۇ قىلۇرجان تالاش .
ئەلەمشاھ مۇنىڭدىن كېلىپ سوردى سۆز ،
ۋەلې قىلدى بۇ سۆزنى ئاچمادى كۆز .
دېدى : « ئەي شەھەنشاھى ئەۋلادى بەخت ،
بۇ زەڭگار كافىر ئىكەن ئۇشبۇ ۋەقت .
ۋەلې قورقۇبان سىزلەدىن بىشۇمار ،
دېمىش مەن مۇسۇلمان ، ئۇل نابكار .
بېرىپ سەئدىگە دارۇ بىھۇش ئۇل ،
كى بىھۇش قىلىپ ، بەند ئېتىپ ، سالدى غول .
تۇتۇپ بەردى دارابغە شول زەمان ،
بىلەلمەم ئالىپ كەتتى بولغاي قايان .
ئەلەمشاھنى ئۇشبۇ يەردە قويباي ،
كى سەئدى نەبىرە قاشىغە باراي :

### فەسلى داستان ، ئەلەمشاھ رۇمى قەلئەئى قەللابنى ئالغانلارى ۋە لاھۇر خۇنخار كېلىپ شەھزادەغە زەخم ئۇرغانى

ئىشتىمەك ھىكايەتنى دارابدىن ،
ئالىپ سەئدىنى ئۆتتى بۇ ئابدىن .
بارىپ ئۆلتۈرۈر ھالدا مۇنتەزىر ،
كى توختاتتى سەرجاب دەپ بىر ۋەزىر .
دېدى : « مۇنى ئۆلتۈرمە ، زىندانغە سال ،
ئەگەر ھەمزە كەلسە قۇتۇلماق مەھال .
بۇ سۆز كەلدى خۇش ئانچە دارابغە ،
ئالىپ كەتتى بۇ شەھرى قۇللابغە .
ئىدى شاھى بەھرۇج ئاتلىغ كىشى ،
كى زىندانغە سالدى مۇنى ئىشتىسى .

بار ئېردىكى بەھرۇجنىڭ بىر قىزى ،
كى ساھىب جەمالۇ بەغايەت ئۆزى .
كۆرەپ ئېردى زىندانغە ئۇل سالغۇچە ،
بولۇپ ئاشىقۇ زار ئاڭا بۇ نېچە .
بۇ قىز چىقتى تۈن ھەسسەسىدە قوپۇپ ،
كى جابدۇغ – ياراغ ئالدى ئاتنى توقۇپ .
كى زىندانچىنى ئۆلتۈرۈپ چۇستۇ خىز ،
ئالىپ چىقتى زىنداندىن ئۇشبۇ قىز .
سەرۇپا سەلاھ كىيدۇرۇپ شول زەمان ،
مىنىپ ئاتىغە يولغە بولدى رەۋان .

يېتىپ ئېردى بىر بىيشەگە ، ئاتتى تاڭ ،
كېلىنلىك بۇ تەرەفكە ، بۇ سۆزنى قوياڭ .
ھىكايەت ئىشتىمەك كېرەك خاجەدىن ،
رىۋايەت قىلۇر شاھى بەھرۇجىدىن .
ۋەلې ئەرتەسى ئولتۇرۇپ ئېردى شاھ ،
چىقىپ ئېردى بىر غۇلغۇلە ماجەرا .
دېدى شەھ : « چىقىلىك ، بۇ نە ئاۋازدۇر ؟ »
ئەجەب غۇلغۇلە ، سوزى ئاغازدۇر ؟ »
چىقىپ باقتى ، زىندانچىلار جۇغلاشىپ ،
كېلىپدۇر بالا ـ بارقەسى يىغلاشىپ .
قىلىپ نالە ، تۇفراق ساچىپ باشىغە ،
ئالىپ كىردى بەھرۇجىنىڭ قاشىغە .
كېلىپ دېدى : « ئەي پادىشاھى ، نېچە ،
بۇ قەھرابىنى ئۆلتۇرۇپدۇر كېچە .
خەلاس ئەيلەبان ھەمزەنىڭ ئوغلىنى ،
كېتىپدۇر ئالىپ بۇ تەرەفكە ئانى . »
دېدى شەھ : « بىلىڭلار ، بۇ كىمنىڭ ئىشى ؟
بۇ ئىشنى قىلىپدۇركى قايداغ كىشى ؟ »
دېدى : « پادىشاھا ، ئېرۇر ئەقل لال ،
بۇ ئىشنى مەلىكەم قىلىپدۇر بۇ ھال . »
بۇ سۆزلەرنى بەھرۇج ئىشىتكەن زەمان ،
كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرەندى جەھان .
بار ئېردى مۇنىڭ ئىككى ئوغلى فۇزۇن ،
زەبەردەست ئىدى ئانچە قارى ئۇزۇن .
سەلاھلار كىيىپ ھەر بىرىسى بۆلەك ،
كى لەشكەر يىغىپ ئول زەمان ئىككى لەك .
بولۇپ ئىككى ئوغلى بۇ لەشكەرگە باش ،
ئالىپ يۇردىلەر كىم ئۇزۇق ، ئابۇ ئاش .
بۇلار ئەمما سەئدىگە يەتكەن زەمان ،
مۇسۇلمان بولۇپ تاپتى ھەم بۇ ئەمان .
بىر ئادەم قاچىپ كەلدى شەھ قاشىغە ،
دۇئالار قىلىپ ئەۋۋەلا باشىغە .
دېدى : « ئىككى ئوغلۇڭ بارىپ شول زەمان ،
مۇسۇلمان بولدى ئۇلار بىگۇمان . »
ئىشىتكەچ بۇ سۆزلەرنى بەھرۇج شاھ ،
ئۆزى يۇردى ئول دەم چېكىپ دەردۇ ئاھ .
كېلىپ سەئد قاشىغە بۇ دەردناك ،
بۇ ھەم بولدى گويا مۇسۇلمان پاك .
كى ئىززازۇ ئىكرام ئېتىپ جانۇ دىل ،
ئالىپ كەلدى ئۆز شەھرىگە ئۇشبۇ خىل .

بۇلار مۇندا قالدى . سۆز ئولدى ئويان ،
ئەلەمشاھ سۆزىنى قىلايىن بەيان .
فەرەڭ خەلقىنى ئانچە ئۆلتۇردىلەر ،
ئۆتۈپ دەريادىن بۇ تەرەف يۇردىلەر .
كېزىپ يولنى كۆن ئولتۇرۇر چاغىغە ،
چىقىپ كەلدىلەر بىر چەھار باغىغە .
نەمايان بولۇپ باغدا نەچچە قىز .
ئىچەر باغ ئىچىدە شەرابۇ قىمىز .
بۇ ئېردى ئەلاكۇر فەرەڭىنىڭ قىزى ،
ئىدى تۇتىيا كۆزگە باسغان ئىزى .
ئەلەمشاھنى كۆردى ئوشۇل دەم بۇ قىز ،
كۆرۇپ بىقەرار ئاشىق ئولدىكى تېز .
ئالىپ كىردى مەجلىس ئارا ناز ئېتىپ ،
قىلىپ جىلۋە گاھى ھۇشىدىن كېتىپ .
كى پەرۋانەدەك ئۆرتەنىپ شەۋقىدە ،
مۇسۇلمان بولۇپ ئىشقىنىڭ زەۋقىدە .
كۆزىدىن ئاقىپ ھەجرۇ فۇرقەتدە ياش ،
ۋە گاھى قويۇپ خاكى پايىغە باش .
ۋەگاھى بولۇپ لالە يەڭلىغ قىزىل ،
بولۇپ گاھى لالۇ ۋە گاھى خىجىل .
ئەلىفدەك قەدى ئىشقىدا نۇن ئىدى ،
بەلا دەشتىدە لەيلۇ مەجنۇن ئىدى .
كۆلۈپ ، گاھ ئاقىزىپ كۆزىدىن سۇلار ،
بۇ زەۋقىدە ئولتۇرمىش ئېردى بۇلار .
ئالىپ كەلدى بىر قىز ئىشارەت بىلەن ،
بۇ يەڭلىغ دېدى ئول بىشارەت بىلەن :
« خەبەر كەلدى ، مۇندا ئاتاڭ كەلگۇدەك .
خوجاڭنى تۇتۇپ ، مۇندا ئۆلتۇر گۇدەك .
بىر ئادەم بۇ سۆزنى ئاتاڭغە دېمىش ،
ۋەلې بۇ يىگىت ھەمزە ئوغلى ئىمىش . »
مەلىكە بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان ،
يۈزى سارغارىپ ، بولدى گويا سامان .
ئەلەمشاھ دېدىلەركى : « ئەي خۇش مەڭىز ،
يۈزۈڭ زەئفەران بولدى ، نې بولدىڭىز ؟ »
مەلىكە دېدىلەر : « دادام كەلگۇدەك ،
غەزەب بىرلە بىزلەرنى ئۆلتۇر گۇدەك ،
كىشى جەڭ قىلىپ بولماس ئول غول بىلەن ،
كېتەلىڭ قوپۇڭ بىز قاچىپ يول بىلەن .
ئۇ يان بارساقۇ قەلئەئى باردۇر ،
ئەنى ئالماقى ئانچە دىشۋاردۇر .

خەلايىق ئانى قەلئە قۇللاب دەر ،
ۋەلې ئانچە مەھكەم ئېرۇر ئول شەھەر .
قىلالىلىك بارىپ قەلئەئىدارلىق ،
قىلۇر بىزگە تەڭرى نىگەھدارلىق . »
بۇ سۆز بىرلە يۈردى ئىكەۋلەن رەۋان ،
يېتىپ قەلئەگە مۇندا تاپتى ئەمان .
بۇ قىزنىڭ ئاتاسى ئەلاكۇر فەرەڭ ،
بۇ ھەم ئارقەسىدىن كېلىپ ئۇشبۇ رەڭ .
ئالالماي شەھەرنى ، پىتىپ نامەنى ،
ئىبەردىكى لاھۇرغە ھەڭگامەنى .
دېدى : « ئەي بەرادەر ، ماڭا يار ئولۇڭ .
بۇ تەڭلىكدە بىزلەرگە دىلدار ئولۇڭ . »
ئوقۇپ دېدى لاھۇر :« ماڭا ئاردۇر ،
ئەرەب بەچچە بىر خەستەئى زاردۇر .
مېنىڭ بارماقىم ئانچە بەك خۇب ئەمەس ،
ۋەلې قىلماغىل سەن بۇ يەڭلىغ ھەۋەس . »
دېدى ئوغلىنى : « سەن قويۇپ بارغاسەن ،
بارىپ ئول فەرەڭلەرگە يار ئولغاسەن . »
ئىبەردى بۇ ئوغلىنى پەيكەر بىلەن ،
يىغىپ ئوتتۇز ئۈچ مىڭچە لەشكەر بىلەن .
يېتىپ كەلدى قۇللابغە ئۇشبۇ رەڭ ،
ئەلەمشاھ چىقىپ قىلدى بىر سەختى جەڭ .
بۇ لاھۇرنىڭ ئوغلىغە بەرمەي ئەمان ،
مۇسۇلمان قىلدى مۇنى شول زەمان .
يەنە خەت ئىبەردىكى لاھۇرغە ،
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى مەنشۇرغە :
« قىلىپ ئېردى بۇ ھەمزەنىڭ ئوغلى جەڭ ،
كى ئوغلۇڭ مۇسۇلمان بولدى بۇ رەڭ . »
يېتىپ ئېردى لاھۇرغە ئۇشبۇ سۆزى .
چىقىپ كۆردى لاھۇر ئاندىن ئۆزى .
چالىپ ئەرتەسى تەبلى جەڭ دەم بەدەم ،
كېلىپ تۇردى لاھۇر مەيدانغە ھەم .
ئەلەمشاھ بولۇپ رو بەرو ئۇشبۇ دەم ،
قىلىپ جەڭ ئىكەۋلەن بۇلار ئانچە ھەم .
كېلىپ ئاخىرى لاھۇرى نابكار ،
ئەلەمشاھنى قىلدى بۇلار زەخمدار .
بۇ شەھزادە كۆزنى يۇمۇپ شول زەمان ،
كى ئات يالىغە باقتى ، قويدى رەۋان .
ئالىپ چۆل ـ بەيابانغە يۈزلەندى ئات ،
كى بىر مەرغىزارغە ئالىپ كەلدى پات .

بۇ ئاتدىن تۈشۈپ ئېردى يەرگە ئەمان ،
چىقىپ كەلدى بىر نەچچە يۈز كارۋان .
يۆلەپ باشىنىكىم ئىچۈردى سۇلار ،
قىلىپ زەخمىغە دەستىگىرلىك بۇلار .
قويۇپ مەرھەمى بولدى ئەۋۋەلقىدەك ،
يەنە زەۋقى بولدى شىكار ئەيلەمەك .
چىقىپ سەيد ئېتىپ كەلسەلەر شول زەمان ،
كېتىپدۇر يانىپ مۇنداقى كارۋان .
تۈشۈپ ئاتىدىن بىر كىيىكنى سويۇپ ،
كەباب ئەتتىلەر ئوت قالاپ تۈز قويۇپ ،
قىلىپ مەيل بىر پارە ، ئەيلەپ خىرام ،
كۈن ئولتۇرمىش ئېردى يېتىپ ۋەقتى شام .
كېلىپ ئېردى ناگاھ تۈتۈن چىقتى بىر ،
قاراپ ئېردى ، كۆزگە كۆرۈندى چادىر .
كېلىپ كۆردىلەر بۇ چادىرغە قاراپ ،
كى نەچچەند قاچادا تۇرادۇر شەراب .
كېلىپ ئاتنى قىيزە قىلىپ تۈشتىلەر ،
بەش ـ ئالتە فىيالە شەراب ئىچتىلەر .
كىمەرسە كېلىپ كىردى ئۇشبۇ مەھەل ،
مۇنىڭ قەددى گويا مۇنارغە بەدەل .
ئوتۇز گەز ئېرۇر سىنەسى ، ئاغزى غار ،
ئېرۇر تىرناقى داسى دالۇ چىنار .
ئەلەمشاھنى تۇتتى بۇ كەلگەن زەمان ،
ئالىپ ئۇردى شەھزادە بەرمەي ئەمان .
دېدى بۇ كىشى ئول زەمان : « ئەي يىگىت ،
ۋەلې سەن كىمۇ راست سۆزۈڭنى ئايىت . »
دېدىلەركى شەھزادە : « ئەي گۈل چەمەن ،
ئەمىرى ئەرەب ھەمزەنىڭ ئوغلىمەن .
دېدى بۇكى مەندۇرمە سالۇك فەرەڭ ،
مېنىڭ ئوغلۇم ئولدۇركى مەرزۇق فەرەڭ .
خەلىل جەددىڭ ئىبراھىم ئولمىش نېچە ،
ۋەلېكىن تۈشەپمەن ئانى بىر كېچە .
مۇسۇلمان بولۇپ ئېردىمۇ ئۇشبۇ خىل ،
بۇ مەنزىلدە تۇتتۇم ۋەتەن نەچچە يىل .
بۇ سۆزدىن ئەلەمشاھ بەردى ئەمان ، »
دېدىلەركى : « قۇللاب شەھرى قايان ؟ »
بۇ ئادەم دېدى : « شول كۆرۈنگەن شەھەر ،
يەقىندۇركى قۇللابغە ئۇشبۇ يەر . »
بولۇپ كەچ بۇلار سۆزلەشىپ بىر نېچە ،
ئەلەمشاھ كەلتۇردى شەبخۇن كېچە ،

كېلىپ تەگدى لاھۇر ئېلىغە بۇ رەڭ .
كى مىلك كافەر ئۆلدى ، قىلىپ سەختى جەڭ ،
بۇلار ئۇردى شەبخۇننى قىرق كۈنغىچە ،
ئۆلۈپ يۈز گەھى ئىككى يۈز ھەر كېچە .
بۇ زەڭگار غۇرىغە لاھۇر باقىپ ،
دېدىكىم : « ماڭا بولدى فەيدا رەقىب .
بۇ لاتۇ مەنات بەندەلەرنى ئارىغ ،
تۈگەتتى ۋۇجۇدىنى ئەيلەپ تارىغ .
كېلىپ ھەمزەنىڭ ئوغلى بولمىش نىھان ،
كى شەبخۇن ئۇرادۇر كى ئېرمىش قايان ؟ »
دېدىكىم بۇ زەڭگار غۇرى : « چىقاي ،
كى بىر يەردە بولسە ئانى مەن تاپاي . »
ھەرەمزادە مەلئۇن بۇ ئىزنى تاپىپ ،
يېتىپ كەلدى ئول دەم بۇ يەرگە چاپىپ .
بۇ مەلئۇن ئەلەمشاھنى كۆرگەن زەمان ،
يىقىلدى ئاياغىغە يىغلاپ رەۋان .
دېدى : « مەندە يوقدۇر گۇناھلىق ئىشى ،
مېنىڭ سۇرەتىمدە بولۇپ بىر كىشى
قېرىنداشلارىغە بېرىپ دارۇنى ،
تۇتۇپدۇر ئۇشۇل ، ئوخشاتىپدۇر مېنى .
مۇسۇلمانمەن ، يانمادىم تەگرىدىن ،
گۇناھ مەندە يوق زەررە بۇ بابىدىن .
كى باۋەر ئەگەر قىلماساڭ بىزمەرۇر ،
خۇدا بىر ، خەلىلۇللاھ يەئنى ئۇررۇر . »
بۇ مەكرىنى شەھزادە ھېچ بىلمەدى ،
« شەرئەت شۇبۇ ھازىرىغە » دېدى .
چادىرغە ئالىپ كىردى باشلاپ رەۋان .
شەراب ئىچكەلى تۇردىلار شول زەمان .
ھەرەمزادە زەڭگار ئەيلەپ خەيال ،
قوشۇپ دارۇ بىھۇش شارابىغە بۇ ھال .
تۇتۇپ بەردى شەھزادەگە بۇ لەئىن ،
بۇ شەھزادە كەتتى ئىچىپ ھۇشىدىن .
بۇ سەگ بەند قىلدى ئەلەمشاھنى ،
يۇدۇپ چىقغالى تۇرمىش ئېردى مۇنى .
كىرىپ كەلدى لاھۇر بۇ يەرگە رەۋان ،
بۇ سەگ سالدى تابۇتىغە شول زەمان .
كى داراب زەڭگاردىن ئۇشبۇ دەم ،
ئىبەردىكى مەرزۇق فەرەڭگە بۇ دەم .
كېتىپ بارمىش ئېردىكى بىر چۆل بىلەن
كى سەھرا بەيابان ئارا يول بىلەن .
بەناگاھ بۇ سەئدى نەبىرە بۇ كۈن ،
چىقىپ بۇ شكار ئەتكەلى تىزۇتۇن .
بۇلار كەلمىش ئېردى بۇ يەرگە يېتىپ ،
بۇ چۆلدە بارادۇر بىر ئادەم كېتىپ .
دېدىلەر ئانى قىچقىرىپ : « يان بۇيان ،
يۇدۇپ ساندۇقنى بارۇرسەن قايان ؟
بۇ سۆزلەرنى زەڭگار غۇرى تۇيۇپ ،
قاچىپ كەتتى ساندۇقنى يەردە قويۇپ .
بۇ ساندۇقنى ئول دەم كېلىپ باقتىلار ،
ياتادۇركى سالۇك ، ئەلەمشاھ بۇلار .
بۇلارنى كۆرۈپ بولدىيۇ شادمان ،
خەلاس ئەتتىلەر بەندەدىن شول زەمان .
ئالىپ شەھرى قۇللابىغە يەتتىلەر ،
قونۇپ يولدا بىر تاڭلا يەتتى بۇلار .

## فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر مەككەدىن ئەلەمشاھنى ئىزدەپ تاپغانلارى ، خاجە ئۇمرنى فەرەڭگە ئىبەرگەنلەرى

ھىكايەت ئىشتمەك كېرەك سۆز بۇيان ،
ئەمىردىن ھىكايەت قىلۇر راۋيان .
ئەمىر مەككەتۇللاھدا بۇ كېچە ،
ياتىپ كۆردى بىر تۈشنى ئويغانغۇچە .
ئۇشۇل لەشكەر ئىسلامدىن ئاغاز ئېتىپ ،
ئۇچۇپ ئىككى شەھباز پەرۋاز ئېتىپ .
فەرەڭ سارى يۈزلەندى شەھبازلار ،
ئەمىر ئويغانىپ ، قىلدى ئاۋازلار .
دېدى قىچقىرىپ : « ئەي خاجە ئۇمرى ، قوپۇڭ ،
بارىڭ لەشكەر ئىسلامغە ئات توقۇڭ .

پەرىشان ئەجەب تۇش كۆرۈپمەن سەھەر ،
ئالىك سىز بارىپ لەشكەرىمدىن خەبەر .
ئوشۇل ۋەقت بولدى خاجە ئۇمرى رەۋان ،
قىلىپ قەتئى مەنزىل بۇ لەشكەر سويان .
يۈرۈپ ئەرتە ـ ئاخشامغە يەتتى بۇ ئەر ،
يېتىپ لەشكەر ئىسلامغە ئالدى خەبەر .
دېدىلەر : « ئەلەمشاھ سىپاھى بىلەن ،
كى سەئدى نەبىرە رىكابى بىلەن .
كېتىپ ئېردىلەر رۇمغە تېزۇ تۇن ،
ئۇلار كەلمەدى ، بولدى بىر نەچچە كۈن .
خەبەر بولمادى دەپ ئۆلۈك يا ھەيات ،
ھەيال بولماسۇنلار ئەمىر كەلسۇ پات . »
ئالىپ بۇ خەبەرنى خاجە ئۇمرى ھەمان ،
ئەمىر قاشىغە كەلدى بۇ شول زەمان .
بۇ سۆزنى ئەمىر ئاڭلادى سۇبھى دەم ،
يېتىپ كەلدى لەشكەر ئارا دەر قەدەم .
تۈشۈپ بارگاھىغە تاپتى قەرار ،
بۇ لەشكەر ئەمىرغە ئىدى ئىنتىزار .
ئوشۇل دەم ئەلەمشاھنى سوردىلەر ،
ئەمىر لاۋۇ لەشكەر بىلەن يۈردىلەر .
يېتىپ كەلدى قۇللابغە ئۇشبۇ ھال ،
دېدىلەر ئەمىر : « ئەمدى نەققارە چال ! »
قىلىپ جەڭنى لاھۇرغە بەرمەي ئەمان ،
ئەمىرنى ئەلەمشاھ كۆرگەن زەمان .
ئەلەمشاھ قىلىپ جەڭنى ئول بۇ تەرەف ،
كېلىپ تەگدىلەر ئارقەدىن بۇ ئەرەب .
قىلىپ بىر ـ بىرىنى بىرىگە ئەلەم ،
تەمام كۇفر ئەھلىنى قىلدى قەلەم ،
بەيەكبارە ئىسلامىلار سالدى ئات ،
ئۆلۈك ياتتى يەر ئۈستىدە قاتما قات .
بۇزۇپ شەھرى قۇللابنى ئالدىلار ،
بۇ دەم تەبلى نەققارەلەر چالدىلار .
كى ئىسلامى ئاباد ئېتىپ ئۇشبۇ رەڭ ،
تۇرۇپ نەچچە كۈندىن ئەمىرى زەمان ،
كۆچۈپ يۈردى شەھرى ستامبۇل سويان .
دېدى ئەي خاجە ئۇمرى ، نېچۈك ئول شەھەر ،
بارىپ ئىلگەرى سىز ئالىك بىر خەبەر . »

خاجە ئۇمرى يۈرۈپ ئىلگەرى كەتتىلەر ،
كى بىر مەنزىلى بىيشەگە يەتتىلەر .
كى بىر غالچەنى كۆردى ئول باغ ئارا ،
بارادۇر قېتىق ئول ئالىپ بىر چارا .
خاجە ئۇمرى مۇنى ئالدى فۇلغە ساتىپ ،
يىقىلدى يەنە ھۇشلارىدىن كېتىپ .
زەمىن ئۈزرە ياتتى ئۆلۈكدەككىنە ،
قولىنى تۇتۇپ ، باغلادى بەككىنە .
خەلايىق ھەمە ئۇشبۇ ئەييارىنى ،
دەر ئېردىكى بۇرغۇي فەرەڭگى مۇنى .
كۆتەردىكى ئول دەم ئالىپ باشىغە ،
ئالىپ كەلدى مەزرۇق فەرەڭ قاشىغە .
بۇ سەگ دېدى : « ئەي شاھى ئالىي فەرەڭ ،
كى تۇتتۇم خاجە ئۇمرى دېگەننى بۇ رەڭ .
مۇڭا بولدى مەزرۇق فەرەڭ شادىمان ،
ئاڭا قىلدى ئىنئاملار ئانچۇنان .
دېدى : « ئۆلتۈرۈڭلەر چىقىپ دەرمەھال ،
مۇنى تېزۇ تۇن ، ئەيلەمەڭلار ھەيال .
ئالىپ چىقتى بۇرغۇي ئۆيىگە رەۋان ،
قىلىپ يەتمىش ئىككى قىيىن شول زەمان .
خاجە ئۇمرى ئۆلۈك بولدىيۇ سورسە سۆز ،
ئۈرۈپ باقتى ھەم ئاچمادى ئەسلى كۆز .
چىقىپ كەتتى بۇرغۇي ئۆلۈپ قالدى دەپ .
ۋەلې ھەر تەرەف يۈردى ئەندىشە يەپ .
كى بۇرغۇي فەرەڭنىڭكى بىر ئاشىقى ،
بار ئىردىكى بىر نازەنىن مەئشۇقى .
كوچادىن ئۆتۈپ بارمىش ئىدى ئۇيان ،
چىقادۇر بۇ ئۆيدىن ئەجايىب فىغان .
ئىشىكنى ئاچىپ باقتى بۇ نازەنىن ،
ياتادۇركى تارتىپ بىر ئادەم قىيىن .
دېدى بۇ كۆرۈپ :« نەكىشىسەن ، نە جان ؟
نە ھادىسە بولدى ساڭا ، نې زىيان ؟
خاجە ئۇمرى بۇ سۆزدىن بولۇپ كۆڭلى خۇش ،
دېدى : « مەن ئىدىم بىر شەرابىفۇرۇش .
بار ئېردىكى بىر قىزىمىز ئۇشبۇ رەڭ ،
تىلەيدۇركى قىزىمنى بۇرغۇي فەرەڭ .
ئانى بەرمەسەم سوقتى ھالا باسىپ ،
قىيىنلار قىلادۇر بۇ يەڭلىغ ئاسىپ . »
بۇ خاتۇن بۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان ،
خەلاس ئەتتى بۇ بەندەدىن شول زەمان .

بۇ ئۆيىنىڭ خاجە ئۆمرى چىقىپ تاشىغە ،
يەنە كەلدى مەزرۇق فەرەڭ قاشىغە .
كېلىپ كۆردى بۇرغۇي فەرەڭ ھالىنى ،
ئالىپدۇر كى ئىنئام ئىلە مالىنى .
كېلەلمەي ئالىپ مالىنى ئۆي سويان ،
تۇرادۇر ھارىپ تەشنەئى ئانچۇنان .
خاجە ئۆمرى قىلىپ سۇرەتىنى بۆلەك ،
كېلىپ تۇردى خىزمەتكە ھەممالدەك .
كېلىپ دېدى بۇرغۇي : « بۇ يەرگە كېلىڭ ،
بۇ مالىمنى سىز ئۆيگە ئېلىپ بېرىڭ . »
خاجە ئۆمرى بۇ سۆزلەرنى قىلدى قەبۇل ،
كۆتەردى كېلىپ ، ئىككى ئايرىلدى يول .
خاجە ئۆمرى ئالىپ يۈردى چەپ قول سويان ،
كى بۇرغۇي فەرەڭگى دېدى : « يول بۇيان . »
خاجە ئۆمرى قىلىپ ئۆي بۇيان دەپ جەدەل ،
ئىكەۋلەن جەدەلنى قىلىپ بىر مەھەل .
ئۇ يانۇ بۇ يان دەپ بۇ قاچتى ئالىپ ،
كى خالىي يەردە ياشۇردى كېلىپ .
رەۋان ئولدى بۇرغۇي بولۇپ دەردمەند ،
خاجە ئۆمرنى تۇتتى بۇ تاشلاپ كەمەند .
تۇتۇپ يەرگە تۆكتى ھەممە بارىنى ،
ئارىغ ئاختارىپ باقتى كولبارىنى .
بۇ دەم تۇشتى بىر ياغلىقغە كۆزى ،
ئارتتى يۈزنى يىقىلدى ئۆزى .
خاجە ئۆمرى ئۆزىنى بوشاتتى ھەمان ،
بۇ بۇرغۇينى بەركىنتتى بەرمەي ئەمان .
مۇنى قويدى پىنھان قىلىپ بەككىنە ،
ئۆزى بولدى بۇرغۇي فەرەڭدەككىنە .
ئالىپ كىردى مەزرۇق فەرەڭ قاشىغە ،
دۇئا قىلدى ئەۋۋەل ئىنجىنس باشىغە .
دېدى : « ھەمزەنىڭ مەن بۇ ئەييارىنى ،
قاچۇرمىش ئىدىم ئۇشبۇ مەككارىنى .
يەنە تۇتتۇمۇ ئارقەسىدىن بارىپ ،
يۈدۇپ بۇ جەنابىڭغە كەلدىم ئالىپ .
دېدى سەھ : « مۇنى ئۆلتۈرۇڭلار ئېلىپ ،
ئاسىڭلار خاداغە باشىنى كېسىپ .
ئالىپ چىقتى ئۆلتۈرگەلى شول زەمان ،
مۇنى ئۆلتۈرۇرۋەقتى قىلدى فىغان .
مۇڭا غۇرى زەڭگار رەھىم ئەيلەدى ،
ئىشارەت قىلىپ ئېردى فەھم ئەيلەدى .

مۇنى ئەكسىگە كەلتۈرۈپ ئۇشبۇ رەڭ ،
خاجە ئۆمرى ئەمەس ، باقسە بۇرغۇي فەرەڭ .
خاجە ئۆمرى رەۋان ئولدى مۇندىن قاچىپ ،
كى ئىھسان مالىنى ئالدى ئاچىپ .
ئەمىر قاشلارىغە ئالىپ مالىنى .
بەيان قىلدى قىلغان ھەممە كارىنى .
كى باشدىن ھكايە قىلىپ بىر ـ بىرىن ،
ئەمىر قىلدىلار تەھسىنۇ ئافەرىن .
بۇ يەردىن ئۆتۈپ شول زەمان يۈردىلەر ،
ئەلەمشاھ شىكار ئەتكەلى تۇردىلەر .
يۈرۈر ئېردى ناگاھ ئۇ قاتدىن بۇ قات ،
يۇلاقتىكى بىر پارەئى يىلقى ئات .
بىر ئادەم باقىپ يىلقىنى ، ئات سېمىز ،
بارادۇر كى ئاتىغە يۈكلەپ قىمىز .
ئەلەمشاھ دېدى : « سەن نە ئادەم بۇ يان ؟
قىمىز ئاتىغە يۈكلەپ بارۇرسەن قايان ؟ »
بۇ ئادەم دېدى : « شاھى مەزرۇق فەرەڭ .
ئانىڭ ئاتلارىدۇر ، باقۇرمەن بۇ رەڭ . »
دېدى : « ئەي بابا ، مۇندا كەلگىل بۇ يان ،
ئىچەي بىر فىيالە قىمىز بولسە جان . »
قىمىزنى تۇتۇپ بەردى ، بىر نۇش ئېتىپ ،
ئەلەمشاھ يىقىلدى ھۇشدىن كېتىپ .
تۇتۇپ باغلادى دەستى گەردەن قىلىپ ،
يۈدۇپ كىردى يولغە بۇ ئۇبدان قىلىپ .
شۇبۇ يىلقىچى ئېردى بۇرغۇي فەرەڭ ،
خاجە ئۆمرنى ئېزدەر ئىدى ئۇشبۇ رەڭ .
ئالىپ يۈردى بۇ قەلئە سارى رەۋان ،
بار ئېردىكى بىر پادشاھى زەمان .
ئۆزى نامدارۇ مەقاماتلىغ ،
كى يەك چەشم ئېردى شۇبۇ زاتلىغ .
مۇنىڭ قاشىغە كەلدى بۇرغۇي فەرەڭ ،
كى شەھزادەنى كۆردى بۇ ئۇشبۇ رەڭ .
كى بۇرغۇيغە ئىنئاز ئېتىپ جانۇ دىل ،
كى ئىھسانلار قىلدى شاھى سەھىل .
كى شەھزادەنى دارغە ئاسقالى ،
سەھىل يارلىغىكىم تۇتۇپ باسقالى .
كى تەييار ئېتىپ دارنى شول زەمان ،
ئالىپ چىقتىلار ئاسغالى بىگۇمان .
ئالىپ ساندۇق ئاستىغە قويدى ئاياغ ،
بۇران باستى ئانداغ قاراڭغۇ بۇ چاغ .

بۇراندىن كېيىن باقسە تالىب بولۇپ ،
كېتىپدۇر بۇ شەھزادە غايىب بولۇپ .
بار ئېردىكى ئەمما يىراق بىر شەھەر ،
ئىدى بارسەلەر يەتتە كۈنلۈك ئۇ يەر .
سۇرەنچەك دەر ئېردى ئانىڭ ئاتىنى ،
بەيان ئەيلەيىن مەن مەقالاتىنى .
ئاڭا شاھى شەمسى دېگەن ئېردى شاھ ،
ئىدى جادۇ ئول پۇر بەلا دەردۇ ئاھ .
بۇ جادۇ كېلىپ ئۇشبۇ شەھزادەنى ،
ئالىپ بەندكە سالدى بۇ ئازادەنى .

**فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر شەھرى سۇرەنچەككە بارىپ ، شەھزادەلەردىن خەبەر ئالغانلارى ، جادۇلار بىلە جەڭگى ۋەيران قىلغانلارى ۋە ئەلەمشاھنى زىنداندىن تاپىپ خەلاس قىلغانلارى**

قىلۇر بۇلبۇلانى سۇخەن بۇ نىدا ،
بۇ ياڭلىغ ھىكايەتلەر ئەيلەر ئەدا .
ئەمىر ئۇستەبان بۇ ئەلەمشاھنى ،
سىپاھلار يۇرۇپ باقتىلار راھنى .
باقىپ ھەر تەرەف ، ئاندا يوق ، مۇندا يوق ،
چاپىشىپ تەمامى سىپاھلار بىرۇق .
ئەمىر دېدىلەر : « ئەي خاجە ئۇمرى چاپىڭ ،
ئەلەمشاھ كېتىپدۇر قايان ، سىز تاپىڭ . »
بۇ سۆزدىن خاجە ئۇمرى چىقىپ شول زەمان ،
يېتىپ كەلدى قەلئە سەھلىغە رەۋان .
چىقادۇركى بۇ قەلئەدىن ماجەرا ،
يىغىلمىش شەھەرگە كى ئاقۇ قارا .
خاجە ئۇمرى دېدى : « بۇ نە غەۋغا ئېرۇر ،
خەلايىقغە بولمىش نە يەڭلىغ زەرۇر ؟ »
بىر ئادەم دېدى : « سورساڭىز غەۋغانى ،
ئاسىپ دارغە ھەمزەنىڭ ئوغلىنى .
كى يەردىن ئۆزۈلمىش ئىدىكىم ئاياغ ،
نىھان ئولدى كۆزدىن ۋەلې ئۇشبۇ چاغ .
كى بولدى يىقىلغان كەبى ئاسمان ،
تاپالمايدۇر ئانى ، كېتىپدۇر قايان . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « بۇ شەھەردىن بۆلەك ،
يەنە بارمۇدۇر قەلئەئى مۇندا بەك ؟ »
بۇ ئادەم دېدىكىم : « يەقىنراق شەھەر ،
كى باردۇر شەھەر ، يەتتە كۈنلۈك ئۇ يەر . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئول شەھەرگە باراي ،
بارىپ ئول شەھەرگە خەبەر مەن ئالاي . »
يۈرۈپ فۇيەلەر ئول تەرەف كەتتىلەر ،
يۇرۇپ ئەرتەسى ، ئاخشامى يەتتىلەر .
كېلىپ كۆردى تۇچدىن تەمامى سىفىل ،
تىگى نۇقرەدىن رەڭ بەرەڭ ، نەچچە خىل .
ۋە ھازەل ـ قىياس تۇچۇ مىس بەئەزەسى ،
كى ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇ شەھەردە بەسى .
خاجە ئۇمرى بۇ يەردىن ئىدى سەرنىگۈن ،
ۋەلې يۈرگەپ ئالدى ئانى بىر قويۇن .
قويۇن ئىچرە بىر يۇمدى ، ئاچتى كۆزىن ،
كى بىر باغى ئالىيدا كۆردى ئۆزىن .
يۈرۈيدۇركى چەندان كىيىك باغ ئارا ،
بىرىسى قىزىلۇ بىرىسى قارا .
خاجە ئۇمرىنى ھەم بۇ كىيىك ئوخشاتىپ ،
قويۇپ بەردى جادۇ كىيىككە قاتىپ .
سۇخەن ئەھلى مۇنداغ ھىكايەت قىلۇر ،
ئەمىردىن بۇ يەڭلىغ رىۋايەت قىلۇر .
خاجە ئۇمرى بۇ يەردىن كېتىپ تېزۇتۇن ،
تېخى كەلمەدى ، بولدى بەش ـ ئالتە كۈن .
بۇ ئىشدىن ئەمىر ۋەھمە يەپ شول زەمان ،
سەۋار ئولدى ئاشقىرغە ، بولدى رەۋان .
يېتىپ ئېردى ناگاھ ئەمىرى ئەرەب ،
قويۇن بولدى پەيدا ئەمىرنى كۆرەپ .
كى يۈرگەپ ئالىپ ئول زەمان سائىقە ،
مۇنى ھەم ئالىپ كەلدى بۇ باغقە .
ئەمىر كۆل لەبىدە يۇدىلار يۈزىن ،
كىيىكلەرگە تۇشتى بەناگاھ كۆزىن .
بىرى ئايرىلىپ بۇ كىيىكدىن رەۋان ،
ئەمىر قاشلارىغە بۇ كەلگەن زەمان .
كۆزىدىن ئاقىزىپ سۇدەك ياشىنى ،
ئاياغىنى سۇرتۇپ قويۇپ باشىنى .
بۇ ئىشلارنى فەھم ئەيلەدى شەھرىيار ،
دېدى مۇندا بىر كاسە نەمەكانە بار .
كى مۇنداغ كىيىكلەردىن ئايرىلدى بۇ ،
ئەگەر بولسە بولغاي خاجە ئۇمرى شۇبۇ .
قىلىپ تۇرمىش ئېردى بۇ يەڭلىغ خەيال ،
چىقىپ كەلدى بىر نازەنىن ئۇشبۇ ھال .

بۇ قىز شاھ شەمسى دىگەننىڭ قىزى ،
كىيپدۇر لىباسى تەمام قىرمىزى .
ئەمرنى كۆرەپ ئىردى بىئىختىيار ،
ۋەلى بولدى بۇ ئاشقى بىقەرار .
مۇسۇلمان بولۇپ ئول زەمان چۇستۇ خىز ،
ئەمرنىڭ ئاياغىغە باش قويدى قىز .
ئەمر دىدى : « باردۇر ساڭا بىر ئىشىم ،
مىنىڭ بۇ كىيىك ئىردى ئۇبدان كىشىم .
ئۆز ئەسلىگە كەلتۇرسەڭىز سىز ئانى ،
كى مەقسەدكە ۋاسىل قىلاي مەن سىنى .»
بۇ قىز بىر نىمەرسە ئوقوپ ئۇشبۇ دەم ،
يەنە بۇ كىيىككە قىلىپ ئىردى دەم .
خاجە ئۇمرى ئۆز ئەسلىگە كەلدى رەۋان ،
بۇ ئىشلارغە بولدى بۆلەك شادىمان .
دىدىكىم بۇ قىز : « ئەي شەھى ئەرجۇمەند ،
ئاتام ئىلكىدە ئوغلىڭىز ئىردى بەند ،
ئاتام نابكار جادۇدۇر ئۇشبۇ رەڭ ،
ئالۇرسىز ئانى ، قىلساڭىز ئەمدى جەڭ .»
بۇ سۆزدىن ئەمر ئەرتەسى قوپتىلار ،
سەلاھلار كىيىپ ، تەبلى جەڭ سوقتىلار .
بولۇپ ئىككى لەشكەر بەرابەر بىروق ،
تىكىپ توغ – ئەلەم ئول زەمان ئاتتى ئوق .
بۇ مەيدان ئارا سىپھر ئەنگىزنى ،
ئۇمەر مەئدە ئۆلتۇردى بۇ خىزىنى .
يەنە تاڭلاسى جەڭ قىلىپ ئانچۇنان ،
كى ئەفرىتنى ئۆلتۇردىلەر شول زەمان .
قىلىپ نەچچە كۆن جەڭگى ھازەل – قىياس ،
كى ئۆلتۇردىلەر جادۇنى بىقىياس .
ئەمر كۆردى شەھرىنى ۋەيران قىلىپ ،
تەمام كۇفر ئەھلىنى ھەيران قىلىپ .
ئەلەمشاھنى ھەم خەلاس ئەتتىلەر ،
خەلايىقغە ئىمانىنى ئەرز ئەتتىلەر ،
كى بۇ شەھرنى ئىسلام ئاباد ئىتىپ ،
مۇسۇلمان قىلىپ ، بارچەنى شاد ئىتىپ .
بۇ شەھر ئىچرە بىر نەچچە كۆن تۇردىلەر ،
كى ئاندىن ستامبول سارى يۈردىلەر .
كىلىپ بۇ شەھەرگە تەمامى سىپاھ ،
شەھەر ئالدىغە تىكتىلەر بارگاھ .
كى بىر نامە ئەۋۋەل پىتىپ شاھىغە ،
ئەمر بەردى ئانى ئەلەم شاھىغە .

ئالىپ نامەنى قىستۇرۇپ باشىغە .
رەۋان بولدى مەزرۇق فەرەڭ قاشىغە .
ئەلەمشاھ يىتىپ ئۇشبۇ ھەيھات بىلەن ،
كىرىپ بارگاھغە بۇ ئات بىلەن .
كىلىپ ئالدىغە تۇشتىلەر ئاتدىن ،
كى ھەيران بولۇپ ئەل مەقالاتدىن .
ئەلەمشاھ كىرىپ كەلدىلەر بۇ مەھەل ،
ئىدى سەندەل ئۇستىدە بىر نەچچە ئەل .
تۇشۇپ ئالدىغە نەچچە ياشۇ قارى ،
كى سەندەل قويۇپ نەچچەدىن يوققارى
ئالىپ شاھ ئولتۇردى بىر نامەنى ،
تۇتۇپ بەردى مەزرۇقغە بۇ نامەنى .
ئوقۇپ نەمەنى قىلغايۇ پارچە ھەم ،
ئەلەمشاھ ئالدى قولىدىن بۇ دەم .
غەزەب بىرلە شەھزادە كەلگەن زەمان ،
ئالىپ قولغە شەمشەرنى قىلدى رەۋان .
قاچىپ تەختىنىڭ ئارقەسىغە فەرەڭ ،
ئىشكىنى ئاچىپ ، ئۆيگە قاچتى بۇ رەڭ .
كى بىر جەڭگى بولدىكى بۇ ئۇردادا ،
بەيان قىلسە بولماس بۇ قىسسە ئەدا .
قىلىپ كۇفر ئەھلىنى زىرۇ زەبەر ،
شەھەر تاشىغە چىقتىلار ئۇشبۇ ئەر .
چىقىپ ئارقەدىن قوغلاشىپ مىڭ فەرەڭ ،
ئەلەمشاھ بىرلە يەنە قىلدى جەڭ .
فەرەڭلەرگە بىر زەررە بەرمەي ئەمان ،
سويۇپ تىقتىلار تىرەسىگە سامان .
ئەلەمشاھ بۇ دەم فەتھۇ نۇسرەت تاپىپ ،
ئەمر بارگاھغە كەلدى يانىپ .
بۇ ھەيھاتلارنى ئەمر ئاڭلادى ،
ئەلەمشاھغە ئىنئاملار شاڭلادى .
ئەلەمشاھغە مەجلىس بىرىنىپ ئۇشبۇ دەم ،
ھەمە مەي ئىچىپ كۆڭلىدىن كەتتى غەم .
ھىكايەت قىلۇر راۋىلار ئۇشبۇ رەڭ ،
يەنە مەسلىھەت قىلدى مەزرۇق فەرەڭ .
يىغىلدى ئەمرۇ ۋەزىرلەر ھەمە ،
دىدىلەر : « بۇ ئىشغە ئىلاجى نىمە ؟ »
بىرى دىدى : « جەڭلەر قىلالىڭ چىقىپ ،
چاپىپ ئۆلتۈرەلىڭ زەمىنغە تىقىپ .»
قىلىپ ئەمما مەزرۇق فەرەڭ بۇ خەيال ،
دىدى : « مۇندا ئوت كەلتۈرۈڭ دەرمەھال .»

بۇراندىن كېيىن باقسە تالىب بولۇپ ،
كېتىپدۇر بۇ شەھزادە غايىب بولۇپ .
بار ئېردىكى ئەمما يىراق بىر شەھەر ،
ئىدى بارسەلەر يەتتە كۈنلۈك ئۇ يەر .
سۇرەنچەك دەر ئېردى ئانىڭ ئاتىنى ،
بەيان ئەيلەيىن مەن مەقالاتىنى .
ئاڭا شاھى شەمسى دېگەن ئېردى شاھ ،
ئىدى جادۇ ئول پۇر بەلا دەردۇ ئاھ .
بۇ جادۇ كېلىپ ، ئۇشبۇ شەھزادەنى ،
ئالىپ بەندكە سالدى بۇ ئازادەنى .

## فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر شەھرى سۇرەنچەككە بارىپ ، شەھزادەلەردىن خەبەر ئالغانلارى ، جادۇلار بىلە جەڭگى ۋەيران قىلغانلارى ۋە ئەلەمشاھنى زىنداندىن تاپىپ خەلاس قىلغانلارى

قىلۇر بۇلبۇلانى سۇخەن بۇ نىدا ،
بۇ ياڭلىغ ھىكايەتلەر ئەيلەر ئەدا .
ئەمىر ئىستەبان بۇ ئەلەمشاھنى ،
سىپاھلار يۈرۈپ باقتىلار راھنى .
باقىپ ھەر تەرەف ، ئاندا يوق ، مۇندا يوق ،
چاپىشىپ تەمامى سىپاھلار بىرۇق .
ئەمىر دېدىلەر : « ئەي خاجە ئۇمرى چاپىڭ ،
ئەلەمشاھ كېتىپدۇر قايان ، سىز تاپىڭ . »
بۇ سۆزدىن خاجە ئۇمرى چىقىپ شول زەمان ،
يېتىپ كەلدى قەلئە سەھىلغە رەۋان .
چىقادۇركى بۇ قەلئەدىن ماجەرا ،
يىغىلمىش شەھەرگە كى ئاقۇ قارا .
خاجە ئۇمرى دېدى : « بۇ نە غەۋغا ئېرۇر ،
خەلايىقغە بولمىش نە يەڭلىغ زەرۇر ؟ »
بىر ئادەم دېدى : « سورساڭىز غەۋغانى ،
ئاسىپ دارغە ھەمزەنىڭ ئوغلىنى .
كى يەردىن ئۈزۈلمىش ئىدىكىم ئاياغ ،
نىھان ئولدى كۆزدىن ۋەلې ئۇشبۇ چاغ .
كى بولدى يىقىلغان كەبى ئاسمان ،
تاپالمايدۇر ئانى ، كېتىپدۇر قايان . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « بۇ شەھەردىن بۆلەك ،
يەنە بارمۇدۇر قەلئەئى مۇندا بەك ؟ »
بۇ ئادەم دېدىكىم : « يەقىنراق شەھەر ،
كى باردۇر شەھەر ، يەتتە كۈنلۈك ئۇ يەر . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئول شەھەرگە باراي ،
بارىپ ئول شەھەرگە خەبەر مەن ئالاي . »
ئۈرۈپ قۇيەلەر ئول تەرەف كەتتىلەر ،
يۈرۈپ ئەرتەسى ، ئاخشامى يەتتىلەر .
كېلىپ كۆردى تۈچدىن تەمامى سىفىل ،
تىگى نۇقرەدىن رەڭ بەرەڭ ، نەچچە خىل .
ۋە ھازەل ـ قىياس تۈچۇ مىس بەئىزەسى ،
كى ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇ شەھەردە بەسى .
خاجە ئۇمرى بۇ يەردىن ئىدى سەرنىگۇن ،
ۋەلې يۈرگەپ ئالدى ئانى بىر قۇيۇن .
قۇيۇن ئىچرە بىر يۇمدى ، ئاچتى كۆزىن ،
كى بىر باغى ئالىيدا كۆردى ئۆزىن .
يۈرۈيدۇركى چەندان كىيىك باغ ئارا .
بىرىسى قىزىلۇ بىرىسى قارا .
خاجە ئۇمرىنى ھەم بۇ كىيىك ئوخشاتىپ ،
قويۇپ بەردى جادۇ كىيىككە قاتىپ .
سۇخەن ئەھلى مۇنداغ ھىكايەت قىلۇر ،
ئەمىردىن بۇ يەڭلىغ رىۋايەت قىلۇر .
خاجە ئۇمرى بۇ يەردىن كېتىپ تېزۈتۇن ،
تېخى كەلمەدى ، بولدى بەش ـ ئالتە كۈن .
بۇ ئىشدىن ئەمىر ۋەھمە يەپ شول زەمان ،
سەۋار ئولدى ئاشقىرغە ، بولدى رەۋان .
يېتىپ ئېردى ناگاھ ئەمىرى ئەرەب ،
قۇيۇن بولدى پەيدا ئەمىرنى كۆرەپ .
كى يۈرگەپ ئالىپ ئول زەمان سائىقە ،
مۇنى ھەم ئالىپ كەلدى بۇ باغقە .
ئەمىر كۆل لەبىدە يۇدىلار يۈزىن ،
كىيىكلەرگە تۇشتى بەناگاھ كۆزىن .
بىرى ئايرىلىپ بۇ كىيىكدىن رەۋان ؛
ئەمىر قاشلارىغە بۇ كەلگەن زەمان ،
كۆزىدىن ئاقىزىپ سۇدەك ياشىنى ،
ئاياغىنى سۈرتۇپ قويۇپ باشىنى .
بۇ ئىشلارنى فەھم ئەيلەدى شەھرىيار ،
دېدى مۇندا بىر كاسە نەمەكانە بار .
كى مۇنداغ كىيىكلەردىن ئايرىلدى بۇ ،
ئەگەر بولسە بولغاي خاجە ئۇمرى شۇبۇ .
قىلىپ تۇرمىش ئېردى بۇ يەڭلىغ خەيال ،
چىقىپ كەلدى بىر نازەنىن ئۇشبۇ ھال .

بۇ قىز شاھ شەمسى دېگەننىڭ قىزى ،
كىيپدۇر لىباسى تەمام قىرمىزى .
ئەمرنى كۆرەپ ئېردى بىشختىيار ،
ۋەلې بولدى بۇ ئاشقى بىقەرار .
مۇسۇلمان بولۇپ ئول زەمان چوستۇ خىز ،
ئەمرنىڭ ئاياغىغە باش قويدى قىز .
ئەمر دېدى : « باردۇر ساڭا بىر ئىشم ،
مېنىڭ بۇ كىيىك ئېردى ئۇبدان كىشم .
ئۆز ئەسلىگە كەلتۇرسەڭىز سىز ئانى ،
كى مەقسەدكە ۋاسل قىلاي مەن سېنى .»
بۇ قىز بىر نېمەرسە ئوقوپ ئۇشبۇ دەم ،
يەنە بۇ كىيىككە قىلىپ ئېردى دەم .
خاجە ئۇمرى ئۆز ئەسلىگە كەلدى رەۋان ،
بۇ ئىشلارغە بولدى بۆلەك شادمان .
دېدىكىم بۇ قىز : « ئەي شەھى ئەرجۇمەند ،
ئاتام ئىلكدە ئوغلىڭىز ئېردى بەند ،
ئاتام نابكار جادۇدۇر ئۇشبۇ رەڭ ،
ئالۇرسىز ئانى ، قىلساڭىز ئەمدى جەڭ . »
بۇ سۆزدىن ئەمر ئەرتەسى قوپتىلار ،
سەلاھلار كىيىپ ، تەبلى جەڭ سوقتىلار .
بولۇپ ئىككى لەشكەر بەرابەر بىروق ،
تىكىپ توغ ـ ئەلەم ئول زەمان ئاتتى ئوق .
بۇ مەيدان ئارا سېهر ئەڭگىزنى ،
ئۇمەر مەئدە ئۆلتۇردى بۇ خىزنى .
يەنە تاڭلاسى جەڭ قىلىپ ئانچۇنان ،
كى ئەفرىتنى ئۆلتۇردىلەر شول زەمان .
قىلىپ نەچچە كۆن جەڭگى ھازەل ـ قىياس ،
كى ئۆلتۇردىلەر جادۇنى بىقىياس .
ئەمر كۆردى شەھرنى ۋەيران قىلىپ ،
تەمام كۇفر ئەھلىنى ھەيران قىلىپ .
ئەلەمشاھنى ھەم خەلاس ئەتتىلەر ،
خەلايىققە ئىمانىنى ئەرز ئەتتىلەر ،
كى بۇ شەھرنى ئىسلام ئاباد ئېتىپ ،
مۇسۇلمان قىلىپ ، بارچەنى شاد ئېتىپ .
بۇ شەھر ئىچرە بىر نەچچە كۆن تۇردىلەر ،
كى ئاندىن ستامبۇل سارى يۈردىلەر .
كېلىپ بۇ شەھەرگە تەمامى سپاھ ،
شەھەر ئالدىغە تىكتىلەر بارگاھ .
كى بىر نامە ئەۋۋەل پىتىپ شاھغە ،
ئەمر بەردى ئانى ئەلەم شاھغە .
ئالىپ نامەنى قىستۇرۇپ باشىغە .
رەۋان بولدى مەزرۇق فەرەڭ قاشىغە .
ئەلەمشاھ يېتىپ ئۇشبۇ ھەيھات بىلەن ،
كىرىپ بارگاھىغە بۇ ئات بىلەن .
كىلىپ ئالدىغە تۇشتىلەر ئاتدىن ،
كى ھەيران بولۇپ ئەل مەقالاتىدىن .
ئەلەمشاھ كىرىپ كەلدىلەر بۇ مەھەل ،
ئىدى سەندەل ئۇستىدە بىر نەچچە ئەل .
تۇشۇپ ئالدىغە نەچچە ياشۇ قارى ،
كى سەندەل قويۇپ نەچچەدىن يوققارى
ئالىپ شاھ ئولتۇردى بىر نامەنى ،
تۇتۇپ بەردى مەزرۇقغە بۇ نامەنى .
ئوقۇپ نەمەنى قىلغايۇ پارچە ھەم ،
ئەلەمشاھ ئالدى قولتىدىن بۇ دەم .
غەزەب بىرلە شەھزادە كەلگەن زەمان ،
ئالىپ قولغە شەمشەرنى قىلدى رەۋان .
قاچىپ تەختىنىڭ ئارقەسىغە فەرەڭ ،
ئىشكنى ئاچىپ ، ئۆيگە قاچتى بۇ رەڭ .
كى بىر جەڭگى بولدىكى بۇ ئوردادا ،
بەيان قىلسە بولماس بۇ قىسسە ئەدا .
قىلىپ كۇفر ئەھلىنى زىرۇ زەبەر ،
شەھەر تاشىغە چىقتىلار ئۇشبۇ ئەر .
چىقىپ ئارقەدىن قوغلاشىپ مىڭ فەرەڭ ،
ئەلەمشاھ بىرلە يەنە قىلدى جەڭ .
فەرەڭلەرگە بىر زەررە بەرمەي ئەمان ،
سويۇپ تىقتىلار تېرەسىگە سامان .
ئەلەمشاھ بۇ دەم فەتھۇ نۇسرەت تاپىپ ،
ئەمر بارگاھىغە كەلدى يانىپ .
بۇ ھەيھاتلارنى ئەمر ئاڭلادى ،
ئەلەمشاھغە ئىنئاملار شاڭلادى .
ئەلەمشاھغە مەجلىس بېرىپ ئۇشبۇ دەم ،
ھەمە مەي ئىچىپ كۆڭلىدىن كەتتى غەم .
ھكايەت قىلۇر راۋىلار ئۇشبۇ رەڭ ،
يەنە مەسلەھەت قىلدى مەزرۇق فەرەڭ .
يىغىلدى ئەمرۇ ۋەزىرلەر ھەمە ،
دېدىلەر : « بۇ ئىشغە ئىلاجى نېمە ؟ »
بىرى دېدى : « جەڭلەر قىلالىڭ چىقىپ ،
چاپىپ ئۆلتۇرەلىڭ زەمىنغە تىقىپ . »
قىلىپ ئەمما مەزرۇق فەرەڭ بۇ خەيال ،
دېدى : « مۇندا ئوت كەلتۇرۇڭ دەرمەھال . »

لېگەن ئىچرە ئوتنى ئالىپ ئول زەمان ،
كى مەزرۇقنىڭ ئالدىدا قويدى رەۋان .
بۇ چەپ بازۇسىدىن ئالىپ مويى تال ،
سالىپ ئوتغە بۇ بەردى دۇد دەرمەھال .
ئوشول دەم بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئېردى ئول ،
كى پەيدا بولۇپ كەلدى ئىككى ئوغۇل .
مۇنىڭ ئاتى قەھرانۇ سەھران ئىدى ،
مۇنى كۆرگەن ئەل بارچە ھەيران ئىدى .
چىقىپ تاڭلاسى جەڭگە بۇ ئىككى دىۋ ،
ئەمىر دىۋ بىلەن بولدىلار رو بەرو .
ئەمىر ئۇشبۇ دىۋلەرگە بەرمەي ئەمان ،
كى ئۆلتۈردىلەر يەرگە ئۇرغان زەمان .
بۇ دىۋنىڭ بەرادەرلەرى قان ساچىپ ،
بۇ كەلدىكى مەزرۇق قاشىغە قاچىپ .
دېدى : « ھەمزەدۇر بەرى گوياشىرى ،
قۇتۇلماس سېنىڭ مىڭ جانىڭدىن بىرى .
بۇ ئازادە مەردنىڭ ئۇرۇپ باشىغە ،
كى ئوخشاتتى بۇ تۇخمى خەشخاشىغە .
ئانىڭ بىرلە بولمايدۇ بىز جەڭ قىلىپ ،
كۆرەنگەن ئوشول تاغنى بىز ئېلىپ .
ئانى ئۆلتۈرەلىڭ شۇبۇ رەڭ قىلىپ ،
باشىغە سالالىڭكى ، ئۆلسۇن بېسىپ .
يەنە يوق ئىلاجى مۇنىڭدىن بۆلەك ،
بۇ تاغلارنى باشىغە سالماق كېرەك . »
بۇ سۆزلەر بىلەن نەچچەمىڭ دىۋ بارىپ ،
كۆتەردى باشىغە بۇ تاغنى ئالىپ .
قىلۇر بۇ ھىكايەتنى ياشۇ قېرى ،
ئوشول ۋەقتى ئەسما مەلىكە پەرى ،
دېدىلەركى : « ئەبدىرەھمان ، بۇ دەم ،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈيدى نە تۈرلۈك ، نەغەم ؟
كېلىپ مۇندا بىر رەم سالىڭ دەر مەھال ،
نە ھادىسە پەيدا بولۇپدۇر نە ھال ؟ »
قوپۇپ ئەبدىرەھمانى جىن سالدى رەم ؛
دېدى : « ئەي مەلىكە ، ھەيال بولمە ھەم .
رەۋان ئۆلماساڭ ھەمزەنىڭ قاشىغە ،
كى تاغنى سالادۇر ئانىڭ باشىغە .
بۇ سۆزنى مەلىكە ئىشىتكەن زەمان ،
ئالىپ بارچە دىۋلەرنى بولدى رەۋان .
كى ئەسما يېتىپ كەلدى بۇ ۋەقتىدە ،
فەرەڭ لەشكەرى تەڭ بولۇپ سەختىدە .
ئالىپ تاغنى ، ئىسلامنىڭ قاشىغە ،
كى تەگكۈرمىش ئېردى ئالىپ باشىغە
بۇ دىۋلەرنى ئەسما پەرى شول زەمان ،
بۇ يەر ئۇزرە ئۆلتۈردى بەرمەي ئەمان .
ئەمىر قاشىغە كەلدى ئەسما پەرى ،
بەيان ئەيلەشىپ ھالىنى بىر - بىرى .
سوراپ ھەر مەقالاتىدىن ھەسبى ھال ،
ئەمىر بەردىلەر مەجلىسى دەر مەھال .
كى رۇخسەت بېرىپ شاھى ئالىي مەئاب ،
رەۋان بولدى ئول دەم پەرى كوھى قاف .
ھەرامزادە زەڭگار غۇرى بۇ دەم ،
خەبەر تاپتى ، سەھراغە قويدى قەدەم .
ۋەلى تۇتتى شەھزادەنى بۇ فەلىد ،
بۇ سەگ قىلدى تۆرت يۈز كىشىنى شەھىد
ئەلەمشاھنى بەند ئېتىپ شول زەمان .
كى مەزرۇقنىڭ ئالدىغە بولدى رەۋان .
مەئەلقىسسە ، مۇنداغ ھىكايەت قىلۇر ،
سۇخەن ئەھلى بۇ رەڭ رىۋايەت قىلۇر :
ئەمىر شەھرى ئەفرەنجەدىن بىر ئوغول ،
تاپىپ ئېردىلەر ، چوڭ بولۇپ ئېردى ئول .
ئىدى ئول ئوغۇل ئىبنى تەۋق ئاتلىغ ،
سەئىدى بابايى مەقالاتلىغ .
خۇرۇج ئەيلەبان شەھرلەرنى مۇدام ،
ئەمىر قاشىغە قىلمىش ئېردى خىرام .
كېلۇر ئېردىلەر بىللە ئونىمىڭ سىپاھ ،
بەناگاھ بۇ يەرگە يېتىپ ئېردى راھ .
بۇ زەڭگارى غۇرى ئەلەمشاھنى ،
بۇ يەرگە يېتىپ ، بەند ئېتىپ ماھنى ،
بۇ يول ئۇزرە ئۆلتۈرمەك ئېردى خەيال ،
بۇ يەرگە چىقىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ ھال .
ئەلەمشاھنى ئاجرانتىپ شول زەمان ،
ئىكەۋلەن ئەمىر سارى بولدى رەۋان .
تانۇتتى ئۆزىنى ئەمىرگە بۇ ئەر ،
كى مەجلىس بېرىپ ساچتىلار سۇرخى زەر .
بۇلار ئولتۇرۇر ئېردىلەر ئۇشبۇ رەڭ ،
كۇفار سارىدىن چىقتىلار تەبلى جەڭ .
بۇلار ھەم چالىپ تەبلى جەڭ شول زەمان ،
ياسالنى تۈزۈپ ، بولدىلار كامران .
كۇفر سارىدىن كەلدى مەيدان ئارا ،
كى ئەفرىت كافەر قىلىپ ماجەرا .

ئۇمەر مەئدە بولدى تەقابۇل ئاگا ،
سالىپ ھەربەلەر بۇ ئاگا ، ئۇل مۇگا .
ئۇمەر مەئد ئاخىر كېلىپ ئۇشبۇ دەم ،
بۇ كافەرنى شەمشەردە قىلدى قەلەم .
بۇ جەڭ بولدى مەئدى كەرەب ئاتىغە ،
كىشى يەتمەدىلەر مەقالاتىغە .
يەنە ئەرتەسى چالدىلار تەبلى جەڭ ،
كۇفاردىن فۇلات كىردى جەڭگە بۇ رەڭ .
ئاتى مالىك ئەژدەر ھەلاك ئەيلەدى ،
قارىنداشى باغرىنى چاك ئەيلەدى .
ئۈچۈنچى كۈن ئېردى ، بولۇپ كامران ،
كېلىپ تۇردى كۇففاردىن ئەنقىيان .
ئەمىر سارىدىن ئەيلەبان ئىستىماد ،
يەنە كىردى شەھزادە يەئنى قۇباد .
بىرى بىرگە ھەربە سالىشتى بولەر ،
كى فەيدا بولۇپ بۇ زەمان بىر شەرەر .
سالىپ قول قۇبادنى ئالىپ ئۇشبۇ دەم ،
چىقىپ ئاسمان سارىغە كەتتى ھەم .
بۇ كىم ئېردى دەپ بىلمەدىلەر كىشى ،
بۇ ئېردى سەفا جادۇنىڭكى ئىشى .
بار ئېردى مۇنىڭ بىر قىزى ئۇشبۇ ھال ،
كى ھۇسنۇ لەتافەتدە شاھىب جەمال .
قۇبادنى تۇشدە كۆرۈپ ئۇشبۇ قىز ،
ئۇتاشمىش ئىدى جانىغە ئىشق تىز .
فىراقدە ئۆرتەندى جانى ئانىڭ ،
ئاتى ئېردى خۇرشىد بانۇ ئانىڭ .
مۇسۇلمان بولۇپ غايىبانە ئاگا ،
ئوقۇپ تەگرىگە ھەمد بىرلە سەنا .
كى بىر جادۇنى بۇيرۇغان ئۇشبۇ قىز ،
قۇبادنى ئالىپ بارغان ئېردى بۇ تىز .
كۆرۈپ ئۇشبۇ شەھزادەنى بۇ بەچە ،
كى مەجلىسنى بۇنياد قىلدى كېچە .
بۇ قىزنىڭ بار ئېردى بەرادەرلەزى ،
بەناگاھ بۇ مەجلىسكە كىردى بىرى .
قاراپ كۆردى مەجلىس ئارا بىر يىگىت .
غەزەبدىن كۆزى بولدى گويا چېكىت .
چىقىپ ئەمما ئاھىستە بۇ شول زەمان ،
بارىپ شاھ سەفاغە بۇ قىلدى بەيان .
مۇنىڭ بار ئېردى بىر ئەمەكزادەسى ،
ئاتى شاھى رەيھان ، زەبەردەست بەسى .
ئۇشۇل ۋەقت كەلدى ئىنكەۋلەن رەۋان ،
كى باغلاپ بۇ شەھزادەنى شول زەمان .
كى بىر خالىي گۇنبەزدە بەند ئەتتىلەر ،
قىلىپ ئانچە مەھكەم يانىپ كەتتىلەر .
بۇ قىز ئەمما تەقەت ئۇتالماي زەبۇن ،
ئەلىفدەك قەدى بولدى ئىشقىدا نۇن .
قوپۇپ كېچە ئاھىستە كەلدى ماراپ ،
تۇرار ئېردى گۇنبەز ئىچىگە قاراپ .
قوپۇپ ئېردى يىغلاپ ۋەلى تامغە باش ،
بۇ شەھزادەنىڭ يۈزىگە تامدى ياش .
دېدىكىم كۆزىنى ئاچىپ : « ئەي پەرى ،
تىلەرسەن مېنى ، مۇندا كەلگىل بېرى .
ئەگەر سەن ھەياتىمنى قىلساڭ تەلەب ،
مېنىڭ بىر ئاغام بار ئەلەمشاھ دەپ .
ئۇلارغە مېنى قىلساڭىز بىر خەبەر ،
خەلاس ئەتكۇسىدۇر ئۇشۇل ياخشى ئەر . »
بۇ قىز بۇيرۇدى جادۇنى شول زەمان ،
ئەلەمشاھنى يەتكۈردى بۇ دەم زەمان .
مەلىكە بۇ سۆزلەرنى باشدىن ئاياغ ،
ئەلەمشاھغە قىلدى بىر ـ بىر بۇ چاغ .
ئەلەمشاھ سوقۇپ شول زەمان تەبلى جەڭ ،
مۇسۇلمان بولدى بولار ئۇشبۇ رەڭ .
خەلاس ئەتتى شەھزادەنى شول زەمان ،
كى مەجلىس بېرىپ ، ئەيلەدى مېھمان .
ئۇشۇل ۋەقتىدە چالدى نەققارەنى ،
بۇ كافەرغە ئاگلاندى ئانىڭ ئۈنى .

**فەسلى داستان ، خاجە ئۆمرى شەھزادەلەرنى ئىزدەپ شاھ سەفا تۇرك شەھرىدىن تاپغانى ،**
**ئەلەمشاھ كېلىپ جەڭ قىلىپ ، فەرەڭ خەلقىنى باسرۇق قىلغانى**

بۇ شەھزادەلەر مۇندا ھازەل ـ قىياس ،
قىلۇر بۇ ھىكايەتنى ئەختەرشۇناس .
خاجە ئۆمرى بۇ شەھزادەلەرنى باقىپ ،
قارار ئېردىلەر ھەر تەرەفكە چاپىپ .
كېلۇر ئېردى بىر شادىيانە ئۈنى ،
رەۋان ئۇلدى ئىزدەپ باقاي دەپ ئۈنى .

خاجه ئۇمرى كېلىپ كۆرديۇ بولدى شاد ،
ئىچىپ مەي ئەلەمشاھ بىرلەن قۇباد .
چالىپ دافۇ دۇمباق سىتار بىرلە نەي ،
سەفا شاھ بۇلارغە تۇتۇپدۇركى مەي .
مۇنى دەر ئىدىلەر سىپىتارە پەرەس ،
مۇنىڭ ھەيبەتىدىن فەلەك ئېردى پەس .
ئەلەمشاھ بۇ كافەرنى كەلگەن زەمان ،
كىرىپ ئالدى سەرراھىنى شول زەمان .
بۇ كافەرنى ئۆلتۈردىلەر ئۇشبۇ دەم ،
كى شەدداد كافەر كېلىپ تۇردى ھەم .
بۇ كافەرغە ھەم ئەسلى بەرمەي ئەمان ،
كى دو ھەسسە قىلدى بىر ئۇرغان زەمان .
يەنە كىردى فەرھاد كوھى نىشىن ،
بۇ ھەم ئۆلدى ، كەتتى تىرىكلىك ئىشىن .
ئەلەمشاھ بۇ كافەرنى ئەيلەپ بۇ رەڭ ،
كى ئات سالدىلار ئەللاھ دەپ ، بولدى جەڭ .
قۇتۇلدى مۇسۇلمان بولۇپ بەئزەسى ،
كى ئۆلدى ئارىغ ، قالمادى غۇسسەسى .
ئۇشۇل دەم قاچىپ ياندى مەزرۇق فەرەڭ ،
كىرىپ قەلئەسىگە يەنە ئۇشبۇ رەڭ .
ئەمىر ھەم يانىپ تۇشتىلەر شول زەمان ،
بۇ ئىشلارغە خۇشھال ئولۇپ ئانچۇنان .
ئەلەمشاھغە ياخشى مەجلىس بىرىپ ،
يەنە يەتتە كۈن شادىيانە چالىپ .
يەنە ئۆتتى قىرق كۈن قىلىپ ئۇشبۇ رەڭ ،
ۋەلې چىقمادى جەڭگە مەزرۇق فەرەڭ .
ئەمىر دېدىلەر : « ياز ئۆتۈپ ، بولدى قىش ،
كى سىزدىن ئاچىلغاي خاجه ئۇمرى بۇ ئىش . »
خاجه ئۇمرى دېدى : « مەن بەجا كەلتۇرەي ،
سىتامبۇلنى يا مەن ئالاي ، يا ئۆلەي . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ كامران ئۇلدىلار ،
سىتامبۇل سارىغە رەۋان ئۇلدىلار .
كىرىپ قەلئە ئىچرە سىفىلنى يىقىپ ،
يۇرۇر ئېردى بۇرغۇي فەرەڭنى بىقىپ .
تاپالماي شەھەرنىڭ چىقىپ تاشىغە ،
يەقىن كەلدى بىر باغچەنىڭ قاشىغە .
بارادۇر كېتىپ بىر كىمەزسە ئۇ يان ،
چىنار ئۇزرە چىقتى خاجه ئۇمرى رەۋان .
چىنار ئالدىغە كەلديۇ بۇ كىشى ،
يۇزىن يۇپ سۇ ئىچتى ، تۇگەندى ئىشى .

قويۇپ ئورنىدىن يولغە بولدى رەۋان ،
خاجه ئۇمرى كەمەند تاشلادى شول زەمان .
كى ئانداغ بۇ ئادەمگە تۇشتى كەمەند ،
خاجه ئۇمرى تۇشۇپ قىلدىلار ئانى بەند .
ۋەلېكىن بۇ ئېردىكى بۇرغۇي فەرەڭ ،
ئەمىر قاشىغە كەلدىلەر ئۇشبۇ رەڭ .
بوشاتتى ئەمىر بەندىدىن شول زەمان ،
مۇسۇلمانى بولدىكى بۇرغۇي رەۋان .
ئەمىر دېدىلەر : « ئەيكى بۇرغۇي فەرەڭ ،
شەھەرنى ئالالماي ياتۇرمىز بۇ رەڭ .
بۇ ئىشنىڭكى تەدبىرى قايداغ ئېرۇر ،
نېچۇك قىلسە بۇ قەلئە قولغە كېلۇر ؟ »
كى بۇرغۇي دېدى : « پادىشاھى ئەجەم ،
كى باردۇر سىفىلنىڭ ئىچىدە لەقەم .
ۋەلې بۇ تەرەفدە ئانىڭ ئاغزى بار ،
ئاڭا كىرسە مەزرۇق ئۆيىگە چىقار .
بۇ ئىش شاھى مەزرۇق فەرەڭنىڭ ئىشى ،
مۇنى بىلمەگەي ئاندىن ئۆزگە كىشى . »
بېرىپ ئېردى بۇ رغۇي بۇ ياڭلىغ خەبەر ،
ئەمىر قىلدى ئىنئامۇ ئېھسانلەر .
ئۇشۇل دەم ئەلەمشاھ بولۇپ كامران ،
ئالىپ قىرق تۆرت مىڭ ئۇلۇغ پەھلەۋان .
كى باشلاپ ئالىپ يۇردى بۇرغۇي فەرەڭ ،
لەقەم ئاغزىنى كۆرسەتىپ ئۇشبۇ رەڭ .
لەقەم ئاغزىنى تاش بىلەن بەركىتىپ ،
بۇ تاشنى قۇماردى يىراقغە ئاتىپ .
ئەلەمشاھ بىلە قىرق مىڭ پەھلەۋان ،
ئالىپ كىردى بۇرغۇي بۇلارنى رەۋان .
لەقەم ئىچرە ئول دەم كىرىپ كەتتىلەر ،
يۇرۇپ يەتتە كۈن ئاغزىغە يەتتىلەر .
قويۇپ ئاغزىغە كۆپ يىغاچلار يوغان ،
ئەلەمشاھ ئالىپ تاشلادى شول زەمان .
لەقەمدىن چىقىپ ئېردىلەر ئۇشبۇ رەڭ ،
بەيەكبارە مەزرۇق بىلەن قىلدى جەڭ .
ئەمىرغە بۇ ئەسنادا بولدى خەبەر ،
كېلىپ لاۋۇ لەشكەر بىلەن شىرى نەر .
ۋەلې بولدى بىر سەختى جەڭ ئۆزگەچە ،
ئەمان بەرمەيىن ئىككى كۈن بىر كېچە .
ئاقىپ يۇردى قان سەل بولۇپ ھەر تەرەف ،
شەھەرنى ئالىپ قىلدىلار بەر تەرەف .

قويۇپ ئۇتنى بۇتخانەلەرگە بىروق ،
ئەراقخانە ، بۇتخانەنى قىلدى يوق .
تۇتۇپ كەلدى مەزرۇق فەرەڭنى بۇ هال ،
ئەمىر كۆپ نەسىهەت قىلىپ بولدى لال .
دېدىلەر : « مېنىڭ قىل سۆزۈمنى قەبۇل ،
ۋە ئەي شاهى مەزرۇق ، مۇسۇلمانى بول .
بۇ سۆزنى قەبۇل ئەتمەيىن ، شول زەمان ،
سويۇپ تىقتىلار تېرەسىگە سامان .
قىزى مېهرى ئەنگىز كېلىپ راهىغە ،
ئالىپ بەردى ئانى ئەلەمشاهىغە .
تۇرۇپ مۇندا قىرق كۈن تەمامى سىپاه ،
قىلىپ شاه دارابنى پادىشاه .
تاپىپ ئەهلى دىن خەلقدىن بىنەزىر ،
كى تاهىر شەهابىنى قىلدى ۋەزىر .
ئەمىر يۈردىلەر لاۋۇ لەشكەر بىلەن ،
ئالىپ تۇغ ـ ئەلەم قانچە پەيكەر بىلەن :
فەرەڭ مۇلكى دەرياسىدىن ئۆتتىلەر ،
كى دەريا تەڭىزغە يەقىن يەتتىلەر .
ئەمىر دېدىلەر : « بىر شىكار ئەيلەسەك ،
قىلالىڭ شىكارنى جەمشىدىدەك
ئارادىن كىيىك ئۆتمەسۇن تا مۇدام ،
كىم ئۆتكەرسە ، ئانى قىلاي قەتلى ئام . »
قىلىپ ئۇشبۇ يەڭلىغ ئەمىر بۇ خەيال ،
چىقىبان ئىكى ئاق كىيىك ئۇشبۇ هال .
ئەمىرنىڭكى ئالدىغە كەلگەن زەمان ،
كىيىكلەر ئۆتۈپ كەتتى ، بەرمەي ئەمان .
بىرىسىنى قوغلاپ ئەمىرى ئەرەب ،
ئەلەمشاه كەتتى يەنە بىر تەرەف .
هىكايەتنى مۇنداغ قىلۇر راۋىيان ،
يۈرۈپ لەندۇهۇر بىرلە لەشكەر بۇيان .
كېلىپ بەسىر دەريا لەبىگە سىپاه ،
بۇ يەرگە تىكىپ تۈشتىلەر بارگاه .
ئەمىر ئەمما لەشكەردىن ئايرىلدىلەر ،
كىيىكنى ئاتىپ ، ئۆلتۈرۈپ يېدىلەر .
كەباب ئەتتىلەر سۇ قويۇپ ، ئوت قالاپ ،
بارادۇركى يولباس ئۆتۈپ غاقىراپ .
ئەمىر ئاتتى دەرهال بۇ يولباسغە ئوق ،
تېگىپ ئوق ، قىلىپ ئۇشبۇ يولباسنى يوق .
ئەمىر ئالدىدا شىر ئىدى مىسلى ئىت ،
چىقىپ كەلدى پەيدا بولۇپ بىر يىگىت .

تالاشتى بۇ يولباسنى كەلگەن زەمان ،
يىقىتتى ئەمىر يەرگە بەرمەي ئەمان .
قىلىپ بۇ يىگىت نالەئى زار ـ زار ،
كى يىغلاپ تۇرۇپ دېدى : « ئەي شەهرىيار .
پىسەرخان ئىدىم سىزگە مەن ، ئەي ئەرەب ،
يامان ئىش قىلىپ سىزگە مەن ، ئەي ئەرەب ،
ئەمىر دېدىلەر : « نە ئېرۇر ئاتىڭىز ،
نە يەردىن كېلىپسىز ، نەدۇر زاتىڭىز ؟ »
دېدى بۇ يىگىت : « ئەي شەهى دەردمەند ،
بىلۇرسىز ئەدەس شاهنىڭ ئوغلىمەن .
ئاتامنى هەلاك ئەيلەپ ئول ۋەقتىدە ،
مېنى ئولتۇرغۇزۇپ ئېردىڭىز تەختىدە .
پىسەرخان ئوقۇپ سىز مېنى ئول زەمان ،
قىلىپ ئېردىڭىز پادىشاه كامران »
ئەمىرنىڭ يېتىپ خاتىرىغە بۇ هال ،
كى ئۆلتۈرمەيىن قويدىلار دەر مەهال .
ئەمىر دېدى : « كەلدىڭ نە ئىشغە بۇ يان ،
بۇ چۆل بىرلە مۇندىن بارۇرسەن قايان ؟ »
دېدى بۇ يىگىت يىغلاپ : « ئەي شەهرىيار ،
بۇ چۆلدىن ئۆتۈپ بارسە بىر قەلئە بار .
ئۇشۇل قەلئەنىڭ شاهى بار ئەرجۇمەند ،
تولا لەشكەرى ، هەم مەقامى بەلەند .
دەرىغا ، ئانىڭ بىر قىزى باردۇر ،
كى هۇسنۇ مەلاهەتدە يەكتا ئېرۇر .
بولۇپمەن ئاڭا ئاشىقى جانۇ دىل ،
بۇ يەڭلىغ ماڭا بولدى بىر نەچچە يىل .
تۇشۇرەلمەدىم مەن قولۇمغە ئانى ،
فىراقىدە ئەۋۋارە قىلدى مېنى .
بۇ قىزنىڭكى بىر شەرتى بار ، مۇشكىل ئىش ،
كى بىر بىشەئى بۇ تەرەف بار ئىمىش .
مەقام ئەيلەمىش ئاندا بىر شىر هەم ،
قويالمايدۇ هېچكىم ئۇ يەرگە قەدەم .
ئانى كىمكى ئۆلتۈرسە قىلمىش قەبۇل ،
ئۆلۈپدۇر بارىپ ئاندا يۈز مىڭ ئوغۇل .
بۇ ئىشلارغە هەيران بولۇپ ئانچۇنان ،
فىراقىدا ئۆرتەندى جانىم يامان . »
ئەمىر دېدىلەر : « باشلاغىل سەن مېنى ،
باراي مەن شول ئەفزاغە ، يۈرگىل قېنى .
ئەمىر كەلدى بۇ بىيشەگە شول زەمان ،
كى ئۆلتۈردىلەر شىرغە بەرمەي ئەمان .

رەۋان بولدىلار قەلئەگە بۇ مەھەل ،
بۇ قىزنى يىگىتكە بېرىپ دەر مەھەل .

مۇسۇلمان بولۇپ كۇفردىن تاندىلار ،
ئەمىر لەشكەر ئىسلامغە ياندىلار .

**فەسلى داستان ، ئىسكەندەر ھەيكەلان مەدايىنغە ئىلغار ئىبەرگەنى ، ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى بىلە جونەيد ئادىنىڭ ئوغلى بارىپ ، لەشكەرى ئىسلامغە شىكەستە بەرگەنى**

ئىشتىمەك كېرەك فەسلى بۇ قىسسەدىن ،
قۇتۇلماق ئۇچۇن غەم بىلە غۇسسەدىن .
بۇ جەڭدىن ئەمىر ئىلگەرى ئادىنى ،
كى ئۆلتۈرمىش ئېردىكى شەددادىنى .
بۇ شەددادىنىڭ خاتۇنى بار ئىدى ،
ئاتى قەسر بانۇ دىل ئازار ئىدى .
كى ئىسكەندەرى ھەيكەلانىغە بۇ ،
ئەمەكزادە ھەمشىرە ئېردى شۇبۇ .
بۇ خاتۇن ئالىپ ئوغلىنى باشغە ،
بۇ سەگ كەلدى ئىسكەندەرى قاشغە .
كى فەرياد قىلدىكى بۇ بىئەدەب ،
دېدى : « ئاندا فەيدا بولۇپ بىر ئەرەب .
كۆيۈيۈمنى ئول ئۆلتۈرۈپدۇر دەرىغ ،
تۇگەتتى ۋۇجۇدۇمنى قويماي ئارىغ . »
كى ئىسكەندەرىگە بۇ سۆز ئۇردى نىش ،
دېدى : « ئول ئەرەبلەر دېگەن كىم ئىمىش .
كى مۇنداغ بولۇرمۇ ئۇشۇل بىئەدەب ،
كۆيئوغلۇمنى ئۆلتۈر گۇچى شول سەبەب .
بار ئېردىكى ئالدىدا پىر پەھلەۋان ،
جۇنەيد ئادى دەپ ھۇكم قىلدى رەۋان .
دېدى : « سەن بارىپ شول ئەرەبنى تاپىپ ،
ئالىپ كەل تىرىك ، مۇندا ئۆلتۈر چاپىپ . »
دېدى بۇ فەلىد : « سىزگە دۇر بۇ سۆزۈم ،
كى نامۇس قىلۇرمەن بارۇرغە ئۆزۈم .
ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلغالى ئاردۇر ،
ئىبەرتەيكى ئوغلانلارىم باردۇر . »
بۇ سەگنىڭ ئۇچ ئوغلى بولۇپ كامران ،
مۇكەممەل مۇسەللەھ بولۇپ شول زەمان .
ئالىپ ئىككى لەك لەشكەرىنى رەۋان ،
يۈرۈپ بۇ مەدايىنغە يەتكەن زەمان .
تىكىپ تۇغ ـ ئەلەملەر بۇ سەگ باشغە ،
بۇلار كەلدى نۇشىرۋان قاشغە .
تۇتۇپ بەردى بۇ شاھغە نامەنى ،
ئوقۇپ ئاڭلادى ئۇشبۇ ھەڭگامەنى .

بۇ مەزمۇنى بىرلە پىتىپدۇر سۇخەن ،
دېمىش : « ھەيكەل ئىسكەندەرى مەندۇمەن .
سېنىڭ بار ئىمىش ھەمزە دەپ بىر كىشىڭ ،
ھەمىشە سېنىڭ ئول قىلۇرمىش ئىشىڭ .
مېنىڭكى كۆيئوغلۇمنى ئۆلتۈرمىش ئول ،
جەۋابىنى بەرگىل ، قايان شول ئوغۇل ؟ »
بۇ سۆزلەرگە نۇشىرۋان بولدى لال ،
خاجە ئۇرنىدىن تۇردىلار دەر مەھال .
دېدىلەركى : « يوق پادىشاھنىڭ ئىشى ،
ۋەلې ئول ئەرەب بىزگە ئېرمەس كىشى .
ئارامىزدا جەڭگۇ خۇسۇمەت تولا ،
ئېرۇر ئول ئەرەب ئەژدەھايى بەلا .
كى ئادەم قىلالماس ئانىڭ بىرلە جەڭ ،
كېتىپدۇر بۇ كۆنلەردە شەھرى فەرەڭ .
كېلۇر ياكى ئەرتە ۋە ياكى بۇ كۈن ،
تۇرۇڭلاركى كەلگۈنچە بىر ـ ئىككى كۈن . »
بۇ ئەسنا كىرىپ كەلدى ئول كەركەسى ،
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاتتى بۇ ناكەسى .
دېدى : « ھەمزەنىڭ لەشكەرى بەسىردە ،
ئەمىر ھەمزە يوق ، خالىي بۇ ئەسىردە . »
چىقىپ يۈردى ئىسكەندەرى ھەيكىلان
كېلىپ تۇردى مەيدانغە بۇ شول زەمان .
بۇ كافىرغە يۈزلەندى جەڭنىڭ ئىشى ،
شەھىد بولدى ئىلكىدە قىرق بەش كىشى .
خاجە لەندۇھۇرغە دېدى ئۇشبۇ رەڭ :
« ئەمىر كەلگۇچە قىلماسۇنلاركى جەڭ .
كى بىر نەچچە كۈن جەڭدە بولمىش خەتەر ،
بۇ جەڭدە تىرىكلىك ئىلكىدىن كېتەر . »
بۇلار دېدى : « تاپساق ئىدى بىر شەھەر ،
ۋەلې ئول شەھەر ئىچرە كىرسەك سەھەر . »
دېدى ئىبنى كەھرۇت : « شەھەر باردۇر ،
ئانى ئالماقى ئانچە دىشۋاردۇر .
ئاتام شاھدۇر ئول شەھەرگە ۋەلې ،
ۋەلېكىن ئۆزى ئەمما كافىر ھەلى .

ئاتام قاشىغە ئەۋۋەلا مەن باراي ،
كى ھىيلە قىلىپ ئۇل شەھەرنى ئالاي »
مەئەلقىسسە ، كەھرۇت بولدى رەۋان .
شەھەر ئالدىغە كەلدى بۇ شول زەمان .
دېدى : « كەلدىمۇ ھەمزەدىن مەن قاچىپ
كىرەي ، قوي بۇ دەرۋازەلەرنى ئاچىپ . »
ئاتاسى دېدى : « يالغان ئۇشبۇ سۆزۈڭ ،
بەھانە قىلۇرسەن كىرەرگە ئۆزۈڭ .
ئىچىپ ئانت لاتۇ مەناتدىن بۇ ئەر ،
كى دەرۋازەنى ئاچتۇرۇپ كىردىلەر .
بۇ لەشكەر كېلىپ لەندۇھۇر باشلىغىن ،
تەمام كىردى لەشكەر قېرى - ياشلىغىن .
مۇسۇلمان بولۇپ شەھر ئېلى خاسۇ ئام ،
كى بىر نەچچە كۈن مۇندا تۇتتى مەقام .

## فەسلى داستان ، كەرەب دىۋانە خۇرۇج قىلىپ ، تىلسىماتى تەۋسەنشاھنى ئۇشاتغانى ، بۇ تىلسىماتنىڭ مالىنى لەشكەرگە تەقسىم قىلغانى

ئىشتىكىل ، مەئەلقىسسەئى راۋىيان ،
كەرەبنىڭ سۆزىنى قىلاي مەن بەيان .
زەمانى ئانادىن تۇغۇلدى كەرەب ،
مۇڭا تەربىيەت قىلدى ھەقدىن تىلەپ .
ياشى ۋەقتى ئون يەتتەگە يەتتىلەر ،
سىپاھگەرچىلىكلەرنى ئۆرگەتتىلەر .
ئىشى ئېردى دائىم شىكار ئەيلەمەك ،
خەيالى يوق ئېردىكى مۇندىن بۆلەك .
بەناگاھ قىلۇر ئېردى بىر كۈن شىكار ،
كى ئاۋاز ئىشتىلدىكىم پۇر شەرار .
باباسى قاشىغە كىرىپ بۇ كەرەب ،
بۇ ئىشلارنى قىلدى ئاڭا بارچە گەپ .
باباسى دېدى : « ئۇلكى ھەيھاتىدۇر ،
بۇ غەۋغايى تەۋسەن مەقالاتىدۇر .
كىشى ئاندا بارسە يانالماس تېرىك ،
ئەگەر بولسە ئالدىدا يۈزمىڭ چېرىك .
ئېرۇر تىلسىماتىكى ئۇل پۇر خەتەر ،
بار ئېرمىشكى ئاندا ئۇلۇغ بىر شەھەر .
كى تۆرت يۈزچە ھەر كۆبرۈك ئۈستىدە زار ،
كى ھەر كۆبرۈك ئۈستىدە بىر زەڭگى بار ،
كى ھەر زەڭگىنىڭ مىڭ قولى باردۇر ،
كى ھەر قولدا بىر شەمشەرى باردۇر .
ئانىڭ بارچە دەرۋازەسىدۇر بۇ خىل ،
كى ھەر زەڭگىنىڭ ئالدىدا نەچچە فىل .
مۇنىڭ ئۇشبۇ دەرۋازەسىدە بۇ رەڭ ،
سىيماب مەۋج ئۇرادۇر ھەمە رەڭ بەرەڭ .
كى يەتتىنچى دەرۋازەسىدە ئىگىز ،
كى بىر سۇففە بار ، سۇففە ئۈستىدە قىز .
ھەمىشە بۇ قىز ئولتۇرادۇر قاراپ ،
قىيالە قولىدا ئىچەدۇر شەراب .
كى بۇ قەلئەنىڭ ئوتراسىدا يانا ،
كى بىر ئالىي گۇنبەز قىلىپدۇر بەنا .
بۇ گۇنبەزدىن ئۈستۈن تۇگۇرمەن باشى ،
ئانىڭ چۆرۈلەدۇر شامالدا تاشى .
ساچىلسە ئۇنى قارۇ يامغۇر سالۇر ،
بۇ قىز كۈلسە ئۇل دەم ھەۋا ئاچىلۇر .
يەنە باردۇ بىر يەردە تۆرت يۈزچە مىل ،
كى ھەر مىلنىڭ ئۈستىدە دىۋ نەچچە خىل . »
باباسى بۇ سۆزلەرنى قىلغان زەمان ،
كەرەب بولدىلار تىلسىماتغە رەۋان .
يەقىن كەلدى بۇ يەرگە بىر - بىر ماراپ ،
ئۇشۇل زەڭگى كۆردىكى مۇندىن قاراپ .
دېدى بىر سىپاھنى يىلدام بارىپ ،
گۇنەھكار كەلتۇر شەھەردىن ئالىپ .
ئۇشۇل دەم گۇنەھكار كەلگەن زەمان ،
بۇيۇردىكى زەڭگى قاشىغە رەۋان .
دېدى : « سەن بارىپ كەلگىل ، ئازاد ئېتەي ،
يەنە كۆپ سەرۇ پاي بېرىپ شاد ئېتەي .
بارىپ بۇ كىشى تاپمايىن چارەلەر ،
بۇ زەڭگى قىلىپ تاشلادى پارەلەر .
نەفىرلەر نەۋازىشغە كەلدى ھەمان ،
نەفىر ئاغزىدىن چىقتى ئوت شول زەمان .
تۇتۇلدى ھەۋا ئانچە ئوتلار چاقىپ ،
ياغىپ قارلار يۇردى يامغۇر ياغىپ .
كۈلۈپ ئېردى بۇ قىز ۋەلى تېزۇ تۇن ،
ئۇشۇل دەم ئاچىلدى ھەۋا ، چىقتى كۈن .
كېلىپ ئۇشبۇ رەڭ تىلسىماتلار كۆرەپ ،
يانىپ كەلدى بۇ ئەقلى بىرلەن كەرەب .

تەۋەججۇھ قىلىپ ياتمىش ئېردى كېچە ،
كى بولدى بشارەت تۇشىدە نېچە .
كېلىپ بىر كىشى باشىغە بىخەيال ،
دېدى : « بۇ تىلسىمات ئۇچۇن بولمەلال
ئەگەر خاھلاساڭ ئانى قىلماقنى يوق ،
دېدى ئەرتە بارغىل ئالىپ يانۇ ئوق .
كى بىر خانۇەرى كەلگۇسى شول زەمان ،
ئانىڭ بويىندا لەۋھى باردۇر نىشان .
كى ھەر ۋەقت ئۇچاي دەپكى ئاچسە قانات ،
ئانىڭ سىينەسىگە بۇ ئوق بىرلە ئات .
نە يەردە يىقىلسە ئۇ يەر ئۇزرە ئول ،
ئۇ يەردە چىقار بارغالى سىزگە يول . »
قوپۇپ ئەرتەسى ھەقغە ئەيلەپ سەنا ،
تىلسىمات قاشىغە بۇ كەلدى يانا .
بۇ يەڭلىغ قىلىپ بۇ تىلسىماتنى ،
ھەم ئۆلتۇردىلەر بارچەئى زاتىنى .
كۇشاد ئەيلەبان بارچەنى ئۇشبۇ خىل ،
نە زەڭگى نە شىرۇ نە جادۇ نە فىل .
مۇنى ئۇزگە جادۇ كۆرۇپ قاچتىلار ،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ گەنجنى ئاچتىلار .
يىگىرمە ئالتە مىڭ ساندۇقى ئۇشبۇ رەڭ ،
ئىچىدە سەلاھدۇر ھەمە رەڭ بەرەڭ .
كى ھەر ساندۇق ئىچرە سەلاھ پەھلەۋان ،
ئانى كىيسە لەشكەر بولۇر كامران .
نەفىرۇ جەۋاھىر ئىلە مۇنچە مال ،
ھېساب ئەتسە يەتمەيدۇر ئەيلەپ خەيال .
شەھەرگە ئالىپ كىردى بۇ مالنى ،
خەلايىق ئىشىتتى بۇ ئەھۋالنى .
يىگىرمە ئالتە مىڭ ئېردى خەلقى سىپاھ ،
بۆلەك كىيدۇرۇپ ھەر بىرىگە سەلاھ ،
نەفىر ھەر بىرىگە بىرىنى بىرىپ ،
شىكار ئۇزرە چىقتى بۆلارنى ئالىپ .

## فەسلى داستان جۇنەيد ئادى ئىسكەندەر بىلە لەشكەرى ئىسلامنىڭ ئۇزەمىسگە بارغانى ۋە ئىبتىننى مەككەگە ئىبەرگەنى ، ئۇمەر مەئدى مەككەگە بارىپ ، ئىبتىننىڭ باشىنى كېسىپ كەلگەنى

يەنە بولدى ئۇشبۇ ھىكايەت بۆلەك ،
ئوقۇپ پەسلى مۇندىن ئىشتمەك كېرەك .
بەناگاھ بۇ ئىسكەندەر ئوغلى بۇ رەڭ ،
كېلىپ قىلمىش ئېردى بۆلار بىرلە جەڭ .
بۇ سەگكە ئەمىر يەرمەدىلەر ئەمان ،
سويۇپ تىقتىلار تېرەسىگە سامان .
كى ماتەم تۇتۇپ يىغلادى ئانچۇنان ،
ھەرامزادە بەختەك بىلەن شول زەمان .
بۆلار كەلدى سىمراق غول قاشىغە ،
قىلىپ نالە ، تۇفراق ساچىپ باشىغە .
كىرىپ تۇردى بۇتخانەسىگە بۆلار ،
قىلىپ بۇتغە سەجدە ، ئاقىزىپ سۆلار .
كى يىغلاپ قويۇپ يۈزنى تۇفراقىغە ،
ۋەزىرى ئايىتتىكى سىمراقىغە .
كېلىپ بەختەك ئاتلىغ كىشى بىنەزىر ،
ئىمىشلەركى نۇشىرۋانغە ۋەزىر .
يەنە بىللە ئىسكەندەرى ھەيكەلان ،
كېلىپدۇركى سىزدىن تىلەرگە ئەمان .
ۋەلېكىن تولا ئافەرىيادى بار ،
ئانىڭ ھەر بىرىنىڭ بۆلەك دادى بار .
كىرىپ كەلدى سىمراق قاشىغا بۆلار ،
ئۇرۇپ ھەيكەل ئىسكەندەرى ئاھلار .
دېدى يىغلابان : « ئەي شەھى با تەلەب ،
كى پەيدا بولۇپ ھەمزە ئاتلىغ ئەرەب .
قىلىپ ئول ۋىلايەتلەرنى ھەق پەرەست ،
تەمام بۇت پەرەستلەرگە بەردى شىكەست .
كى ئوغلۇم بىلەن مەن ئىبەرسەم چەرىك ،
ھەنۇز قويغانى يوق بىرىنى تىرىك .
جۇنەيد ئادى ئاسمىغە بەرمەي ئەمان ،
تىقىپدۇر ئاسىپ تېرەسىگە سامان .
كى ھۇكمۇڭ نە بولغاي ئىكەن بىزگە ھەم ،
جەنابىڭغە كەلدۇك ئالىپ دەردۇ غەم . »
بۇ سۆزلەرگە سىمراق دېدى : « ئول ئەرەب ،
ۋەھالاكى قىلدىم ئاڭا مەن غەزەب .
تاموغقە گىرىفتار قىلدىم ئانى ،
كى بەندەم ئارا خار قىلدىم ئانى .
بارىپ ئىبتىن نىستى نابۇد قىلىپ ،
كى باغلاپ ئانى مۇندا كەلسۇن ئالىپ . »
كى بەختەك بۇ ئىسكەندەرى ئىبتىن ،
كى جۇنەيدى ئىبنى ئادى لەئىن .

هەرامزادە بەختەك دېدى شول زەمان :
« قىلاي بىر كەڭەش سىزگە ئەي پەھلەۋان .
ئىكەۋلەن ئەمىر قاشىغە بارساڭىز ،
يەنە ئىبنىن مەككەگە بارسۇ تېز .
ئەگەر قىلسالار جەڭنى ئىككى تەرەف ،
ئارادا سەراسىمە بولغاي ئەرەب . »
بۇ سۆزلەر بىلەن ئىبنى شول زەمان ،
بۇ سەگ مەككەتۇللاھغە بولدى رەۋان .
جۇنەيد ھەم ئەمىر قاشىغە قويدى يۈز ،
خاجە ئۇمرى خەبەر ئالدى مۇندىن تۆكۈز ،
رەۋان بولدى مۇندىن خەبەرنى ئالىپ ،
دېدىكىم بۇ يەڭلىغ ئەمىرگە كېلىپ :
« چېرىك بىرلە قىرق مىڭ قېرى ـ ياش بولۇپ ،
كىتىپ ئىبنى مەككەگە باش بولۇپ .
كى ۋەيران ئېتەر مەككەنى ، يا ئەمىر ،
كى بارغاي ئىدى پەھلەۋان بولسە بىر .»
ئەمىر دېدىلەر : « مەن ئۆزۈم بارغۇدەك ،
كى مۇندىن جۇنەيد ئادى ھەم كەلگۇدەك .»
ئۇمەر مەئد ئول دەم بولۇپ كامران ،
خاجە ئۇمرى بىلەن بولدى يولغە رەۋان .
كېلىپ ئىبنى بىرلە جەڭ قىلدىلار ،
ئۇمەر مەئدەنى تۇتتى بۇ ئادىلار .
بىر پەھلەۋان مالىك ئەژدەر ئىدى ،
كېلىپ ئىبنىندىن بۇ زەخمى يېدى .
بۇلارنى تۇتۇپ ، بەند ئېتىپ شول زەمان ،
كى سىمراق قاشىغە ئىبەردى رەۋان .
خاجە ئۇمرى يۈرۈپ بۇ كېچە يەتتىلەر ،
ئۇمەر مەئدەنى ھەم خەلاس ئەتتىلەر .
بۇ كۈن كېچەدە ئىبنىنى باسىپ ،
كى ئۆلتۈردى ئول دەم باشىنى كېسىپ .
خاجە ئۇمرى ئۇشۇل دەم دېدى : « ئەي كەرەب ،
دېگىل ئىبنىنىنىڭ ئۆلۈكىن كۆرەپ .
مەن ئۆلتۈردۈم ئانى دېگىل ، سورسە كىم ،
كى سەندىن بۆلەك بىلمەسۇن ھېچكىم ،
ۋەلېكىن سېنىڭ بولسۇن ئاتىڭدا بۇ ،
كىشىگە ئايتما ، ساڭا سۆز شۇبۇ . »
ئۇمەر مەئد ئاتلاندىلار شول زەمان ،
ئەمىر قاشىغە كەلدى مۇندىن رەۋان .
بۇلار ئىبنىنىڭ باشىنى ئېلىپ ،
ئەمىرنىڭكى ئالدىدا قويدى كېلىپ .

ئەمىر سوردى : « بۇ باشنى كىم كەستى ؟» دەپ ،
خاجە ئۇمرى دېدى : « كەستى مەئدى كەرەب .
ئەمىر دېدىلەر : « بۇ ئەجايىب سوبۇ ،
ئۇشۇل ئىبنىنىنىڭ باشىن كەسسە بۇ .
كى ئېرمەس ئەجەب ، قۇدرەتى ھەق ئېرۈر ،
ئەجەل يەتسە فىلنى پەشە ئۆلتۈرۈر . »
ئۇشۇل دەم قاچىپ ئىبنى لەشكەرى ،
مۇنىڭ بەئزىسى كەلدى مەغرىب سارى .
ۋەلې بەئزىسى قۇم ساچىپ باشىغە .
چىقىپ كەلدى نۇشىرۋان قاشىغە .
كى سۆز سوردى نۇشىرۋان خەلقىدىن ،
كىم ئىلكىدە ئۆلدى ئۇشۇل ئىبنى ؟ »
بۇ خەلقى دېدى : « ئىبنى جەڭ قىلىپ ،
ئەرەبلەرنى ئۆلتۈردىلەر تەڭ قىلىپ .
ئۇمەر مەئدەنى باغلاپ ئېردى تىرىك ،
يەنە مالىك ئەژدەرنى تۇتغان چېرىك .
خاجە ئۇمرى كىيىنىپ باشىغە بىر فەلاس ،
ئۇمەر مەئدەنى ئەيلەدى ئول خەلاس .
كېسىپ ئىبنى باشىنى شول كېچە ،
كى بىزگە بۇ ئىشلارنى قىلغان خاجە . »
ئۇشۇل دەم بۇ سۆز بىرلە نۇشىرۋان ،
ئىبەردى پىتىپ خەت ئەمىرگە رەۋان .
ئەمىرگە تۇتۇپ بەردى خەتنى كېلىپ ،
ئوقۇپ باقتى ئول دەم بۇ خەتنى ئېلىپ .
پىتىپ ئول بۇ خەتنى دېمىش : « ئەي ئەرەب ،
بۇ رەڭ قىلماس ئېردىڭكى ، قىلدىڭ نە دەپ .
بۇ رەڭ ئىشنى سەن قىلماس ئېردىڭ مۇدام ،
بۇ نامەردلىكنى قىلىپسەن تەمام .
باقىپ قۇرئە تۆرت يۈز مۇنەججىم ساڭا ،
خەبەر قىلمىش ئېردى بۇ يەڭلىغ ماڭا :
ئۇشۇل ھەمزەنى ئىبنى ئۆلتۈرۈر ،
ئانىڭ ئۆلمەكى ئىبنىندە ئېرۈر .
نېچۈككىم بۇ سۆزنى خاجە ئۇمرىغە دەپ ،
ئۇغۇرلۇق ئىبەرتىپ ئانى ، ئەي ئەرەب .
جەھاندا بۇ نامەردلىكلەرنىكىم ،
بۇ يەڭلىغ يەنە قىلماغاي ھېچكىم »
ئوقۇپ خەتنى مەئدى كەرەپكە ھازىر ،
كى سۆز سوردى ئالدىغە تاشلاپ ئەمىر .
ئۇمەر مەئدى سۆز راستىغە قويتىلار ،
كى ئۈچ قامچە بۇ خاجەنى سوقتىلار .

خاجە ئۇمرى چىقىپ لەشكەرىدىن يىراق ،
كى ئۆلتۇردى بىر يەردە ، كەستى تاپاق .
سەمەندەر ياغى ئىچرە مەشئەل تىقىپ ،
كى ئوت ياقتى ياغقە ئىگىزگە چىقىپ .
ئەمىرنىڭ دىماغىغە يەتتى بۇيى ،
يىقىلدى ئەمىر بىھۇش ئەيلەپ دۇدى .
خاجە ئۇمرى ئەمىرنى ئالىپ غارىغە ،
كىلىپ سوقغايۇ باقمايىن زارىغە .
بۇ ئەسنا كىلىپ خىزرى پەيغەمبەرى ،
تاياقنى ئالىپ ، دىدىلەر : « ئۆت نىرى !»
بۇلارنى ياراشتۇردى تالىب بولۇپ ،
يەنە كەتتىلەر خىزرى غايىب بولۇپ .
ئەمىر بارگاھىدا تاپتى قەرار ،
بولۇپ ئىبتىن لەشكەرى خارۇ زار .
كى تۇ ساچىپ ، مۇشتلاشىپ باشىغە ،
چىقىپ كەلدى ئىسكەندەرى قاشىغە .
قىلىپ ئىبتىن ئۆلگەنىنى خەبەر ،
رەۋان بولدى سىمراق قاشىغە بۇلەر .
ئىشىتتىكى سىمراق مۇنىڭ ئۆلگەنىن ،
يەنە بۇيرۇدى : « چۆپنى ئالغىل ھەمىن . »
دىدى : « ئالماساڭ ئەۋۋەلا جەڭ قىلىپ ،

ماڭا كەلسۇ ئول كۈن خەبەرنى ئىلىپ .
بولۇپ ئالى ئىسكەندەر ئول دەم رەۋان ،
كى مەغرىبغە يەتتى بولۇپ كامران .
چىقىپ ئالدىغە شاھى مەئرۇف بۇ ھال ،
تەۋازىئ بىلەن سوردى بۇ ھەسبى ھال .
مۇڭا بەرمەي ئىسكەندەر ئەسلى جەۋاب ،
دىدىكىم بۇ يەڭلىغ يۈزىگە قاراپ :
« قىلىپ مۇندا نەچچەند گۇناھلارنى سەن ،
ئىشىتتىم سىنىڭ كۆپ گۇناھىڭنى مەن .
بىرىپ ھەق پەرەستلەرگە قىز بىرگىنە ،
ئۆزۈڭ ھەق پەرەست ھەم بولۇپسەن يەنە .
ئۇچۇنچى ، تىلىسماتى تەۋسەننى ھەم ،
ئالىپسەن تاپىپ گەنجىنى ئاندا ھەم ،
ماڭا بەرمەي ئول گەنجىدىن زەررە مال ،
چىقىپسەنكى ئالدىمغە ، ئەي بەد خەيال ! »
قىلىپ ، داغى مەئرۇف شاھ ئۇزر ئول ،
بۇ سۆزلەرنى ئىسكەندەر ئەتمەي قەبۇل .
كى تابۇتغە بەند قىلدۇرۇپ شول زەمان ،
ئالىپ يۈردى بىر قىلغە يۈكلەپ رەۋان .
يۈرۈپ كىچە كۈندۈز ۋەلى تىزۇ تۇن ،
بارۇر ئىردى مۇنداغ بولۇپ يەتتە كۈن .

**فەسلى داستان ، كەرەب دىۋانە ئىسكەندەرنىڭ ئارقەسىدىن يىتىپ ، شەبخۇن كەلتۇرگەنى ، ئوتتۇز يەتتە ئادىنى ئۆلتۇرۇپ ، تەمام لەشكەرىگە شىكەست بىرىپ ، مەئرۇف بىلە سەئدى نەبىرەنى ئاجراتىپ ئالغانى**

ھىكايەت ئىشىتمەك كەرەب شاھدىن ،
يانىپ تۇشتى ئول دەم شىكارگاھدىن .
ھەرەملەرگە تۇشتى يۈكەلگەن زەمان ،
يىغى زار قىلمىش ئاناسى رەۋان .
دىدى : « ئەي ئانا ، بۇ نىچۈك يىغلاشىڭ ،
نە ئىشقە ئاقادۇر بۇ يەڭلىغ ياشىڭ ؟ »
ئاناسى دىدى : « ئەي شەھى گۇل چەمەن ،
ئىدىڭكىم ئۇمەر مەئدەنىڭ ئوغلى سەن ،
بوباڭ ئىردى بۇ شاھ مەئرۇف سىنىڭ ،
كوكۇلداشى ئىردى ئاتاڭ ھەمزەنىڭ .
كىلىپ ھەيكەل ئىسكەندەرى تىزۇ تۇن ،
بوباڭنى تۇتۇپ كەتتى بەش ـ ئالتە كۈن .
كى ھەمزە نەبىرەسى بىرلە ئالىپ ،
كىتىپدۇر ئۇلارنى تابۇتغە سالىپ . »
كەرەب ئۇشبۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان ،

كى يۈز مىڭ چىرىك جەمئ ئىتىپ شول زەمان .
يىگىرمە ئالتە مىڭ چوڭ بەھادۇر سىپاھ ،
ئاڭا كىيدۇرۇپ كۆك تۆمۈردىن سەلاھ .
بىرىپ ھەر نەفەر ھەر بىرىگە بۆلەك ،
كى لەشكەر يىغىپ ئول زەمان ئىككى لەك .
كى دەريايى مەغرىبكە يەتتى ھەمە ،
كىچىك بىرلە ئۆتتى ، يوق ئىردى كىمە .
تۇشۇپدۇر كى ئىسكەندەر ئاتەش سويان ،
كىرىپ كۆردى دەريايى ئاتەش يامان .
بۇ دەريايى خۇنخۇرغە كىردى چەرىك ،
ئۆلۈپ بەئزىسى ، بەئزى قالدى تىرىك .
بۇلار ئالدى ئىسكەندەرىدىن خەبەر ،
كىلىپ بۇ كىچە شەبخۇن ئۇردى بۇ ئەر .
بۇ شەبخۇندا ئۆلتۇردى كاخ ئادىنى ،
ھۇسام ئادى بىرلە گۇرۇخ ئادىنى .

ئۇچۇنچى كېچە تەھمەتەن ئۆلدى دەك ،
بەشىنچى كېچە ئۆلدى ئادى نەھەك .
كى ئالتىنچىسى ئۆلدىيۇ قەھقەۋىل ،
يەنە قەھرەمان ئادى ئۆلدى بۇ خىل .
بۇ يەگىلىغ شەبىخۇن ئۇرۇپ قىرق كېچە ،
كى ئۆلتۇردى ئادىنى بەش يۈز نېچە .
كېلىپ ئاجراتىپ ئالدى تابۇتىنى ،
خەلاس ئەيلەبان شاھى مەئرۇفنى .
كۆرەشتى بۇلار بىرلە شاھى كەرەب ،
كى يۇردى ئۇشۇل كۇن مەدايىن تەرەف .
قالىپ ئېردى ئۇچ كۇنچەلىك بۇ شەھەر ،
خاجە ئۇمرى ئىشىتتى بۇلاردىن خەبەر .
تانۇشتى خاجە ئۇمرى بىلەن ئۇشبۇ هال ،
كەرەب شاھى ئالتۇن بىلەن تۇتتى مال .
بۇلار قىلغانىن قىلدى بىر - بىر خەبەر ،
ئەمىرنىڭ قاشىغە كېلىپ ئۇشبۇ ئەر .
دېدى : « ئۇل يىگىت ئالدىغە ، ئەي ئەرەب ،
كى ئىنزاز ئېتىپ چىققاسەن بىتەئەب . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « سىز تۇرۇڭ ، مەن باراي ،
ئەمىرنى ئالىپ ئالدىڭىزگە چىقاي . »
ئەمىرنى خاجە ئۇمرى قىلىپ ئىنتىزار ،
بەھانە قىلىپ چىقتى ، ئەيلەپ شىكار .
بۇ ئەسنا يېتىپ كەلدى شاھى كەرەب ،
ئەمىر ھەم كۆرەشتى فىيادە ، كۆرەپ .
كىرىپ بۇسە ئەيلەپ رىكابىلارىن .
سوراپ هالۇ ئەھۋاللارىن ئەۋۋەلىن .
تۇشۇپ بارگاھىغە تاپتى ئەمان ،
بۇلار تۇزدى مەجلىس ، بولۇپ شادىمان .
بۇ ئىسكەندەرى لەشكەرىنى ئالىپ ،
ئۆتۇپ دەريادىن كېمەلەرنى سالىپ .
كى يىغلاپ بۇ ئۆلگەن ئۆلۈك باشىغە ،
چىقىپ كەلدى نۇشىرۋان قاشىغە .
هىكايەت ئىشىتمەك كېرەك بىر نېچە ،
كى جەڭ بولمادى مۇندا قىرق كۇنغىچە .
ئەمىر ئۇل زەمانى پىتىپ نامەنى ،
ئىبەردى كەرەبدىن بۇ ھەڭگامەنى .
كەرەب نامەنى قىستۇرۇپ باشىغە ،
ئالىپ كەلدى ئىسكەندەرى قاشىغە .
ھەرامزادە بەختەك ئانى ئالىيان ،
تۇتۇپ بەردى ئىسكەندەرىگە رەۋان ،
قىلىپ نامەنى ئۇشبۇ يەگىلىغ ئەدا ،
پىتىپدۇر : « سەنائى بەنامى خۇدا . »
دېمىش يەئنى : « ئىسكەندەرى ، سۆز ساڭا ،
ئىشەنمە ئۇلۇغ ئادىلارغە يانا .
بۇ نامەمنى سەن ھەم ئىشىتكەن زەمان ،
قەبۇل قىل سۆزۈمنى ، تاپۇرسەن ئەمان . »
كەرەب قوپتى ئۇل دەم غەزەبدىن بۇ رەڭ ،
بۇ ئەسنا بىروق بولدى بىر سەختى جەڭ .
چىقىپ جەڭ بىلەن قەلئەنىڭ تاشىغە ،
كەرەب كەلدى ئۇل دەم ئەمىر قاشىغە .
قىلىپ تاڭلاسى سەفنى ئاراستە ،
تىكىپ تۇغ - ئەلەم سەفنى كەم كاستە .
جۇنەيد ئادى مەيدانغە كەلگەن زەمان ،
دېدى : « ئەي ئەگەر بولسە ، كەلسۇن رەۋان .
كەرەب بولدى ئۇل دەم تەقابۇل ئاڭا ،
كى ئۇچ ھەربە سالدىيۇ ئادى مۇڭا .
كى چۆپ دەستەسىنە ئالىپ شىرى مەرد ،
ئۇرۇپ قىلدى ئادىنى ئۇل گەردۇ گەرد .
يانىپ تۇشتى بۇ ئىككى لەشكەر رەۋان ،
كى ئىسكەندەر ئايدى بۇ ئۆلگەن زەمان :
كى سىمراقنىڭ ھۇكمى ئېردى بۇ رەڭ .
ساڭا بولماسا فەتھى ئەۋۋەلقى جەڭ .
يامان بولسە ئۇل ھەمزەنىڭكى ئىشى ،
ئىبەرگىل ماڭا دەپ ئىدى بىر كىشى .
بىر ئادەم ئىبەردى ئاڭا تىزۇ تۇن ،
كى جەڭ بولمادى مۇندا بىر نەچچە كۇن .
چىقىپ بىر كۇنى شادىيانە ئۇنى ،
خاجە ئۇمرى دېدى ئاڭلايىن مەن مۇنى .
بارىب ئېردى بەختەك بۇ يەردىن كېتىپ ،
خاجە ئۇمرى مۇنىڭ ئارقەسىدىن يېتىپ .
بۇلار كىردى بىر بارگاھىغە بۇ ،
تۇشۇپ ئېردى سىمراق ئېردى شۇبۇ .
خاجە ئۇمرى تۇرار ئېردى ئانى ماراپ ،
بۇ سىمراق كۆردى يىراقدىن قاراپ :
كۆرۈڭ ، ئۇل كەيۇد جامە كىيگەن كىشى ،
خاجە ئۇمرى ئېرۇر بۇ ئانىڭ قىلمىشى . »
خاجە ئۇمرى بۇ ئىشغە بولۇپ ئەقلى لال ،
قوپۇپ كەتتى مۇندىن قوپۇپ دەر مەھال ،
ياساپ يەتمىش ئىككى قىلىپ سۇرەتىن ،
بولۇپ كەلدى ، ھەم تانۇدى بۇ لەئىن .

خاجە ئۇمرى ئەمىرغە دېدى : « مۇنداغ ئۇل »
ئەمىر قىلمادىلار بۇ سۆزنى قەبۇل .
خاجە ئۇمرى قىلىپ سۇبھى ۋەقتىدە فەند ،
يىراقدىن تۇرۇپ تاشلادىلار كەمەند .
بۇ سەگىنىڭ كەمەند بولدى بەند باشىغە ،
ئالىپ كەلدى ئۇل دەم ئەمىر قاشىغە .
ئەمىر كۆردىيۇ قىرق گەز ئالتۇن قىزىل ،
ئۆزى بىرلە سۇرەت تۇزۇپدۇر بۇ خىل .
بۇ سۇرەتدىن ئاۋاز چىقتى ھەمان ،
دېدى : « ئەي ئەرەب ، سەن بارۇرسەن قايان ؟
بۇ دەۋلەتنى ھەم بەرمىش ئېردىم ساڭا ،
نەدىن قىلماغۇڭدۇر ئىنائەت ماڭا ؟ »
ئەمىر دېدىلەركىم : « بۇ سۇرەتنى ئال ،
قىلىپ پارە ـ پارە ، مۇنى ئوتغە سال . »
بۇ سۇرەتنىكىم ئوتغە سالغان زەمان ،
ئىچىدىن مۇنىڭ چىقتى بىر دىۋ رەۋان .
بۇ دىۋنىڭكى بار بويىندا بىر تۇمار ،
مۇنى ئالدى ئۇل دەم تۇتۇپ زۇلخۇمار .
ئەمىرگە بۇ دىۋ يىغلادى يالبارىپ ،
دېدىكىم : « تۇمارىمنى بەرگىل ئالىپ .
ماڭا بولدى مىڭ يىلۇ بۇ بەند ئىشىم ،
تۇمارسىز مېنىڭ ئاغرىمىشدۇر باشىم .
كى ئەمدى مۇسۇلمان ئولدۇم نېتەي ،
تۇمارىمنى بەر ، بىر تەرەفكە كېتەي . »
ئەمىر بۇ تۇمارنى بەرمىش ئىدى ،
تۇمارنى ئالىپ دىۋ بۇ يەگلىغ دېدى :
« مېنىڭكى ئىشىم ۋاژگۇنە ئېرۇر ،
ساڭا ئەمدى مەندىن يامانلىق كېلۇر . »
بۇ ئەسنادا ئىسكەندەر ھەيكەل كېلىپ ،
بۇ سىمراقنى كەتتى ئۇل دەم ئېلىپ .
بۇ ئىشلارغە ئالجۇپ بولۇپ قەھرىناك ،
كى مەيدانغە كىردى قىلىپ سىنە چاك .
تەقابۇل بولۇپ لەندۇھۇر ئۇشبۇ دەم ،
ئۇرۇپ لەندۇھۇرنى بېرىپ زەخم ھەم .
ئۇرۇپ مالىك ئەژدەرغە بۇ زەخمىنى ،
ئەمىر كىردىلەر سەككىزىنچى كۈنى .
بەرابەر بولۇپ قىلدىلار ئانچە جەڭ ،
بۇ سەگ ئويناتىپ ئاتىنى رەڭ بەرەڭ .
بۇ ئايىنەسىنى ئاچىپ ئېردى بىر ،
كۆرۇپ بولدى ئاغرىق بۇ ئەسنا ئەمىر .

يانىپ تۇشتىلەر ئىككى لەشكەر ھەمە ،
سىھەت تاپتى ئاندىن ئەمىر بىر نېمە .
يەنە تاگلاسى قىلدىلار سەف ياسال ،
خاجە ئۇمرى ئەمىرگە دېدى ئۇشبۇ ھال :
« ئەگەر ئاچسە ئايىنەسىنى بۇ خىل ،
يۇزۇگنى ئۇ يان تۇتمە ، ئارقاگنى قىل .
چىقاي دېبسە ئۇل ئاسمانغە بۇ ھال ،
كى دەرھال پۇتىندىن تۇتۇپ يەرگە چال .
ئەگەر قىلماساڭ ئانى سەن ئۇشبۇ ھال ،
ئانىڭ تۇشمەكى قولغە بولغاي مەھال .
ئەمىر ئۇشبۇ يەگلىغ قىلىپ تۇتتىلەر ،
ئۇشۇل دەم مۇسۇلمان بولدى بۇ ئەر .
كى بىر نەچچە كۈن بولمادى ئەسلى جەڭ ،
چالىپ كۇفر ئېلى بىر كۈنى تەبلى جەڭ .
كېلىپ تۇشتى ئۈچ مىڭ كىشى شول زەمان ،
خەبەرگە خاجە ئۇمرى يۇگۇردى رەۋان .
تاپىپ بىر كىشىنى دېدى : « ھاي ئاكاھ ،
بۇ كىملەر ئېرۇر ئۇشبۇ كەلگەن سىپاھ ؟ »
بۇ ئادەم دېدىكىم : « ئۇشۇل تاغ تەرەف ،
شەھەر باردۇرۇر شەھرى ئەنفاس دەپ .
ئاڭا يەئنى داۋۇد ئەنفاس شاھ ،
ئانىڭدۇر تەمامى بۇ كەلگەن سىپاھ .
ھۇقۇت ئىبنى داۋۇد ئوغلى ئانىڭ ،
كى ئاڭلاپ ئەلالاسىنى ھەمزەنىڭ .
ئوتۇنلار يىغىپ ، ئىككى كۈن ئوت سالىپ ،
كىرەرمىشكى ئوتغە ئەرەبنى ئالىپ .
دېمىش قايسىمىز باتىل ئولسە دىنى ،
چىقالماس تىرىك ، كۆيدۇرۇر ئوت ئانى . »
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خاجە ئۇمرى رەۋان ،
كېلىپ قىلدى سۆزنى ئەمىرگە بەيان .
ئەمىر دېدى : « ئۇل كافەرى بەد نىژاد ،
كۆيەر ئوتدا بۇتغە قىلىپ ئىئتىقاد .
مەن ئوتغە كىرەرمەن قويۇپ ھەقغە باش ،
بۇ كافەر ئەگەر قىلسە ئانداغ نە كاش . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئۇل لەئىن خاردۇر ،
ئانىڭ زاھىرەن بىر ئىشى باردۇر . »
ئەمىر دېدىلەر ھەر نېچۇك بولسە ئىش ،
بۇ ئوتغە كىرىپ ، قىلماغۇمدۇر قاچىش . »
بۇ سۆزدە ئىدى ، كەلدى ئىككى پەرى ،
تۇتۇپ بەردى نامە ئەمىرغە بىرى .

پېتىپدۇر ئۇشۇل نامە مەزمۇنى بۇ ،
دېمىشكىم : « ساڭا ، ئەي ئەرەب ، سۆز شۇبۇ :
سەن ئايتۇرسە ھەقدۇر مېنىڭكى دىنىم ،
مەن ئايتۇرمە ھەقدۇر مېنىڭكى دىنىم .
بۇ سۆزلەر بىلەن بولدى نەچچەند مەھەل ،
تۈگەنمەس ئۇرۇش ، ئۇشبۇ جەڭگو جەدەل .
بۇ كۈن بۇ ئوتۇننى قىلالىلىك ئىگىز ،
كىرەلىك ئاڭا ئوت ياقىپ سىزۇ بىز .
ئەگەر قايسىمىز ئوتدا كۆيسەك شۇنى ،
دېسۇنلەركى باتىل ئانىڭكى دىنى . »
ئەمىر دېدىلەر : « ھەرنە قىلساڭ ئۇناي »
بۇ لەشكەر ئوتۇن يىغدى مۇندا بىر ئاي .
تەمامى يىغىلدى كېلىپ ئەر ـ خاتۇن ،
مۇڭا ياقتى ئوت ، ھەفتە كۆيدى ئوتۇن .
كىرەر بولدى ئوتغە بۇلار تاڭلەسى ،
يانىشتى بۇ يەرگە يېتىپ ۋەئدەسى .
خاجە ئۇمرى بولۇپ سۇرەتىدە مۇنىڭ ،
كىرىپ تۇردى قاشىدا داۋۇدنىڭ .
كۆرۈپ دېدى داۋۇد مۇنداغ داغى :
« ئالىپ كەلگىل ئەمدى سەمەندەر ياغى .
ماڭا سۇرتكىل ئەرتە ، كىرەي ئوتغە مەن ،
ۋەلې چىقسۇ ئوتدىن سەلامەت بۇ تەن . »
خاجە ئۇمرى ئالىپ شىشەنى دەرمەھال ،
ئەمىر قاشىغە كەلدىلەر ئۇشبۇ ھال .
دېدى: « يا ئەمىر ، ئۇلغۇ مەككار ئىكەن ،
ئانىڭدا سەمەندەر ياغى بار ئىكەن .
ئالىپ كەلدىم ئانى ساڭا سۇرتەيىن ، »
قەبۇل قىلمادىلار ئەمىرى زەمىن .
دېدى : « ھەق تەئالاغە قويدۇم باشىم ،
نە قىلسە قىلادۇر ، ئۇلۇغدۇر رەھىم .
خەلىلنى خۇداۋەندە دوستان قىلىپ ،
ئاڭا نەمرۇد ئوتىنى بوستان قىلىپ .
بولۇپ كۆيدى ئانداغكى ، ئوت رەڭگى ئاق ،
ۋەيا ئىسسىغ ئېرمەس ۋەياكى سوغاق .
خەلىلغە كۆرەندى بۇ ئوت شەكلى گۈل ،
فەراغەت بىلە بولمادىلار مەلۇل .
خۇدا خاھلاسە ئوتىنى گۈلشەن ئېتەر ،
گۈلىستاننى قىلسە قىلۇر پۇر خەتەر .
خۇدادۇركى يوقلارنى بار ئەتكۈچى ،
زىمىستاننى فەسلى بەھار ئەتكۈچى . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ بۇ ئەمىرى جەھان ،
تەۋەككۈل قىلىپ تۇردىلار بىگۇمان .
خاجە ئۇمرى مۇنىڭ شىشەسىنى ئاچىپ ،
سەمەندەر ياغىنى بۇ يەرگە ساچىپ .
ئانىڭ ئورنىغە نەفت ياغى ئالىپ ،
ئۇشۇل دەم بۇ داۋۇد قاشىغە كېلىپ .
ئالىپ سۇرتىبان ياغنى ئانچۇنان ،
قوپۇپ چىقتى ئوتغە كىرەرگە رەۋان .
بۇ ئوت ئىككى لەشكەرنىڭ ئوتراسىدا ،
كېلىپ تۇردىلار سەفنىڭ ئوتراسىدا .
ئەمىر بىرلە داۋۇد تۇتۇپ قوللارىن ،
تۇتۇپ ئوتغە قول بىر ـ بىرىدە ھەمىن .
يېتىپ ئوتنىڭ ئوتراسىغە ئۇشبۇ ھال ،
بۇ كافەرمۇ ھەم كۆيمەدى ، بۇ نە ھال :
ئەمىر دېدى : « ھەق ، بۇ نە ھىكمەت ئىكەن ،
بۇ كافەرنىڭ ئوت ئىچرە كۆيمەسلىكىن ؟ »
ئۇشۇل دەمدە غايىبدىن ئولدى نىدا ،
دېدى : « قىل قولۇڭنى قولىدىن جۇدا .
مۇلاھىز قىلىپ قۇدرەتىمنى ئۆزۈك ،
مۇنىڭ ئوتدا كۆيگەننى كۆرسۇن كۆزۈك . »
ئەمىر ئۇشبۇ كافەرنى قويغان زەمان ،
ئوت ئالدى بۇ كافەرغە گويا بۇران .
دەپ ئەللاھۇ ئەكبەر ئەمىر چىقتىلار ،
بىرۇق يىغلاشىپ قالدى بۇ كۇفرلار .
چالىپ تاڭلاسى كۇفر ئېلى تەبلى جەڭ ،
چىقىپ تۇردى ئۇشبەگزەرى ئۇشبۇ رەڭ .
كى جەڭ قىلدى بىسيار ئۇشبۇ فەلىد ،
بولۇپ نەچچە مۇئمىن قولىدا شەھىد .
كىرىپ تاڭلاسى جەڭ قىلىپ دەم بەدەم ،
بۇ ئىسكەندەر ھەيكەلنى قىلدى قەلەم .
ئۆلۈپ كۇفر ئېلى لەشكەرى ئانچۇنان ،
بۇ يەردىن قاچىپ كەتتى نۇشىرۋان .
ئەمىر ھەم يانىپ تۈشتىلەر قوغلاماي ،
يەنە ئۆتتى ئىشرەت بىلەن ئىككى ئاي .

## فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر نۇشىرۋاننىڭ ئارقەسىدىن ئىسفەھانغە بارغانلارى ، خاجە ئۇمرى ھىندۇ يەزدىگەردنىڭ كەشدەسىنى ئىزدەپ بارىپ ، سالۇك بىلە جەڭ قىلغانى

قىلۇر راۋىلار ئۇشبۇ سۆزنى بەيان .
شۇ قاچقانلارىچە بۇ نۇشىرۋان .
يۈرۈپ ئىسفەھانغە يېتىشتى بۇلەر ،
گىۋى ئىسفەھانىغە بولدى خەبەر ،
چىقىپ ئالدىغە پىشباز ئۇل زەمان ،
ئالىپ كىردى شەھرىگە شەھنى رەۋان .
دېيىشتى بۇلار ھالۇ ئەھۋالىنى ،
بەيان قىلدى نۇشىرۋان ھالىنى .
دېدى : « ئۇل ئەرەب نەچچە يىلدۇر ياغى ،
بەلادۇر يامانراق خاجە ئۇمرى داغى .
قىلىپ سۇرەتىنى يەنە ھەرنە رەڭ ،
ئاڭا ئاتسە تەگمەيدۇ ئوق ، قىلسە جەڭ
خاجە ئۇمرى دېگەن بارچەسىدىن يامان . »
مۇنى ئىسفەھان شاھغە قىلدى بەيان .
دېدى ئىسفەھان شاھ : « ئۇ قانچە كىشى ؟
ۋەلې سەھلىدۇر بىر كىشىنىڭ ئىشى . »
مۇنىڭكى بار ئېردىكى ئەييارى بىر ،
ئاتى ئېردى گۇلباد ، ئۆزى بىنەزىر .
ئانى چىرلاتىپ ئىسفەھان شا ھەمان ،
دېدى : « سەن قاراب باق ، خاجە ئۇمرى قايان .
تۇتۇپ كەل ئانى مەن تىرىك بىر كۆرەي ،
ئانى مەن ئاسىپ دارغە ئۆلتۈرەي .
بارۇرغە بولۇپ كامران ئەھلى راز ،
مۇنى ھەمرەھى ئېردى قىرق ، بارچە تاز .
بىرىنىڭ ئاتى شومشە ئاق تاز ئىدى ،
بىرى باشى تىنلاق كېپەك تاز ئىدى .
بىرى تاز قورۇتلۇغ ، بىرى كوزە باش ،
بىرى تازى لاڭقا ئىدى مۇردە قاش .
بىرى ئېردى ئىت باش ، بىرى ئۆپكە تاز ،
بىرى سالىباز تاز ، بىرى قوفقە تاز .
بىرى ھاشەدەر تاز ، بىرى تازى ئاق ،
بىرى توبرا باش تاز ، بىرى ئىت قۇلاق .
بىرى بۇتشكەم تاز ، بىرى شىشە تاز ،
بىرى كاللافەز تاز ، بىرى ھاسە تاز .
بىرى گۇجگەنەك تاز ، بىرى قارغە تاز ،
بىرى قاتراغاق تاز ، بىرى يورغە تاز .
بىرى ياللى كوففان ، بىرى قاشقا تاز ،
بىرى تىنترەگەك تاز ، بىرى ماڭقا تاز .
بىرى ھۇشيار تاز ، بىرى ئەسكى تاز ،
بىرى شۇم فىشانە ، بىرى كاسكى تاز .
بىرى مىشمىرىق تاز ، بىرى ۋانۋىلىق ،
بىرى خۇشخۇي ئېردى ، بىرى بەدقىلىق .
بۇ تازلارنى گۇلباد ئالىپ شول زەمان ،
خاجە ئۇمرىنى ئىستەپ بۇ چىقتى ھەمان .
ئەمىر دېدىلەركى : « خاجە ئۇمرى ، بارىپ ،
كېلىڭ بىر خەبەر ئىسفەھاندىن ئالىپ .
خاجە ئۇمرى رەۋان بولدىلار ئۇشبۇ دەم ،
چىقىپ ئىسفەھان سارى قويدى قەدەم .
ئەمىر ئارقادىن ھەم چىقىپ يۈردىلەر ،
كى دەريا لەبىگە كېلىپ تۈشتىلەر .
گەنۇگەرد مەيدان تۈزۈپ تاڭلەسى ،
تىلەپ مەردلەر تۇردى بۇ ناكەسى .
كەرەب ئۇل زەمانى بولۇپ كامران ،
گەنەنۇگەرد قاشىغە بولدى رەۋان .
بۇ سەگكە كەرەب زەخم ئۇردى بۇ دەم ،
بۇ سەگمۇ كەرەبكە ئۇرۇپ زەخم ھەم .
گەنۇ گەردنى چىقتى ئاتى ئالىپ ،
يىقىلدىكى چەشمى لەبىگە كېلىپ .
يانىپ تۈشتى بۇ ئىككى لەشكەر تەمام ،
گەنۇگەردنى ئىستەدى خاسۇ ئام .
قىلۇر ئەھلى دىللار ھىكايەت ئىشى ،
بار ئېردىكى ئەييار دەپ بىر كىشى .
مۇنىڭ ئاتى سالۇك ئىدى باد پاي ،
يۈرۈپ ھەر تەرەف ، قىلماس ئېردىكى جاي .
چىقىپ كەلدى بۇ چەشمەنىڭ قاشىغە ،
گەنۇگەردنىڭ ئۇشبۇ دەم باشىغە .
بىر ئادەم ياتادۇر ، بولۇپ زەخمدار ،
چالىپ باشىنى ئۆلگۈدەك زەيلى بار .
قىلىپ باد پاي ھەق پەرەست دەپ خەيال ،
تۇتۇپ كەستى باشىنى بۇ دەرمەھال .
كېسىپ باشىنى كەتتى بۇ سەگ بەدەر ،
بارىپ ئىسفەھاندىن ئالاي دەپ خەبەر .
بەناگاھ بۇ گۇلباد كەلدى ئۆزى ،
باقىپ چەشمە سارىغە تۈشتى كۆزى .

گەنۇگەردىنىڭكى جۇدادۇر باشى ،
كېتىپدۇر مۇنى ئۆلتۈرۈپ بىر كىشى .
ئۆلۈكنى كۆتەردى ئالىپ باشىغە ،
ئالىپ كەلدى نۇشىرۋان قاشىغە .
كۆرۈپ دېدى بەختەك : « خاجە ئۇمرى ئىشى ،
قىلالماس ئانىڭدىن بۆلەك ھېچ كىشى .
پىتىپ نامە نۇشىرۋان شول زەمان ،
ئەمىر قاشلارىغە ئىبەردى ھەمان .
ئەمىرگە تۇتۇپ نامە بەزدى شۇبۇ ،
ئوقۇپ باقتىلار ، نامە مەزمۇنى بۇ .
دېمىش : « ئەي ئەرەب ، بۇ ئەجەب سەرزەنىش ،
قىلىپسەنكى نامەردلىك بىرلە ئىش .
دېمىش ئېردى تۆرت يۈز مۇنەججىم بۇ رەڭ ،
گەنۇگەرد قىلغاي ئەرەب بىرلە جەڭ .
تۆكەر ئول ئەرەب قانىنى ئۇشبۇ ئەر ،
ماڭا قىلمىش ئېردى بۇ يەڭلىغ خەبەر .
بۇ ئىشلارغە قورقۇپ گەنۇگەردنى ،
خاجە ئۇمر بارىپ ئۆلتۈرۈپدۇر ئانى . »
ئوقۇپ خەتنى ئول دەم ئەمىرى ئەرەب ،
دېدىكىم : « خاجە ئۇمرى قىلىپدۇر ، نە دەپ ؟»
غەزەب قىلدى ئول دەم ، خاجە ئىچتى ئان ،
دېدىكىم : « نېتەي ، بارمادىم مەن ئۇ يان . »
ئەمىر دېدىلەر : « بۇ ساڭا سەر زەنىش ،
تۇشۇپدۇر سېنىڭ گەردەنىڭغە بۇ ئىش . »
دېدى : « تۇرماغىل ، ھەر تەرەفلەرگە چاپ ،
كىم ئۆلتۈردى ئانى ، مۇنى ئاستە تاپ .
ئەگەر بولماسە باغلاتىپ مەن سېنى ،
ئىبەرگۇمدۇ نۇشىرۋانغە سېنى . »
ئۇشۇل دەم خاجە ئۇمرى دېدى : « مەن چاپاي ،
باشىن كىم كېسىپدۇر ، ئانى مەن تاپاي . »
ئەمىر دېدى : « تاپغىل ئۆزۈڭگە كېپىل ،
كى ئاندىن نە قىلساڭ بارىپ ئانى قىل . »
خاجە ئۇمرى كېپىل تاپغالى قىلدى زور ،
كېپىل بولدى ئول دەم قوپۇپ لەندۇھۇر .
ئەمىرنىڭ كېلىپ ئاچچىغى ئانچۇنان ،
غەزەبلەر قىلىپ لەندۇھۇرغە يامان .
قولىدىن تۇتۇپ خاجەنىڭ ئۇشبۇ ھال ،
بېرىپ لەندۇھۇرغە ، قىلىپ قىلۇ قال .
خاجە ئۇمرى بۇ ئىشنى ئالىپ باشىغە ،
يېتىپ كەلدى نۇشىرۋان قاشىغە .

دېدى خاجە : « ئەي شاھى بىمەسلەھەت ،
ئىبەرمىش ساختىنى ئەمىرغە غەلەت .
گەنۇگەردنى ئىزدەشىپ چاپتىلار .
ئۆلۈكنى نە يەردىن بارىپ تاپتىلار ؟ »
قىلىپ سۆزنى بەختەك ياڭى باشىدىن :
« تاپىپدۇر ئانى چەشمەنىڭ قاشىدىن »
خاجە كەلدى بۇ چەشمەنىڭ قاشىغە ،
كېلىپ چىقتىلار بىر دەرەخت باشىغە .
مۇنىڭ ئېردى ھەر يان قاراماق ئىشى ،
بەناگاھ كېلۇر بىر فىيادە كىشى .
بېلىگە ئاسىپ خەنجەرى نامدار ،
كەمان ئۆشنىدە ، ئۆزگۇچە ھالى بار .
كېلىپ چەشمەنىڭ باشىدا تۇردى بۇ ،
سالىپ بار سەلاھىنى ئولتۇردى بۇ .
سۇغە خاجەنىڭ ئەكسى تۈشتى بىرۇق ،
كۆرۈپ خاجەنى ئاتغالى ئالدى ئوق .
خاجە ئۇمرى دەرەختدىن ئۆزىنى رەۋان ،
مۇنىڭ ئالدىغە تاشلادى شول زەمان .
خاجە ئۇمرى دېدى : « كەرگى ساسانى مەن ،
ۋەلي قىلماغوم سىزگە نۇقسانى مەن . »
دېدىكىم بۇ ئەييار : « مەن بادپاي ،
بۇ يەردە ۋەتەن تۇتتۇمۇ نەچچە ئاي .
تەئەللۇق ئۇشۇل سالۇكىغە ئۆزۈم ،
تۈشۈم ئېردى ئول ھەفتە مۇندا كۆزۈم .
بىر ئادەم ياتادۇر ئۆزى زەخمدار ،
كۆرۈپ كۆردۈم ئول ھەق پەرەست زەيلى بار .
ياراغ ـ جابدۇغىنى ، ئاتىنى ئالىپ ،
لىباسىنى ئالدىم باشىنى كېسىپ .
ئالىپ ئات ، ياراغ ، تون سەلاھىنى مەن ،
بېرىپ كەلدىمۇ ھالا سالۇكغە مەن .
خاجە ئۇمرى دېدى : « مىھتەرى بۇلھەۋەس ،
گەنۇگەرد ئېردى ئەمەس ھەق پەرەس .
يۈرۈر ئېردىم ئانى باقىپ مەن بۇ ھال ،
تاپالماس ئىدىم ئەلنى ئەيلەپ سوئال .
دېدى بادپاي :« مەن خەتا قىلمىشەم ،
خەتالارنى مۇنداغ قاتا قىلمىشەم .
بارالىڭكى سالۇك قاشىغە يۈرۈڭ ،
ياراغ ـ جابدۇغىنى بىرەي ، سىز كۆرۈڭ . »
بۇلار كەلدى سالۇك قاشىغە رەۋان ،
بۇ سۆزلەرنى سالۇكغە قىلدى بەيان .

كۆرۈپ سالۇكى خاجەنى تانۇدى :
« بۇ ساسانى ئېرمەس ، خاجە ئۆمرى » دېدى .
تۇتۇپ سالۇكىنىڭ قولىدىن رەۋان ،
خاجە ئۇردى بىر مۇشت بەرمەي ئەمان .
بىروق دەر مۇئەللەق ئۇرۇپ قاچتىلار ،
بۇ قوغلابكى بارغانسارى ئاشتىلار .
كى بىر سەكرەپ ئېردى بۇ يەكلىغ بارىپ ،
تۇشۇپ كەتتىلەر بىر قۇدۇققە كېلىپ .
بۇ سالۇك قۇدۇق ئاغزىنى كۆمدى بەك ،
خاجە ئۆمرى ياتىپ سائەتى ئۆلگۇدەك .
تۇتۇلدى نەفەس ، ئالماين ئەسلى دەم ،
بۇ ئەسنا قىلىپ خەنجەرىدە لەقەم .
تېشىپ چىقتى بىر مەنزىلى سارىدىن ،
يەنە بىر بىر كىشىنىڭكى ئەنبارىدىن ،
چۆكۈپ ياتتى بۇغدايغە ، چىقماي بۇ يان ،
بۇ كەمپىر كېلىپ بۇغداي ئالغان زەمان .
تاغارغە خاجەنىڭ پۇتى پۇتلاشىپ ،
قىلىپ ئەرزى ئىمان بولار يىغلاشىپ .
خاجە ئۆمرى دېدىكىم : « مۇسۇلمانمۇ سەن ؟
ۋەيا قورقۇپ ئىمان ئايتتىڭمۇ سەن ؟ »
دېدى بۇ كىشى : « خاجە ئۆمرىمۇ سىز ؟
كى ئەلھەمدۇ لىللاھ ، مۇسۇلمان بىز . »
قىلىپ ئېردى ئاھستە ، ئاڭلاپ قۇلاق ،
بولۇپ خاجەغە بۇ كىشى بىر قوناق .
بۇ ئادەم بىلەن ئولتۇرۇپ بىر نېچە
خاجە ئالدى مەشئەل قولىغە كېچە .
كېلىپ بارگاھىغە سالۇكنىڭ ،
تانۇپ دېدى سالۇك : « ئىسەنمۇ تېنىڭ ؟ »
ئالىپ ئىلكىگە ئاشىنى دەر مەھال ،
سۇنۇپ دېدى سالۇك : « يېگىل ، ئاشىنى ئال . »
خاجە ئۆمرى بۇ ئاشقە سۇنۇپ ئېردى قول ،
قولىدىن ھەمانا تۇتۇپ ئالدى ئول .
خاجە ئۆمرى چىراغ بىرلە ئۇردى كۆزىن ،
تۇتۇلدى ، بۇ ھالەتدە قاچتى ئۆزىن .
يۈزىدىن بۇ ياغنى ئارتىغان زەمان ،
چىقىپ يۈردى سالۇكمۇ قوغلاپ رەۋان .
خاجە ئۆمرى بارۇر ئېردىلەر ئۇشبۇ چاغ ،
كۆرەندى يىراقدىنكى بۇ چارباغ .
كېلىپ كىردىلەر باغىغە بۇ ئەزىز ،
يۈرۈيدۇركى قەسرىدە بىر نەچچە قىز .

بۇ قىزلار ئارا بىر مەلىكە زۇلال ،
كى باردۇر مەلاھەتدە ساھىب جەمال .
كۆرۈپ جانىغە تەگدى ھىجران ئوقى ،
بۇ ئېردىكى سالۇكنىڭ مەئشۇقى .
بۇ قىز ھەم خاجە ئۆمرىنى كۆرگەن زەمان ،
قىلىپ ئىشق ئوتى سىنەسىنى نىشان .
ئالىپ كىردى قەسرگە قىلدى كەباب ،
قويۇپ تۇتتى ئول دەم ئىچەرگە شەراب .
زەمانى بولۇپ ئولتۇرۇپ ئېردىلەر ،
ۋەلې بولدى بۇ سائەت ئىچرە خەبەر .
دېدىلەركى : « سالۇك كېلەدۇر چاپىپ ،
كېلۇرمىشمىكى بۇ خەبەرنى تاپىپ . »
ئۇشۇل دەم بۇ قىز خاجەنى دەر مەھال ،
سالىپ قويدى ساندۇق ئىچىگە بۇ ھال .
يېتىپ كەلدى سالۇك بۇ مەجلىس ئارا ،
مەلىكە بىلەن بولدى ئول مۇبتەلا .
مەلىكە دېدى : « مەن سېنى ئۇشبۇ رەڭ ،
خەبەر ئالمىش ئېردىم خاجە ئۆمرى بۇرەڭ .
سېنى ئول كىشى ئانچۇنان قورقۇتۇپ ،
تېخى بەندە سالمىش دەپ ئېردى تۇتۇپ . »
تۇتۇپ بەردى بۇ قىز شەرابىنى ھەم ،
پەيا پەي تۇتۇپ ، تولدۇرۇپ دەم بەدەم
بۇ سالۇك ئىچىپ مەست بولدى يامان ،
قاتىپ دارۇ بەردى ، يىقىلدى رەۋان .
چىقاردى بۇ ساندۇقدىن خاجەنى ،
خاجە تىقتى ساندۇققە سالۇكنى .
ئۆزىن قىلدى سالۇكدەك سۇرەتىن ،
تۇتۇپ مەي ، يىقىتتى ئارىغ بىر بىرىن .
قىلىپ بەند زەنجىر بىلەن ئانچۇنان ،
ئالىپ بۇ ئەمىر قاشلارىغە رەۋان .
ھىكايەت ئىشتىمەك ئەمىردىن نېچە ،
تېخى يوق خاجە ئۆمرى بۇ قىرىق كۈنىچە .
ئەمىرنىڭ غەزەب جۇش ئەيلەپ زۇھۇر ،
دېدىلەر : « بېرى كەلگىل ، ئەي لەندۇھۇر ،
خاجە ئۆمرىغە سەن بولمىش ئېردىڭ كېپىل ،
مىنە بولدى قىرىق كۈن بۇ كەلمەيدۇ ، بىل .
كى ئەمدى نە دەرسەن ، جەۋابىڭ نەدۇر ،
دېگىلكىم ، بۇ ئىشدا خەيالىڭ نەدۇر ؟ »
دېدى لەندۇھۇر : « ئەي شەھى شەھرىيار ،
نە قىلساڭ مېنى سەندەدۇر ئىختىيار . »

ئەمىر قىلدى فەرمان كەرەب شاھغە ،
دېدى : « ئۆلتۈرۈڭلار ، ئاسىپ دارغە ! »
ئالىپ چىقتىلار لەندۇھورنى رەۋان ،
ئاساي دەپ بۇ دار ئۈزرە قويغان زەمان .
خاجە ئۆمرى يېتىپ كەلدىلەر بۇ مەھەل ،
كۆرۈپ خاجەنى شاد بولدى بۇ ئەل .
خەلاس ئەتتىلەر لەندۇھورنى بۇ دەم ،
كۆشاد ئولدى مۇشكىل ئىشى كەتتى غەم .
خاجە ئۆمرى ئالىپ بادى پاينى بۇ ھال ،
ئەمىر قاشىغە كىردىلەر دەرمەھال .
ئۇشۇل دەم ئەمىر دېدى : « ئەي بادپاي ،
نە ئىشغە گەنۇگەردنى ئۆلتۈردۇڭ هاي ؟ »
دېدى بادپاي : « تانۇماي مەن ئانى ،
كى ئۆلتۈرمىشەم ھەق پەرەست دەپ ئانى . »
ئەمىر دېدى : « نەچچەند ئۇرۇپ باشىغە ،
ئالىپ بار ئۇ نۇشىرۋان قاشىغە . »
خاجە ئۆمرى بۇلارنى ئالىپ شول زەمان ،
ئالىپ كەلدى شەھ ئالدىغە بۇ رەۋان .
كى نۇشىرۋانغە دېدى بادپاي :
« نېتەي ، ئۆلتۈرۈپمەن ، ئانى تانۇماي .
قويۇڭ ئەمدى بىزنى بۇ كۈن ، ئەي ئەزىز ،
بارىپ يوق قىلىپ ھەق پەرەستلەرنى بىز
تەمام ئۆلتۈرۈپ ، بىرنى قويماي تىرىك ،
ئەگەر بولسە ھەم نەچچە يۈزمىڭ چەرىك .
كېلىپ كېچە گۆلباد ئالىپ راھنى ،
تۇتۇپ ئالدى بۇ دەم ئەلەمشاھنى .
خاجە ئۆمرى خەلاس ئەتتىلەر شول زەمان ،
قولاق ، بۇرنىنى كەستى بەرمەي ئەمان .
كېچە قىلدى گۆلباد مۇنداغ ھەۋەس ،
« تىرىكلىك ماڭا ئەمدى دەركار ئەمەس . »
دېدىكىم سوقۇپ ئول زەمان تەبلى جەڭ :
« قىلۇرمەن خاجە ئۆمرى بىلەن ئەمدى جەڭ .
ئۆلەرمەنكى مەن ، يا ئانى ئۆلتۈرەي ،
ئۆلتۈرسە مېنى تالىئىمدىن كۆرەي . »
بولۇپ جەڭگە سالۇك ھەمە كامران ،
قىلىپ سەفنى ئاراستە شول زەمان .
كى مەيدانغە كىرگەن زەمان بادپاي ،
ھەرنى بولسە كەلگىل دېدى مۇندا هاي !

بولۇپ ئېردى خالىد تەقابۇل ئاڭا ،
سالىپ ھەربەلەر بۇ ئاڭا ئول مۇڭا .
كى ئاخىر ھەرەمزادەئى شۇم پەلىد ،
دەرىغاكى ، خالىدنى قىلدى شەھىد .
كۆرۈپ قويدى بۇرغۇي فەرەڭگى قەدەم ،
ئۆرۈپ ئۇشبۇ مەلئۇننى قىلدى قەلەم .
كىرىپ ئۆردى مەيدانغە سالۇك بەچە ،
شەھىد بولدى ئىلكىدە لەشكەر نېچە .
كى ئاخىر خاجە ئۆمرى كىرىپ شول زەمان ،
بۇ سالۇكنى ئۆلتۈردى ، بەرمەي ئەمان .
مۇنى كۆردى گۆلباد كىردى بۇ رەڭ ،
بۇ ئاخشام خاجە ئۆمرى بىلەن قىلدى جەڭ .
ۋەلى قىلدى گۆلباد مۇنداغ ھەۋەس :
« خاجە ئۆمرىگە مەن ھەم بەرابەر ئەمەس .
مۇنى ھىيلە فەند بىرلە ئۆلتۈرمەسەم ،
بۇ يەكلىغ قىلىپ قولغە كەلتۈرمەسەم .
ئۆزۈمنى مۇنىڭ بىرلە مەن تەڭ قىلىپ ،
مۇنى ئۆلتۈرەلمەس ، كىشى جەڭ قىلىپ . »
بۇ مەلئۇنى كەڭەشلەر قىلىپ شول زەمان ،
كى قازدۇردى مەيداندا چاھى رەۋان .
بۇ چاھنى خەس - پۇشدا قويدى ياپىپ ،
ئۆرۈپ نەئرە مەيدانغە كەلدى چاپىپ .
دېدى قىچقىرىپ : « بولسە گەر پەھلەۋان !
بۇ مەيدانغە كەلسۇن خاجە ئۆمرى قايان ؟ ! »
خاجە ئۆمرى كىرىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ دەم ،
قاچىپ يۈردى گۆلباد ئالدىدا ھەم .
بۇ يەكلىغ قىلىپ چاھغە يەتتىلەر ،
قاچىپ ئېردى ، قوغلاپ تۇشۇپ كەتتىلەر .
كېلىپ دېدى گۆلباد : « ھالىڭ نەدۇر ،
نە چارەسى بار ، ئۆز خىياللىڭ نەدۇر .
بۇ سۆزنى قىلىپ كەلمىش ئېردى رەۋان ،
تويەك بىرلە ئۇردىكى ، بەرمەي ئەمان .
تېگىپ باشىغە بولدى ئول گەردۇ گەرد ،
باشىنى كېسىپ يانى بۇ شىرى مەرد .
بۇ ئەسنادا بولدىكى بىر سەختى جەڭ ،
قاچىپ كەتتى نۇشىرۋان ئۇشبۇ رەڭ .
بارىپ شەھرى سىمناندا تاپتى قەرار ،
كى لەشكەردىن ئاجراپ ، بولۇپ خارۇ زار .

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

# رۇبائىيلار

« ئىلاجەل ـ ئەمراز » (كېسەللىكلەر داۋاسى) ناملىق رىسالىدىن

## ھەكىم يۇسۇفى

### تۇرلۇك سەۋەبتىن بولىدىغان باش ئاغرىقى

ئەي ، باش ئاغرىقىدىن چەككۈچى ئەلەم ،
ھەرىكەت قىلمىغىن سەن دەم ئالغىن ھەردەم .
گۈلخەيرى ، بىنەفشە ، بۇغداي كېپىكىن ،
قايىنتىپ ، سۈيىگە پۇتنى سال بىردەم .

### قاندىن بولغان باش ئاغرىقى

بېشىڭ ئاغرىپ بولسا سەۋەب بولۇپ قان ،
« سەراروي » ①تومۇرىن ئاچقۇز دەل شۇئان ،
گۈلاب ، قەن ، لىمۇندىن شەربەت قىلىپ ئىچ ،
ياسمىغۇ ماش بولسۇن تامىغىڭ ھەرئان .

### سەفرادىن بولغان باش ئاغرىقى

بېشىڭ سەفرادىن ئاغرىسا جىبدەل ،
يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن سۈر كىگىن سەندەل .
نارەنج ② شەربىتىدىن ئىچكىن ۋە تاماق
ئارپا ، ماش ۋە ئۈگرە بولسۇن ھەر مەھەل .

### بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى

كىشىدە باش ئاغرىق قوزغىسا بەلغەم ،
فەرفيۇن ③ سۈر كىسۇن ، قۇست يېغىدىن ھەم .
بېديان قايناتمىسى ، ھەسەل شەربىتى ،
تامىقى كەپتەرنىڭ گۆشىدۇر ھەردەم .

### سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقى

سەۋدادىن ئېزىلىپ ئاغرىسا بېشىڭ ،
ئەفتىمۇن ④ شەربىتى بولسۇن يولدىشىڭ .
بادامۇ بابۇنە ⑤ يېغىدىن سۈر كە ،
نۇقۇتۇ ئۈگرىدۇر غىزايۇ ئېشىڭ .

### ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى

قۇياشنىڭ تەپتىدە يۈرگەچ نائىلاج ،
باش ئاغرىق يۈز بېرىپ ، ئۆزگەرسە مىزاج .
ئىسمىلاق شەربىتى ، گۈلخەيرى سۈيىن ،
بىللە قوش ۋە سۈر كە ، شۇ ياخشى ئىلاج .

### سوغاقتىن يۈز بەرگەن باش ئاغرىقى

ساگا تەسىر قىلسا سوۋۇغان ھاۋا ،
باش ئاغرىش يۈز بەرسە بولساڭ بىناۋا .
مۇرمەكى ⑥ ، ئەكبەرۇ لادەنۇ ⑦ مۇشكىنى ⑧ ،
زەيتۇنىدا ⑨ ئىۋىتىپ سۈر كە ، شۇ داۋا .

### باش ئاغرىقىدىكى ياخشى بەلگى

ئادەمدە باش ئاغرىق يۈز بەرسە ئەگەر ،
بېشىغا يۈزغەمۇ دەردنى ياغدۇرار ،
بۇرۇندىن كەلسە قان ، يا يىرىڭ ، دېمەك ،
باش ئاغرىق ، بىل ، ئاندىن يۈزىنى ئۆرەر .

### شەقىقە ( باشنىڭ يېرىمىنىڭ ئاغرىشى )

ئەي ، سەن ، شەقىقىدىن چەككۈچى ئازاپ ،
داۋانىڭ يۈزىدىن كۆتەرگىن نىقاپ .

زەفىران ، ئەفيۇننى يىلىم بىلەن سوق ،
گۇلابتا خېمىر قىل ، سۇر كىگىن شۇ تاپ .

### قاندىن يۇز بەرگەن سەرسام *

دوستلاردىن ھەر كىمدە يۇز بەرسە سەرسام ،
ئۇنابى⑩شەربىتى ئەڭ ياخشى تائام .
ئارپاۋۇ ماش يېگۈز ، قايىنتىپ پۇرات —
يۇمغاقسۇت ، ئالما ، سەندەل ، گۇلاب مۇدام .

### سەفرا ۋە سەۋدادىن يۇز بەرگەن سەرسام

سەرسامنىڭ سەۋىبى بولسا سەفرايىڭ ،
ۋە ياكى قوزغىسا ئۇنى سەۋدايىڭ .
ئالخورى ئىۋەتىپ ئىچ ۋە بىنەفشە —
سۈيىگە سالغايسەن قول ۋە ئاياغىڭ .

### بەلغەمدىن يۇز بەرگەن سەرسام

سەرسامىڭ يۇز بېرىپ قالسا بەلغەمدىن ،
جامىڭ تولۇپ تاشسا دەرد بىلەن غەمدىن .
بەلغەمنى يوقىتىش تەدبىرىنى قىل ،
شۇندا قۇتۇلغايسەن ئۇشبۇ ئەلەمدىن .

### سەرسامدىكى يامان بەلگە

ھەر كىمكى سەرسامدىن تارتىپ كۆپ زىيان .
بىخۇتلۇق يېرىدە ياتقانلا زامان .
سۈيدۇكى ئوخشىسا بەئەينى سۇغا
دېمەك ، بۇ ئۆلۈمدىن بولىدۇ نىشان .

### سەرسامدىكى ياخشى بەلگى

كېسەل كۆرپىسنى كۆتۈرۈپ سەرسام ،
كەلگەندە ئالجىپلا سۆزلەيسەن مۇدام .
مەقئەد تومۇرلىرىڭ ئىششىسا ئەگەردە ،
تۈزىلىپ كېتەرسەن بىراقلا تامام .

### نىسيان ( ئۇنۇتقاقلىق )

ئىقبالىڭ يولىغا توساق بوپ نىسيان ،
ھالىڭ ئۇندىن بولسا دائىم پەرىشان .
داۋاغا كۆپايە ھەر كۈن بىر مىسقال ،
« ماددەتۇل — ھەيات »⑪تىن يېگەيسەن ھامان .

### ئۇيقۇسىزلىق

ئۇخلاشقا قويمىسا كۆچىيىپ سەفرا .
سۇر گى ئىچسەڭ بولار مۇناسىپ داۋا .
شۇندىن سوڭ ئارپاۋۇ كۆكنار سۈيىنى ،
باشتىن قويۇش ئۇچۇن قىلغاي مۇھەييا .

### ئۇيقۇسىزلىقتىكى يامان بەلگە

ئۇخلىيالماي بېمار چەككەندە ناۋا ،
داۋاغا قول سالماق مۇمكىنۇ ئەمما .
قۇرۇق يۆتەل بولسا ھەمرايى ئاگا ،
تەگمە ، پەقەت ئەجەل بولىدۇ داۋا .

### ساراڭلىق

ساراڭلىق غارىبغا غۇلسا ئىنسان ،
سەۋدانىڭ سۇر گىسىن بەرسۇنلەر شۇ ئان .
غەمنى ھايدىغۇچى ، خوشال قىلغۇچى ،
دورىنى ئىچكۈزۈپ ، ئەيلىسۇن شادمان .

### يانا ساراڭلىق ھەققىدە

ئەقىل قاچقان بولسا ھەرتەندىن يىراق ،
ساراڭلىق تەسىرى يۇز بەرگەچ شۇ ۋاق .
گۈزەللەر يۈزىگە تىكسۇن كۆزىنى ،
ئۇد ، چەڭ ، نەي ئۇنىگە ھەم سالسۇن قۇلاق .

### ئىشق

ساداقەت بابىدا كىم ئاشىق بولسا ،
ئاشىقلىق يولىدا ئۇ سادىق بولسا .
ھازىق تېۋىپ ئۇچۇن بۇ پەرىشانغا ،
داۋاسى ۋىسالدۇر مۇۋاپىق بولسا .

### كۆز تورلىشىش

بەلغەم بۇغى ئەگەر سالسا يىراقتا .
قاراڭغۇلاشسا كۆز تۇرغاچ ئاياقتا .
سۇر گۆش ، كاۋاپ يەپ ، نەزەر سالمىسۇن ،

* سەرسام — مېڭە ئاغرىقى .

پىيازغا ئوخشاشقا ھەمدە سامساققا .

### باش ئايلىنىش

بۇغلاردىن ئايلانسا ئادەمنىڭ بېشى .
ئازغىنا « ئەترىفۇل » ⑫ بولسۇن يولدىشى .
ئىچىملىك لىمونىنىڭ شەربىتى بولسۇن ،
زىق كاۋاپ ھەمىشە غىزاسى ـ ئېشى .

### سەرئى ( تۇتقاقلىق )

تەقدىر سەرئى كېسەل قىلسا نامايان ،
ھۆل مېۋە يېمىسۇن قىلىندۇ زىيان .
ئۆچكىنىڭ گۆشىدىن يېمەي ، بوينىغا ،
« ئۇدى سەلىب » ⑬ ئېسىپ يۈرسۇن ھەر زامان .

### يانا شۇ ھەقتە

تەغدىر تۇتقاقلىققا دۇچ قىلغان زامان .
قان ئالدۇر سەۋەبى بولسا ئەگەر قان ،
ئېنىق بولسا باشقا خىلىت بارلىقى .
سۈرگە ئىچ ، شۇدۇر يول ساغلاملىق تامان .

### سەكتە

يىقىتسا ئاياقتىن سەكتە ناگىھان ،
سەزگۈ ۋە ھەرىكەت بولىدۇ نىھان .
كۆرسەڭكى ، يۈز بىلەن كۆزى قىزىلدۇر
« سەرارۇى » تومۇرىن ئاچقۇز شۇ ھامان .

### سەكتىنى ئېنىقلاش

سەكتە بولغۇچىنىڭ چىقماي نەپىسى ،
ئۆلۈكمۇ ـ تىرىكمۇ بولسا شۇبھىسى .
تىرىككە ھېسابدۇر ، كۆزىگە باققاچ ،
كۆرۈنسە كۆز ئىچىرە ئادەمنىڭ ئەكسى .

### قابۇس ( جۆيلۈش )

قابۇس كېسىلىگە يولۇقسا كىشى ،
ئۇخلىسا ئاشىدۇ غەم ۋە تەشۋىشى .
كېسەلگە سەۋەبچى بولغان ماددىنى ،
تېنىدىن قوغلىسا ، ساز بولار ئىشى .

### قابۇسنىكى يامان بەلگە

قابۇس بولسا كىمكى پات ـ پات تەكرار ،
ئەقىلسىزدۇر داۋا قىلمىسا زىنھار .

ئاخىر ساراڭ بولار ياكى تۇتقاقلىق ،
سەكتىدىن سىھھەتى بولار تار ـ مار .

### ئۈيۈشۈش

كىمدەكىم ئۈيۈشۈپ تۇرسا ھەر ئەزا ،
قۇسۇش بىلەن ئاڭا قىلسۇنلار داۋا .
كېيىن قۇست يېغىدىن سۈركىسۇن ، زەخمەت ـ
يوقىلىپ ، مەقسىتى بولغىچە راۋا .

### پالەچ

كىمنىڭ ئەيشى بولسا پالەچتىن ۋەيران ،
يېرىم تەندىن كېتەر ھەرىكەتۇ جان .
بىرىنچىدىن باشلاپ تا تۆت كۈنگىچە ـ
پەقەت « مائى ھەسەل » ⑮ ئىچسۇن ھەر زامان .

### يانا پالەج ھەققىدە

تۆتىنچى كۈندە پالەچ كېسىلىن ،
پەقەت بەرسۇن « مائى ئۇسۇل » ⑯ شەربىتىن .
كەپتەرباچكا گۆشى ھەمدە نوقۇتتىن ،
زىرە ، زەپە قوشۇپ يېگەي تامىقىن .

### يانا پالەچ ھەققىدە

ئون تۆت كۈن ئۆتسە پالەچ قالسا ساقايماي ،
« ئەمەل » ⑰ ئۈچۈن تېۋىپ جىددى قول سالغاي .
سۈرگى دورا بەرگەي ئىككى يا ئۈچ رەت .
بەلكىم ساغلاملىققا قاراپ يول ئالغاي .

### يانا شۇ ھەقتە

پالەچ شىپا تامان يۈزىنى بۇرسا ،
مۇنزىجۇ * سۈرگىدىن مەنپەئەت كۆرسە .
فەرفىيۇن ، سىدەنە ، قۇستىنىڭ يېغىدىن ،
پايدىدۇر ئىمكانى بارىچە سۈرسە .

### يۈز پالىچى ( لەقۋا )

لەقۋاكىم ھەر كىمگە يۈزىنى تۇتار ،
ساقلىقى قولىدىن ئۇچار ۋە كېتەر .
تۈن ۋە كۈن ئاغزىدا مۇسقەت ياڭىقى ⑱ ،
ساقلىسا ، ئەلۋەتتە ، كۆپ پايدا بېرەر .

### يانا شۇ ھەقتە

كىمگە كىم لەقۋانىڭ ئىللىتى يېتەر ،

ساقلىقنى يوقىتىپ پەرىشان ئېتەر .
ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يېسە « ئىيارەج »⑲ھەببىن ،
بەلكى بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەر .

### تىترەك

بەلغەم ئېشىپ كېتىپ ، تۇتسا تىترەك ،
مۇناسىپ دورىدىن ئىچكۈزسۇن ، بىراق ـ
سەۋىبى مەي ياكى جىمائىدىن بولسا .
مەي بىلەن جىمائىدىن بولسۇنلار يىراق .

### ئەزالارنىڭ لىپىلدىشى

ئەزا لىپىلداش گەر كۆرسەتسە يۈزنى ،
لىپىلدىغان يەرگە باس قىزدۇرۇپ تۇزنى .
بۇ بىلەن كەتمىسە ، بەدەن پاكلىغۇچى ،
ھەبب⑳ئۈچۈن يار قىلسۇن شۇ زامان ئۆزنى .

### پەي تارتىش ( چەڭەك )

بەدەندە پەي تارتىشنى قوزغىسا بەلغەم ،
ئازابىڭ ئاشارۇ راھەت بولار كەم .
بەدەننى تازىلا ، ئۇنداق قىلمىساڭ ـ
داۋاسى تەس ، كېسەل ئورناشسا مەھكەم .

### پەي سوزۇلۇشى ( تەمەردۇد )

كىمكى تەمەردۇدقا بولسا گىرىپتار ،
سۇر گىددىن ئىچكەندە پايدا بولسا يار .
تېنىگە كەپتەرنىڭ يېغىدىن ياكى ،
ئېيىقنىڭ يېغىدىن سۇر كىسۇن تەكرار .

### «بەرەد» («كۆزگە ئاق خال چۈشۈش»)

ئەي كۆزى « بەرەد » تىن تارتىۋاتقان دەرد ،
ساڭا ياردەمچىدۇر ئەقىل ھەم خىرەد *
گەۋرەگ㉑ۋە ئەنگۇزە㉒ئۇششاق سىر كىنى ،
كۆزۈڭگە سۇر كىسەڭ قوغلىنار « بەرەد » .

### كۆزدىكى ئەگرى ياكى ئارتۇقچە كىرپىك

ئەگرى يا ئارتۇقچە كىرپىك بەرسە دەرد ،
مىڭنى پاكلاشقا كىرىشكىن بىھەد .
پاكلىشىڭ ئەمەلگە ئاشقاچ پۈتۈنلەي ،
« تەشمىر »* قىل ، خۇدايىم ئەيلىسۇن مەدەد .

### كۆز گىرۋەكلىرىنىڭ ئىششىشى

كۆز ئەتراپى قېلىنلاپ ئىششىسا پات ـ پات ،
پايدىلىق بىر سۆزنى مەندىن ئالغىن ياد .
سېمىزئوت ياپرىقى ، تۇخۇم ئېقىنى ،
قوشۇپ ، كۆزگە چاپلا ، دەرد بولار بەرباد .

### كۆز بۇرجىكىنىڭ ئىششىشى

كۆز بۇرجىكى ئىششىپ ئېچىلمىغان ئان ،
ئۇنى « غەرب » دېيىشەر ، ئەي سەخىي ئىنسان .
ماش ئېزىپ ئۈستىگە قويۇلسا ئەگەر ،
ئۈمىد باركى ، داۋا بولار شۇ زامان .

### كۆز ياللۇغلىنىش

كۆز ئاغرىق باشلىنىپ ، ئۆتسە نەچچە كۈن ،
ساقلىق كېيىكنى تۇتماقلىق ئۈچۈن .
چەشخامۇ㉓مامىران㉔ مىسرناۋتىن ،
سوقۇپ ئۇندەك قىلىپ ، كۆزگە سۇرتسۇن .

### كۆزدىن سۇ ئېقىش ( دەمئە )

دەمئە سىرىن دانا ئىسسىقتىن كۆرسە ،
بىلىڭكى پايدىدۇر سۇرمىدىن سۇرسە .
سوغاق مىجەز بولسا سەۋەبى تۇگەر ،
كۆزىگە « باسلىقۇن »㉕سۇر كەپلا تۇرسە .

### كۆز يارىسى

يارا سەۋەب بولۇپ ، ئاغرىغاندا كۆز ،
ئاغرىقتىن سارغىيار گۈل مىسالى يۈز .
يىرىڭدىن پۈتۈنلەي پاك بولغاچ كۆزۈڭ ،
داۋا ئۈچۈن كۈندۈر شىيافىنى㉖تۈز .

### كۆز ئېقى

ھەرقاچان كۆزۈڭدە پەيدا بولسا ئاق .
شىپاسى نېمدۇر ئىزدە بالدۇرراق .

---

*مۇنزىج ـ سۈيۈق ، خام خىلتلارنى دورا بىلەن پىشىلدۇرۇش .
* خىرەد ـ ئىدرەك ، پەم ، زېھىن .
*تەشمىر ـ كېسىش ، پىرىش .

لاله سۈيى بىلەن ھەسەلنى سۇرسەڭ،
تۈزىلەر كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقان ۋاق.

## كۆز قارچۇغىنىڭ تارىيىشى

«تارىيىش» كېسىلىگە دۇچ كەلسە كىشى،
ئېيتاي نېمە قىلسا كېتەر تەشۋىشى.
ھۆللۈكتىن باشقىسى بولمىسا سەۋەب،
زەئفەران شىيافىن لازىم سۇر كىشى.

## كۆزگە سۇ ئېقىپ كىرىشى (كەتەرەكتە)

كۆزگە سۇ ئېقىشى بولغاندا بۇنياد،
غەمكىن دىل سەۋرىمۇ بولىدۇ بەرباد.
«ھەببى زەھەب»[27] تەييار قىلىپ ئىچىلسە،
ئاغرىقى تۈزىلىپ كۆڭلى بولار شاد.

## قۇلاق ئېغىرلىقى

ئەي، سەن، ئېغىر بولغاندا قۇلاق،
بىر سۆز ئېيتاي ساڭا ھوش بولسا بىراق.
بەلغەم سەۋەب بولسا، بۇ كېسەل ئۈچۈن،
بەلغەمنى ھايدىغۇچ دورا ئىچ شۇ ۋاق.

## قۇلاق ئاغرىقى

سەفرادىن قوزغالسا قۇلاق ئاغرىقى،
يۈز - كۆزدە كۆرۈنەر ئۇنىڭ سېرىقى.
مۇنزىجتىن كېيىن يېسەڭ بىنەفشە ھەببىن،
داۋاسى ساز بولار، شۇ يول يورۇقى.

## قۇلاق يارىسى

يېڭى بولسا ئەگەر قۇلاق يارىسى،
«ئاق مەلھەم»[28] ئىزدىگىن باردۇر پايدىسى.
كونا بولسا بىراق پايدىلىق دورا،
ھۆكۈزنىڭ ئۆتىدىن ئەمەس ئۆزگىسى.

## قۇلاققا سۇ كىرىشى

تەگرى ئەمرى بىلەن قۇلاققا ھەردەم،
سۇ كىرسە، ئەي دىلى چەشمەئى كەرەم.
قۇلاققا بەدىيانىنىڭ چۆپىدىن سوقۇپ.
سۇرسىلا، سۇ چىقىپ كېتەر دەل شۇدەم.

## پۇراش سېزىمىنىڭ بۇزۇلۇشى

ھىد سېزىش قۇۋۋىتىڭ تاپقاندا نوقسان،
ھىدنى سەزمەك قىيىن ياخشىمۇ، يامان.
قۇيۇق خىلىتلار بولسا بۇنىڭ سەۋەبى،
سۇرگى دورا ئەستىن چىقمىسۇن ھېچ ئان.

## بۇرۇننىڭ سېسىقلىقى

سېسىق ھىد پۇرقىراپ چىقسا بۇرۇلدىن،
ھەممە تەبىئىتى كىر بولار ئۇندىن.
داۋا ئۈچۈن تېۋىپ سۇنبۇلنى سوقۇپ،
پۇدىشى لەزىمدۇر سېسىق بۇرۇندىن.

## بۇرۇن ئىچىنىڭ قۇرۇشى

ئىسسىقتىن ھاياتىڭ سوۋۇغان زامان،
بۇرنىڭ قۇرۇپ، غەمكىن بولساڭ ناگاھان.
سېمىز ئوت سۈيىنى بادام يېغىدا،
پىشانە ئۈستىگە سۇركە ھەر قاچان.

## بۇرۇن يارىسى

بۇرۇننىڭ يارىسى ھۆل بولسا ئەگەر،
يۇرۇش ۋە تۇرۇشىڭ تۈپتىن ئۆزگىرەر.
«ئاق مەلھەم» تاپساڭدە، ئىشقا سالساڭ تېز.
كېسەلنىڭ تۈنىگە يەتكۈسى سەھەر.

## ئىسسىق تۇماۋ

ئىسسىق تۇماۋ بىلەن ئاغرىسا كىشى،
نىلۇپەر شەربىتىن لازىم ئىچىشى.
شەربەتتىن كېيىن يانا ئارپا ۋە ماشتىن،
غىزا قىلىپ يېسە، ساز بولار ئىشى.

## سوغۇق تۇماۋ

سوغۇق تۇماۋلىغىڭ بىلگەچ بىلىمدان،
زۇفا شەربىتىدىن ئىچمىكى ئايان.
تاماققا نوخۇتنىڭ شورپىسىنى ئىچسە،
نەپ تېپىپ تۈزىلىپ كېتەر بىگۇمان.

## لەۋ يېرىلىشى

ئەي، سەندە لەۋ يېرىلىشى بولغاندا زاھىر،
ئۇنىڭ داۋاسىغا تىز بولغىن ھازىر.
سەفرا بولسا ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى،
قوغلاشقا سۇرگىلەر بولىدۇ قادىر.

### يانا شۇ ھەقتە

لەۋ يېرىلىپ ئازار چەكسە ھەر ئىنسان ،
قۇرۇق ـ ئىسسىق يېمىش بولىدۇ زىيان .
توخۇ يېغى بىلەن تۇخۇم ئېقىنى ،
مەلھەم قىلىپ ياقسۇن لەۋگە شۇئان .

### لەۋ ئىششىقى

كىشى لەۋى قاندىن ئىششىپ قالغان دەم ،
يۈزلەپ شىكايەتتە چېكىدۇ ئەلەم .
ئىچنى يۇمشاتمىسا ، قان ئالدۇرمىسا ،
ئۆزى ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ ستەم .

### ئېغىزدا بولىدىغان ئىسسىق چاقا

ئىسسىق چاقا بولسا ئېغىزدا ھەر ئان ،
داۋادىن قاچىتقۇ تارتىسەن زىيان .
قىزىلگۈل ، ئانار گۈل ، تاتىمدىن سوقۇپ ،
سېپىپ تۇرۇش كېرەك ئاڭا ھەر زامان .

### ئېغىزدا بولىدىغان سوغۇق چاقا

سوغۇق چاقا بولسا ئېغىزدا پەيدا ،
غەم يېمەك سەۋەبى ساڭا مۇھەييا .
ئاڭا خىنە ، ئاچچىقتاش سەپسەڭ ،
ئەجەب ئەمەسكى ، بولار چوڭ داۋا .

### ئېغىزدىن سۇ ئېقىش

ئاغزىڭدىن سۇ ئاقسا سوۋۇغاچ مىجەز ،
يانا سوغۇق يېسەڭ پايدا قىلماس باز .
ئۇد بىلەن زىرىدىن ئىللەت كەتكىچە ،
« گۇۋارىش » (29) قىلىپ يە ، پايدا بولار ساز .

### ئېغىز پۇراش

يامان ھىد ئېغىزدىن كەلسە ناگاھان ،
خەق ئۇلپەت بولۇشتىن قاچار ھەر تامان .
سۈرگى ئىچسە غالىب خىلتنى ھەيدىگۈچى ،
قۇتۇلۇش داۋاسى بولىدۇ ئاسان .

### چىش ئاغرىقى

ئىسسىقتىن ئاغرىسا چىشىڭ ناگاھان ،
سىركىگە گۈلاب قوش ، چايقا شۇ ھامان .
ئىچىش ئۈچۈن ئىزدە سىكەنجۇبىننى (30)
يېيىشىڭ ماش ، قاپاق بولسۇن ھەر زامان .

### چىش قاماش

قامىشىپ بىئارام قىلسا گەر چىشىڭ ،
سۆزۈمنى تىڭشىماق ئەڭ زۆرۈر ئىشىڭ .
سېمىزئوت ئۇرۇغىن يېگىن ، داۋا قىل ،
چۈنكى دەرد كۆچەيسە ، ئاشار تەشۋىشىڭ .

### چىش قۇرۇتى

قۇرۇتتىن تەشۈش يەپ ، چىشىڭ بولسا خار ،
ئۈمىدنى ئۆزمىگىن تەگرى ، شىفاكار .
گەندەنا (31) ئۇرۇغىن ئۆچكە يېغىدا ،
كۆيدۈرۈپ چىشنى تۇت ، قۇرۇت قالماس زىنھاز .

### چىش مىلىكىنىڭ بوششى

مىلىكلىرى بوشاپ ، كەم بولسا بەدھال ،
كۆپ ئۆزۈن بولمايچۇ دىبسە ئۇ بىھال ،
قىزىلگۈل ، ئانار گۈل سوقۇپ ھەر كېچە ،
مىلىككە ئاز ـ ئازدىن سەپسۇن ئۇ دەرھال .

### مىلىكنىڭ قانىشى

مىلىك قېنى كۆكۈلنى قىلار بولسا تار ،
« سۇنۇن »* غا بۇلارنى ئەيلىسۇن تەييار .
مازى ، ئاقاقىيا (32) ، ياسمىنغۇ ، كۇندۇر ،
ئاچچىقتاش ، قىزىلگۈل ئۇرۇقى ، گۈلنار (33) .

### مىلىكنىڭ ئىششىشى

قاندىن ھاسىل بولسا ، مىلىكلەر ئىششىش ،
قانىنى ئالدۇرمىسا ئاشىدۇ تەشۋىش .
سەۋەب بولسا ، ئەگەر ئاڭا باشقا خىلت ،
لازىم ئاڭا زۆرۈر سۈرگىدىن بېرىش .

### مىلىكنىڭ چىرىشى

مىلىكلىرىڭ چىرىسە ، ئەي خۇشخۇي ئادەم ،
سۆزۈم ئاڭلا ، ئىزدە شۇنداق بىر مەلھەم .
كۇندۇر تېپىپ ، سوقۇپ ھەسەل ۋە سىركە ،
توقاي پىياز (34) بىلەن سۈركەپ تۇر ھەر دەم .

---

* چىشقا سېپىلىدىغان ياكى سۈركىلىدىغان دورا .

### تەم سىزىمنىڭ بۇزۇلۇشى

تەمنى سېزىش ھىسسى يوقالغان زامان ،
تەمنى بىلمەي تاماق تېتىماس بىرئان .
غالىب خىلتنى قوغلىساڭلا بەدەندىن ،
ئويغا چۆكمە ، كېسەل يوقىلار ئاسان .

### تىلنىڭ قوپاللىششى

ئەي ، سەن قوپاللىشىپ قالغاندا زەبان ،
چېھرەڭدە بەلغەمدىن سېزىلسە نىشان .
ھەردەل ، سىركە بىلەن كېسەل كەتكىچە ،
ئاغزىڭنى چايقىغىن بارىچە ئىمكان .

### تىلنىڭ ئىششىشى

تىلنىڭ ئىششىشىغا سەۋەب بولسا قان ،
ھەددىدىن تاشقىرى قىزىرار زەبان .
ھەكىم سۆزىن ئاڭلاپ قان ئالدۇرمساڭ ،
ئاقىللار پىكرىچە ساراڭسەن يامان .

### تىلنىڭ يېرىلىشى

ھەر كىمنىڭ يېرىلسا تىلى ناگاھان ،
سۆز ئۆچۈن تەشۋىشى ئاشىدۇ ھەرئان .
ئىسپەغۇل شىرنىسى ئىچرە كاتىرا ،
ئۆتتىپ ، ئېغىزدا تۇتسۇن ھەر زامان .

### تىلنىڭ كۆيىشى

ناگاھان كۆيگەندە ، ئىچىشقاندا تىل ،
ئۇندىن ئوت ئالارۇ كۆيەر خەستەدىل .
سېمىزئوت شىرنىسى بىھى ئۇرۇغىن ،
سۈيىنى ئېغىزدا دائىم ئاسرىغىل .

### تىلنىڭ قۇرۇشى

قۇرۇقلۇقتىن قېتىپ قالغاندا زەبان ،
ھارارىتى سەۋەب بولۇپ ناگاھان .
سېمىزئوت شىرنىسى ، ئىسپەغۇل سۈيى
بىلەن چايقا ئۇنى ، كېتەر بىگۇھان .

### لەكلۇك ( كېچىك تىل ) نىڭ ئىششىشى

كىچىك تىل ئىششىقتىن ئۆزگەرسە ئەھۋال ،
سەۋەبى قان بولسا ، قان ئالدۇر دەرھال .
ئاندىن تاتىم سۈيى بىلەن غەرغەر قىل ،
كېسەلدىن قۇتۇلۇپ ، بولىسەن خۇشھال .

### لەكلۇك ( كېچىل تىل ) نىڭ بوششى

كىچىك تىل سۇسلىقى بايقالسا شۇ دەم ،
سەۋەبى شۇبھىسىز بولغاندا بەلغەم .
غەرغەرەگە خەردەل سىكەنجىۋىننى ،
بېرىش لازىمدۇرۇر تېۋىپ ئاشۇ دەم .

### ئىككى بادامسىمان بەزنىڭ بوششى

ئىككى بەز سۇسلىقى بولسا نامايان ،
شۇ كۈندىن ھالىتىڭ بولغاندا يامان .
گۇلاب ، مازى بىلەن غەرغەرە قىلساڭ ،
چەكسىز پايدا تېپىپ بولارسەن ئامان .

### خۇناق ( ئانگىنا )

قان ئالدۇر تامىغىڭ ئاغرىغان زامان ،
نىلۇپەر شەربىتىن تېپىپ شۇ ھامان .
ئالخورى سۈيى ھەم ئىچكىن تاتىمدىن ،
غەرغەرە ئەيلىگىن بارىچە ئىمكان .

### زۇلۇكنىڭ تاماققا يېپىشىپ قېلىشى

تاماق قېنى بەرسە زۇلۇكتىن خەۋەر ،
توختىماي قان ئاقسا تاماقتىن ئەگەر .
خەردەل سۈيىن ئېلىپ ، تۇز بىلەن غەرغەر —
قىلساڭ ، دورا يوقتۇر بۇنىڭدىن ئۆتەر .

### تاماق يارىسى

كۆزۈم نۇرى ، يارا بولغاندا تاماق ،
سۆز ئېيتاي ، سۆزۈمگە سالساڭ سەن قۇلاق .
ئەنزىرەت بىلەن گۈل ئۇرۇغىن سوقۇپ ،
مۇمرەۋغەن[35] بىلەن يە ئاز - ئازدىن شۇۋاق .

### يىگنە يۇتۇش

يىگنە يۇتۇپ ، غەمگە پاتقاندا شۇنداق ،
تەدبىرى ھېكمەتتىن ئەمەستۇر يىراق .
ماكنېتتىدىن[36] سوقۇپ بىر دىرەمنى ،

ئۇزۇم سۈيى بىلەن ئىچكىن چاققانراق .

### قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىششىشى

مەئدە سارى غىزا يولى ناگاھان ،
ئىششسا ، سەۋەبىگە قارا شۇ ھامان .
ئىششش سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن ،
لايىق تەدبىر كۆرگىن ، ئەي دانا ئىنسان .

### ئاۋازنىڭ بوغۇلۇشى

ئاۋازىڭ بوغۇلسا ، گەپكە قولاق سال ،
ئازراقلا ناۋاتۇ ئازراق مەسكە ئال .
بىرىنى بىرىگە قوشۇپ يېگىن ــ دە ،
ئىقباللىڭ دۈشمىنىن غەمگە ئەيلە دال .

### نەپەس سىقىش

نەپەس سىقىش كىمگە يار بولسا ئەگەر ،
يامان ھىد ، چاڭ ــ توزان دۈشمىنى بولار .
سوغۇق سۇ ، توقلۇق ۋە كۈندۈزكى ئۇيقۇ ،
يامان ھىد ، تۈتۈن ۋە چاڭدىنمۇ بەتتەر .

### يەنە شۇ ھەقتە

نەپەس سىقىشتىن پەيدا بولسا غەم ،
سەھەت يولى ئۇندىن تاپىدۇ بەرھەم .
« سوغۇق تۇماۋ » دېگەندە بايان قىلىنغان ،
دورىدىن بەر ، بولسا سەۋەبى بەلغەم .

### سىل ئىللىتى

سىلنىڭ ئىللىتىدىن كىمكى بولسا خار ،
ئارپا سۈيى ، ئېشەكنىڭ سۈتىن بەر تەكرار .
ھەر قانچە قىلساڭمۇ تۈزەلمىسە ــ دە ،
تەسەللى ئۈچۈن قول تارتمىغىن زىنھار .

### ئۆپكىگە سۇ يىغىلىش ( پىلىۋرىت )

كىمنىڭ ھالى بەرسە بۇ دەردتىن خەۋەر ،
ئېيتاي ، نېمە قىلسا يوقىلار خەتەر .
باسلىقتىن قان ئېلىپ ، ئۇنابى سۈيى ،
نىلۇفەر شەربىتىن ئىستېمال ئېتەر .

### خاپىغان ( گىپپېرتونىيە )

خاپىغاندا پەرھىز يولىنى تۇتقىن ،
ھېكمەتلىك سۆزۈمنى كۆڭلۈڭگە پۈككىن .
تەقدىر نەگە ياقسا غەم ئوتلىرىنى ،
ئۇ يەردىن پاتراق قاچقىنۇ كەتكىن .

### سەپرادىن بولغان ( ئىسسىق خاپىغان )

ئەي ئىسسىق خاپىغان دەردىدىن ئەلەم ،
چەككۈچى ، داۋادىن سۇ سەپ ئاڭا ھەم .
گۈلاب ، كافۇر ، سەندەل، ئالما سۈيىنى ،
ئۆزئارا قوشقىن ــ دە ، سۇركىگىن شۇ دەم .

### قاندىن بولغان خاپىغان

قاندىن سوقۇپ كەتسە يۈرىكىڭ ھەردەم ،
دائىم ياندا بولسۇن دىلرەبا سەنەم .
بىردەم سۆيۈپ ، بىردەم قۇچاقلاپ ، تۆككىن ــ
قۇتىغا مارجانىنىڭ شادەسىدىن ھەم .

### سوغۇق خاپىغان

سوغۇقتىن باشلىنىپ قالسا خاپىغان ،
سۆزۈمنى ئاڭلىغىن قىلغىن سەن جەۋلان .
ئەنبەر ، ئۇد ، سىتراننىڭ قوۋزىقىن پۇرا ،
بەدەنگە « غالىيە » چاپلا دەل شۇئان .

### ئىزاھلار

① **سەراروي ــ** يۈز ۋە باش دېگەن مەنىدە . يۈز ۋە باشتىكى كېسەللەرگە قارشى قان ئېلىنىدىغان تومۇر . ئەرەبچىسى ــ كىيفال . قولنىڭ يەلكە قىسمىدا ، سىرتقى تەرەپتىن تېرە ئاستىدا جايلاشقان ۋېنا تومۇرى .

② **نارەنج ــ** نارەڭ ، ئەپلىسىن ( جۇزە ) .

③ **فەرفىيون ــ** سۈتلۈك ئوت ئۇرۇقدىشىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك .

⑥ **مۇرمەكى** — شىپا بەخش ماددا. ئىبن سىنانىڭ يېزىشچە، مىررە يەمەندە ئۆسىدىغان دەرەخ يېلىمى. بېرۇنىيمۇ تۇرلۇك يەرلەردە ئۆسىدىغان مىررە دەرىخىنى تىلغا ئالىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەككە نامىنى ئۇچراتمايمىز. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، مىررە كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىياغا مەككە ئارقىلىق كەلگەن ۋە «مىررە مەككىي» (مەككە مىررەسى) دەپ ئاتالغان.

⑦ **لادەن** — لەدەن.

⑧ **مۇشك** — ئەركەك كىيىكنىڭ مۇشك بېزىدىن ئېلىنىدىغان ئۆتكۈر پۇراقلىق ماددا، ئىپار.

⑨ **زەيتۇن ياكى زەيت** — زەيتۇن يېغى.

⑩ **ئۇناب، ئۇنابى** — چىلان، جىگدە.

⑪ **«ماددەتۇل - ھەيات»** — ھايات ماددىسى. تۇرلۇك ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلىنىدىغان مۇرەككەپ دورا. ئۇنى «مەئجۇنى فەلاسفە» («فەيلەسوفلار مەئجۇنى») مۇ دېيىشىدۇ.

⑫ **ئەترىفۇل ياكى ئىترىفۇل** — بۇ مۇرەككەپ دورىنىڭ نامى. چوڭ - كىچىكى بولىدۇ. «غىياسۇل - لۇغەت» كىتابىدا يېزىلىشىچە، بۇ سۆز ھىندىچە «ترى پخال» (ئۈچ مېۋە) نىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلۇشى. بۇ دورا تەركىبىدە ئاساسەن ھىلىلە، ئامىلە، بەلىلىلەر بار. ئېتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دورا مىلادىنىڭ 50 - يىللىرىدا ياشىغان ئەندراماخ I تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان.

⑬ **ئۇدى سەلىب** — پىئون گۈل، سەللە گۈل.

⑭ **سەكتە** — مېڭە قېرىنچىلىرىدىكى سېزىش ۋە ھەرىكەتلەنگۈچى نېرۋا يوللىرىدا كۈچلۈك تىقىلما پەيدا بولۇشى سەۋەبىدىن ئورگانىزمنىڭ سەزگۈسىز ۋە ھەرىكەتسىز ھالغا چۈشىشى.

⑮⑯ **مايى ئۇسۇل، مائى ھەسەل** — ئەرەبچە مائۇ ئۇسۇل (تومۇرلار سۈيى) سۆزىدىن، تۆت ئۆسۈملۈك تومۇرىدىن تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن تومۇرلار سۈيى نامىنى ئالغان. تەييارلاش ئۇسۇلى: ئارپا بەدىيان، يېترۇستىكا، قاۋۇل ۋە قارا ھەيىر ئۆسۈملۈكلىرى تومۇرلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر مىسقالدىن ئېلىپ، بىر پىيالە سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ، تازىلاپ، ئون مىسقال ھەسەل قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

⑰ **ئەمەل** — سۈرگى ياكى باشقا دورىلار ئارقىلىق ئىچىنى ئارتۇقچە ماددىلاردىن تازىلاش.

⑱ **مۇسقەت ياڭىقى** — جاۋزى بويا.

⑲ **ئىيارەج** — كۆپلىگەن دورىلار تەركىبىدىن تەشكىل تاپقان مۇرەككەپ دورا.

⑳ **ھەبب** — يومىلاق قىلىنغان دورا، كومىلاچ دورا، ھەب دېيىلىدۇ.

㉑ **گەۋرەگ** — ئىران كەۋرىكى.

㉒ **ئەنگۈزە** — سېسىق گەۋرەگ يېلىمى.

㉓ **چەشخام** — كۆز كېسەللىكلىرىگە قارشى تەييارلانغان دورا نامى. ئۇ كەسسىيا دەيدىغان ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىن تەييارلىنىدۇ.

㉔ **مامىران** — قانچۆپ.

㉕ **باسلىقۇن** — ئۇنى «شاھ دورا» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. تەركىبى مۇرەككەپ دورا.

㉖ **شىيافى** — ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ: 1) بۇرۇن ۋە كۆز كېسەللىرى ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. 2) ئۈچەي ۋە سۈيدۈك يولى كېسەللىرى ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. تەييارلاش ئۇسۇلى: زۆرۈر نەرسىلەر يانچىلغاندىن كېيىن سۇ ياكى بىرەر ئۆسۈملۈك شىرىنىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن شۇ خېمىردىن دۇب ياڭىقىغا ئوخشاش شامچىلار ياكى يۇمىلاق شارچىلار تەييارلىنىدۇ. سايە يەردە قۇرۇتىلىدۇ.

㉗ **«ھەببى زەھەب»** — («ئالتۇن ھەبب دورىسى») — مۇرەككەپ دورا نامى.

㉘ **ئاق مەلھەم** — (مەرھەمى ئەبيەز) — مۇرەككەپ دورا. تەييارلاش ئۇسۇلى: ئاق مومدىن ئىككى دەرھەم ئېلىپ، تۆت دەرھەم گۈل يېغىدا ئېرىتىلىدۇ. ئاندىن ئالتە دەرھەم قەشقەر ئۇپىسىنى قوشۇپ، مەلھەم بولغىچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(29) **گۇۋارىش** — ئەرەبچىسى « جۇۋارىش » ، پارسچە گۇۋارىدەن ( ھەزىم قىلىش ) فېئىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، ھەزىم دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ .

(30) **سىكەنجۇبىن** — سىركە ۋە ھەسەل دېگەن سۆز . بۇ شەربەت كۆپىنچە سىركە ۋە ھەسەلدىن تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان .

(31) **گەندەنا** — پارەي پىيىزى .

(32) **ئاقاقىيا** — ئەرەب ئاكاتسىيىسىنىڭ شىرنىسى .

(33) **گۈلنار** — ئانار گۈلى .

(34) **توقاي پىياز** — دېڭىز پىيىزى .

(35) **مۇمرەۋغەن** — (موم يېغى ) دېگەندە ، كافۇرى ( ئاق ) موم ۋە گۈل يېغىدىن تەييارلانغان ياغ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

(36) **ماگنىتىت** — ماگۇتىس تۆمۈر تاش ، ئاھەنرابا ، ماگنىت .

* *

**مۇھەررىردىن :** يۈسۈف ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف ئەتتەبىب ئەل — ھىرەۋى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خۇراساننىڭ خاف شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىمى بولۇپ ، ماھىر تېۋىپ ، لۇغەتشۇناس ۋە تارىخچى سۈپىتىدە نام قازانغان ئىدى . ھەكىم يۈسۈفى XV ئەسىرلەردە ئىلىم — مەرىپەتنىڭ گۈللەنگە مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھرىدە ياشاپ ئىجاد ئەتتى . ھەكىم يۈسۈفى ھىراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتى يېتىشتۈرگەن يەنە بىر يىرىك شائىر ، داڭلىق ھەكىم . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ « يۈسۈفى » دېگەن تەخەللۇس بىلەن كەڭ تۈردە تارقىلىشقا باشلىغان . ئۇنىڭ ئەدەبىي ۋە تىببىي ئىلىملەرگە دائىر مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئۆز دەۋرىدىكى كەسىپداشلىرىنىڭ بىردەك ماختىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىلا خۇراسان ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ھىندىستان ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىغىچە كەڭ تۈردە تارقالغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ خېلى كەڭ تارقىلىپ ، خەلقىمىز ئىچىدىكى ئەدىب ۋە تېۋىپلارنىڭ ئىجادىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن . يۈسۈفىنىڭ ئەدەبىي ۋە تىببىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ، بۇ تالانتلىق ھەكىم ۋە شائىرنىڭ تەرجىمھالىنى بىر قەدەر ئەتراپلىقراق يورۇتۇپ بېرىش بىزنىڭ بۈندىن كېيىنكى ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان خىزمەتلىرىمىزدىن بىرىدۇر . تۆۋەندە ئۇنىڭ رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان مەشھۇر ئەسىرى « ئىلاجەل — ئەمراز » دىن نەمۇنىلەرنى تونۇشتۇرىمىز . يۈسۈفى بۇ ئەسىرىنى 1509 ، 1510 — يىللىرى ئەتراپىدا يازغان . بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 291 رۇبائىينىڭ ھەر بىرى بىر خىل كېسەللىككە بېغىشلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا يۈسۈفىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە تىبابەتتىكى يېڭىلىقلىرى جەملەنگەن ، شۇنداقلا بەنە ئاپتورنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى يۈكسەك تالانتى نامايان قىلىنغان . بۇ رۇبائىيلار مەھمۇد ھەسەنى تەرجىمە قىلغان ۋە تۈزگەن ، 1990 — يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان « تەبابەت دۇردانىلىرى » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : **ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ .**

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

# تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى

**هۇرمەتجان ئابدۇرەھمان**

تەسەۋۋۇپ ئىسلام دىنىدىكى مۇرەككەپ بىر دىنىي پەلسەپۋى ئېقىم. ئۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى يېتىپ بارغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارغان. ھەم شۇ ئەلنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ھاياتىغا ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرىپ، بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ ئىزنالىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان شەرقشۇناسلار، ئىسلامشۇناسلار ھامان تەسەۋۋۇپنىڭ شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ناھايىتىمۇ زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ.

تەسەۋۋۇپ دەسلىۋىدىلا شېئرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى قىلغانىدى. تەدرىجى ھالدا شېئرىيەت تەسەۋۋۇپتىكى چۈشەنچىلىرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بىلەن ئۇنىڭغا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بىر قاتار ئوبرازلارنى ئېلىپ كىرىپ، تەسەۋۋۇپنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىتىپ، تەسەۋۋۇپتىكى بىلىشنىڭ ئابستىراكىت جەريانلىرىنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە بولغان بىر يۈرۈش سىمۋوللار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: مەي، مەيخانە، مۇغبەچە، گۈل، بۇلبۇل، ساقى، شام پەرۋانە ۋە باشقىلار.

ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن بولغان مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ( 1206 — 1273 )، پەرىدىددىن ئەتتار ( 1145 — 1229 )، شەيخ سەئدى ( 1209 — 1291 )، ھافىز شىرازى ( 1327 — 1389 )، ئۆمەر ھەييام ( 1048 — 1132 )، ئابدۇرەھمان جامى ( 1414 — 1492 )، ئەلشىر نەۋائىي ( 1441 — 1501 ) قاتارلىق كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلار ئىدىيىسىنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە چۈشىنشلىك. ئۇلاردىن بەزىلىرى مەخسۇس تەرىقەتلەرنىڭ ئاساسچىسى ياكى يېتەكچىسى بولغان. مەسىلەن: جالالىددىن رۇمى تۈركىيەدە بارلىققا كەلگەن « مەۋلەۋى » تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى بولسا، ئابدۇرەھمان جامى ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن « نەقشبەندىيە » تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى ئىدى. نەۋائىينىڭ جامى تەسىرى بىلەن نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەنلىكى مەلۇم. بۇ بىزگە تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زور ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئاتاقلىق ئىرانشۇناس،

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا تەسىرى چوڭ بولغان ئالىملاردىن بىرى، يى. ئې. بېرتېلس (1890 — 1957) ئەينى ۋاقىتتا، «تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنى ھاياتى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ». دېگەنىدى ①.

«تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى مۇتەسسەۋۋۇپلار» ناملىق ئەسىرى بىلەن دۇنيا تۈركولوگلىرى ئارىسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان دوكتور مۇھەممەد فۇئات كوپرۇلۇ (1890 — 1967) مۇشۇ كىتابىنىڭ بىرىنچى بېتىدە بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈرك ئەدەبىياتىدىكى مىللىي روھ ۋە مىللىي زوقنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان دەۋر — خەلق تىلى ۋە خەلق ۋەزنىنى قوللىنىپ كەڭ ئاممىغا خىتاپ قىلغان ۋە ئەسەرلىرى ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپلار دەۋرىدۇر» ②.

تەسەۋۋۇپنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان پىكىرلىرىدىنمۇ شۇنى ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلماي، ئۆگەنمەي تۇرۇپ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى دۇنيا قارىشى ۋە بىر قىسىم ئىدىيىۋى ھادىسىلەرنى تولۇقى ۋە ئەسلى ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىش، يورۇتۇشتىن ئېغىز ئېچىش قىيىن. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز، تارىخىدا بىز ئىدىيىۋى خاھىش، يۆنىلىش جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئۆزىلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نە قەدەر زۆرۈرلىكى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دەسلەپىدىلا شېئىرىيەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقى تەلىماتلىرىنى نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن شەرھلەپ يازغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا، شېئىرىي بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلار ياردىمىدە بايان قىلىنغان ئەسەرلەر كۆپرەك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش بىلەن ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىر ــ بىرىگە چەمبەرچەس گىرەلىشىپ كەتكەن. ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب، ۋەزىن ۋە باشقا مەسىلىلەر ئەدەبىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىنسىمۇ، ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئىدىيىۋى يۆنىلىش ئۇستىدىكى مۇھاكىمىلەر ھامان پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرى بىلەن تونۇشۇش، تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى بەلگىلىك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ. بىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي تەلىماتىنى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى، ئالەم قارىشى ئىنسان قارىشى ۋە تەسەۋۋۇپ بىلەن پانتېئىزم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۇستىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىز، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى گۈزەللىكنىڭ ئېستېتىكىلىق ئاساسلىرى ھەققىدىكى تەھلىللىرىمىز ئاساسىدا بىر قانچە چوڭ تېمىلارغا بۆلۈپ مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانىمىز. لېكىن بۇ ماقالىمىزدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەلىمات-

لىرى ھەققىدە ئەمەس. بەلكى ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى ئۈستىدىلا مۇلاھىزە ئېلىپ بارماقچىمىز. ئاساسىي تەلىماتلارنى بولسا كېيىنكى قەدەمدە ئايرىم ئايرىم ماقالە شەكلىدە تەقدىم قىلماقچىمىز.

## 1. «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار

«تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تا ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بىر قاراش يوق. گەرچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ ئاتالغۇنى ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ» مەنىسى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكىرنى ياقلىسىمۇ، بۇنى دەلىللەيدىغان ئىشەنچلىك بىرەر يازما مەنبە بولمىغاچقا بۇمۇ يەنىلا بىر خىل پەرەز بولۇپ تۇرماقتا.

ھازىر ئىلىم ساھەسىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغان قاراشلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. بۇلار دەلىل ئۈچۈن دەسلەپكى سوپىلارنىڭ ئاساسەن يۇڭدىن قىلىنغان قوپال ھەم كۆرۈمسىز تون كىيىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنى «سۇفى» يەنى «يۇڭدىن تون كىيگەن كىشى» («سۇف» سۆزىنىڭ تۇرلىنىشى¹) دەپ ئاتاشقان دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(2) گىرېك تىلىدىكى «ئەقىل پاراسەت، ھىكمەت» مەنىلىرىدىكى «sophos» ياكى «sophia» (يەنى فىلاسوفىيە، پەلسەپەدىكى «سوفىيە») سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش.

(3) «ئەسھابى - سۇففە» ياكى «ئەھلەل - سۇففە» دىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا مەدىنىدە بىر مەسچىد سالدۇرغان بولۇپ، بۇ مەسچىدگە «مەسچىدى نەبى» (پەيغەمبەر مەسچىدى) دەپ نام بېرىلگەن. مەسچىدنىڭ ئىچىگە بىر سۇپا سالدۇرۇلغان بولۇپ پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەن ساھابىلەر ئەنە شۇ سۇپىغا جايلىشىپ، شۇ يەرنى ماكان تۇتقانلىقى ئۈچۈن «سۇپىغا جايلاشقانلار» ياكى «سۇپىنى ماكان تۇتقانلار» دېگەن مەنىدە «ئەسھابى سۇففە» ياكى «ئەھلەل - سۇففە» دەپ ئاتالغان. سوپىلارنىڭ خانىقاھدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىشى بىلەن «ئەسھابى سۇففە» ئارىسىدا بىر باغلىنىش بار دېگەن پىكىر ئاساسىدا، «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققان.

(4) «سەفى - ئەۋۋەل» — نامازدا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا قارىتا ئېيتىلغان بۇ سۆزنى تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى دەپ قارىغۇچىلارنىڭ پىكرىچە، سوپىلار ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان تائەت ئىبادىتى بىلەن ئاخىرەتتە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ نام مۇشۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ.

( 5 ) « بەنۇس ـ سۇففا » ــ بۇ بەدەۋى قەبىلىلىرىدىن بىر تارمىقنىڭ نامى بولۇپ، كەبىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى مۇشۇلار تەرىپىدىن قىلىنغان، بۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا سادىقلىق بىلەن قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن سوپىلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئىخلاسى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار دەپ قارالغان.

( 6 ) « پاكىز، ساپ » مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان « سەفا » سۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشى بىلەن « سۇف بە » بولۇپ قالغان دېگەن قاراش.

( 7 ) « بىر تەرەپتە تۇرماق. يۈز ئۆرۈمەك » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان « سەۋق » ( sawf ) سۆزىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ قاراشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ پىكرىچە، سوپىلار قەلبنى ئاللاغا قارىتىپ، باشقا ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ يۈز ئۆرۈيدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن مۇشۇ سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتىمۇ يېقىن كېلىدىكەن.

يۇقىرىدىكى قاراشلار ئىچىدە بىر قەدەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە ئومۇمىيراق بولغان قاراش ( 1 ) ۋە ( 2 ) قاراشلار بولۇپ، مەيلى تارىختا ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قاراشلىرىدا بولسۇن. مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكى كۆپىنچە ئالىملار « تەسەۋۋۇپ » ئاتالغۇسىنى ئەرەبچىدىكى « سۇف » سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ.

يۇقىرىدىكى قاراشلاردىن باشقا يېقىنقى تەتقىقاتلاردا يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە ئىلگىرىكىدىن تامامەن پەرقلىق بولغان قىياسلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبراھىم ھەققۇلوۋنىڭ پىكرىچە، شەھابىدىن سۇھرەۋەردى ( 1145 ــ 1234 ) « ئەۋارىفۇل مەئارىف » ( « بىلىش ئىنئامى » ) ناملىق ئەسىرىدە « سۇفى » سۆزىنىڭ تۈركى تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەيد قىلغان ③. ئەپسۇس، بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىللاردا نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى يازمىغان. ھەققۇلوۋ ئۆز كىتابىدا ئەزەربەيجان ئالىمى ئا. گ. ئەلىيېۋنىڭ « سۇ » سۆزىنىڭ مەنبەسىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سۇنى مۇقەددەس بىلىشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقادى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىپ، « سۇف نىڭ تۈركىي تىلدىكى « سۇ » ( يەنى « سۇۋ » ) دىن كەلگەن دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ بۇ پىكىرگە مايىللىق بىلدۈرىدۇ ④.

لېكىن، بۇ يېڭى قاراشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىن.

دەرۋەقە بىر قىسىم ئالىملار تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردە تارقىلىش جەريانىدا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى بەزى دىنىي ـ ئېتىقادلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىشۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ قىياسلارمۇ ئاساسەن شامانىزىمنىڭ قالدۇقلىرىغا قارىتا ئېيتىلغان.

سۇنى ئۇلۇغلاپ، مۇقەددەس بىلىش بىلەن « سۇف » سۆزىنىڭ مەنبەسى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەت بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقى ھازىرچە كىشىنى ئانچە قايىل قىلىپ كېتەلمەيدۇ.

چۈنكى، سۇھرۇۋەردىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ سۆزنىڭ نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتمىگەن.
بۇ مەلۇمات سۇھرۇۋەردىنىڭ ئەسلى يازمىسىدا بارمۇ ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە كۆچۈرگەنلەر
تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغانمۇ (بۇنداق ئەھۋاللار بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ
ئۇچراپ تۇرىدۇ.)، بۇ نۇقتىنى ئەسەرنىڭ باش ئاخىرىنى قوشۇپ، بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل
قىلىشنى، ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋرلەردىلا
تۈركىي، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەدرىس، خانىقاھلاردىمۇ كۆپ ئوقۇلغان.
تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىنغان. لېكىن يۇقىرىدىكى
«سۇف» سۆزىنىڭ تۈركىي تىلىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە دائىر مەلۇمات ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى
تارتمىغان. بۇ بىر ئاز ئەجەبلىنەرلىك. يەنە كېلىپ تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى
ھەققىدە تېخىچە ئېنىق بىر مەنبە يوق تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق مەلۇمات بۇ ساھەدىكى-
لەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئەلبەتتە.

بۇنىڭ بىلەن «سۇف» سۆزىنىڭ تۈركى تىلىغا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى،
شۇنداقلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەزەر بەيجان ۋە ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ پەرەزلىرىنىڭ ئېھتى-
ماللىقى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى،
ئايدىڭلىشىشى ھەم مۇمكىن.

ئەمما ھازىرچە، مېنىڭ قارىشىمدا، بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنبەسىنى يەنىلا شۇ ئېقىم، شۇ
ھەرىكەت بارلىققا كەلگەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتتىكى تىللاردىن ئىزدەش ئەمەلىيەتكىمۇ،
مەنتىقىغىمۇ ئۇيغۇن كۆرىنىدۇ.

«تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بۇنداق ئېنىقسىزلىق،
مۈرەككەپلىك ئارقىسىدا، بۇ ئاتالغۇنى ئېتىمولوگىيىلىك ماھىيەتكە ئىگە ئەمەس، بۇنىڭدىكى
ھەربىر ھەرپ ئۆزىگە خاس مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەيدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا
چىققان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «سۇف» سۆزىدىكى «س» — ساداقەت، سىيانەت، سەلا؛
«ۋ» — ۋەسل، ۋەجد، ۋەفا، «ف» — فەرەھ، فەتەھە، فەرەجە (سۆزلەرنىڭ مەنىسى
ئۈچۈن ئىزاھقا قاراڭ) دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ⑤.

يۇقىرىدا بىز «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تۈرلۈك
قاراشلار ۋە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پىكىرلەر ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى «تەسەۋۋۇپ»
سۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش مەنىسى يەنى سوپىلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئىستىمال مەنىسى
ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ ئۆتىمىز. ئەلبەتتە، بۇ ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

## 2. «تەسەۋۋۇپ» نىڭ ئىستىلاھ مەنىسى

ئىستىلاھ — ئاتالغۇ، تېرمىن دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا مەلۇم بىر سۆز ياكى ئاتالغۇنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن باشقا مەلۇم بىر ساھەگە نىس-
بەتەن خاس مەنىگە ئىگە بولۇشى ياكى ئەمەلىي ئىستىمال مەنىسىگە ئىگە بولۇشىغا (يەنى
ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن قىسمەن پەرقلىق ھالدا) نىسبەتەنمۇ ئىستىلاھ مەنىسى دەپ قوللى-
نىدۇ. بۇنى ئۆزگىچە مىزبىلەن ئىستىمال مەنىسى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. بىز بۇيەردە

سوپىلارنىڭ قارىشىدىكى «تەسەۋۋۇپ» نىڭ ئىستىمال مەنىسى ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز ئۈچۈن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىمال مەنىسى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم رېينولد نىكولسون (1868 — 1945) XI ئەسىرگىچە بولغان يازما مەنبەلەردىن تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرنىڭ 78 خىلغا يەتكەنلىكىنى ئېنىقلىغان ئىكەن. بۇنىڭدىمۇ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرلەرنىڭ بىردەك ئەمەسلىكى ھەم مۇرەككەپلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

گەرچە سوپىلارنىڭ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرلىرىدە بىردەكلىك بولمىسىمۇ، ئەمما تۈپكى نىشان، غايە جەھەتتە ئاساسەن ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. دەسلەپكى مەزگىللەردە تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە ئومۇمەن تەسەۋۋۇپنىڭ نەپسنى يېڭىپ، قەلبنى ماسىۋادىن (ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسىدىن) تازىلاش، ئاللاغا بولغان سادىقلىق، ئىخلاسمەنلىكىنى، پاكلىقنى ئىپادىلەش مەقسەد قىلىنغان ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. شۇڭا سەرىي سەكاتى (ھىجرىيە 261/ مىلادى 865 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «تەسەۋۋۇپ — گۈزەل ئەخلاقتۇر.» دەپ تەبىر بەرگەن ⑥. ئەلى سەھل بىننى ئەل ئىسفاھانى بولسا، «تەسەۋۋۇپ — ھەقتىن غەيرىدىن ئۇزاق ۋە ماسىۋادىن يىراق بولماقتۇر» دەيدۇ ⑦. سەھلەت تۇستەرى (ھىجرىيە 383/ مىلادى 896 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولسا ئاز يېمەك، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى راھەتكە ئىنتىلمەك ۋە ئىنسانلاردىن قەلبنى ئۇزاق تۇتماقتۇر.» دەپ شەرھىلەيدۇ ⑧.

جۇنەيد بەغدادى (ھىجرىيە 298/ 910 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تەبىرىچە، «تەسەۋۋۇپ — ماسىۋا بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئاللاھ بىلەن بىللە بولماقتۇر» ⑨. ئەبۇ ياقۇپ (ھىجرىيە 330/ مىلادى 942 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «تەسەۋۋۇپ — ئىنسانلىققا ئائىت سۈپەتلەرنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت»⑩ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئابدۇرەھمان جامىنىڭ «بەھارىستان» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەيردىن (967 — 1049) «تەسەۋۋۇپ نېمە»؟» دەپ سورالغاندا، «بېشىڭدا نېمە بولسا چىقىرىپ تاشلاش، قولۇڭدا نېمىكى بولسا ئۇنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ۋە باشقىلاردىن ساڭا قانداق ئازار يەتسە رەنجىمەسلىك» دەپ جاۋاپ بەرگەن⑪.

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرگىنىمىزدەك، دەسلەپكى باسقۇچتا تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە تەقۋاگەرلىك كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىدلىققا خاس چۈشەنچىلەر ئىدى. تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن بولسا، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىدلىقنى بىر خىل رىياكارلىق (ئىككى يۈزلىمىچىلىك، شەكلىۋازلىق) ھېسابلاپ ئۇنى ئىنكار قىلىش خاھىشىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپتىكى «ئىشق» چۈشەنچىسىنىڭ راۋاجلىنىپ بېرىشى بىلەن بۇ خاھىش تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. يەسەۋى ئۆز «ھېكمەت» لىرىدە:

قۇل خاجە ئەھمەد زاھىد بولما ، ئاشىق بولغىل ،
بۇ يوللاردا بىباك يۈرمە ، سادىق بولغىل .

دېسە ، ئەلشىر نەۋائىي ،

تەسەۋۋۇپ ئەمەس زۇھدۇ تەقۋىيۇ تائەت ،
كى ئاندا رىيا يول تاپار بىقەۋەققۇف .

دەپ تەسەۋۋۇپنىڭ مەنىسى رىياغا يول ئاچىدىغان زۇھدۇ تەقۋا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

تەسەۋۋۇپقا ئىبن ئەرەبىنىڭ « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » ( بارلىقنىڭ بىرلىكى ) تەلىماتى قوشۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە مۇشۇ تەلىمات ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولۇپ ، تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى « ئەھلى ۋەھدەت » ( بىرلىك تەرەپدارلىرى ) دەپ ئاتالغان . بۇ ھال ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەخلاقىي يۆنىلىشكە نىسبەتەن كېيىنكى مەزگىللەردە پەلسەپىۋى يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ بىرقەدەر گەۋدىلىكرەك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى كېيىنكى چاغلاردا « ئەھلى ۋەھدەت » دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش ، تەسەۋۋۇپمۇ ئاساسەن ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ، خۇدا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئۆزلۈكنى يوق قىلىش يولى سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنغان ھەم شۇ مەنىدە قوللىنىلغان . شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىلاھ مەنىسىمۇ ئاساسەن ئۇنىڭدىكى ۋەھدەت قارىشىغا قارىتىلغان ئىدى .

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى ھەققىدىكى بۇ قىسقا پىكرىمىزنى ئەلشىر نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز :

قىلىب ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن ،
نەۋائى ، مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇف .

دېمەك ، نەۋائىنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپ زاھىدلىق ياكى زۇھدۇ ـ تەقۋا ئەمەس ، بەلكى ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت ، يەنى ئۆزلۈكتىن كېچىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت .

## 3 . تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى

« تەسەۋۋۇپ » دېگەن بۇ نامنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى بىر قەدەر كېيىنرەك بولسىمۇ ، لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى مىلادى VI . ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى VII . ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ( بىز بۇ يەردە ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز . ) كۆرۈلۈشكە باشلىغان . ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ ، « تەسەۋۋۇپ باشقا ئىسلامىي ئىلىملەرگە ئوخشاش پەيغەمبەر ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) نىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە باشلانغان . تەسەۋ-

ۋۇپ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى بولسا ھىجرى I . ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ . »⑫دەپ قارايدۇ .

ئۇنداق بولسا تەسەۋۋۇپ قانداق پەيدا بولغان ؟ ئۇ خۇددى بىر قىسىم غەرپ ئالىملىرى ( مەسىلەن : R. Dozy , E. H. palmer ) ئېيتقىنىدەك ، باشقا دىنلاردىكى بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كۆرسەتكەن تەسىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنمۇ ؟ تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى قانداق بولغان ؟ تۆۋەندە دىققىتىمىزنى بۇ مەسىلىلەرگە قارىتىمىز .

## ( 1 ) تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسلار

تەسەۋۋۇپ ئاسادىيپى ھالدا پەيدا بولغان ياكى سىرتقى تەسىرلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تۈرتكىسى بىلەن ئاندىن ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى .

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مانا شۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ــ ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كەيپى ـ ساپا ، ئەيشى ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ، چىرىكلىك ، دىنغا ئېتىبارسىز قاراش قاتارلىق ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى .

ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان غازاتلاردا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماددىي بايلىقلارنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەر ، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بارا ـ بارا ئەيشى ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىشكە باشلىغانىدى . بۇ ئەھۋال ئۇمەۋىيىلەر دەۋرى ( 661 ــ 750 ) نىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ كۈچەيدى . ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دىنىي ئىشلار ئەمەس ، بەلكى دۇنياۋى ئىشلار بولۇپ ، دىنىي ئىشلار بولسا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى .

مەلۇمكى ، ئىسلام دىنى بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ دۆلەت دىنى قىلىنغان بولماستىن ، بەلكى دىن ھاكىمىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ ، ئەرەب خەلىپىلىكى ھاكىمىيتى دىن ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ئىدى . شۇڭا خەلقنىڭ نەزىرىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر چوقۇم دىنىي ئىشلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى ساقلىشى ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى . ئەمەلىيەت بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە دىن ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى . ئاۋام خەلق ئىسلامنىڭ خۇددى پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلەر دەۋرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشىنى كۈتەتتى . لېكىن رېئاللىق بولسا ، « بۇ دەۋردىكى ئىسلامنىڭ قىياپىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەر دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ قىياپىتى ئارىسىدا زور پەرق بار »⑬لىقىنى ھېس قىلدۇرۋاتاتتى .

ھاكىمىيەتنىڭ سىياسى ھاياتىدا بولسا ھوقۇق تالىشىش، سىياسىي ئۈستۈنلۈك مەقسەد قىلىنغان تۇرلۇك نىزالار، سۇيىقەستلەر كۆچىيىشكە باشلىغانىدى. ئۇمەۋىيلەردەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەلىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىمام ھۇسەيىن كەربالادا سۇيىقەست بىلەن بوغۇزلاپ قەتل قىلىنىدۇ. بۇنداق قان تۆكۈش، قىرغىنچىلىقلار ئابباسىيلار دەۋرى ( 750 ــ 1258 ) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تېخىمۇ ئەۋجگە چىقتى. ئابباسىيلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس ئابدۇللاھ ( ھۆكۈمرانلىق ۋاقتى: 750 ــ 754 ) ھاكىمىيەتنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇمەۋىيلەر خانىدانىغا مەنسۇپ بولغانلارنى قىرغىن قىلىشقا باشلانىدى. ھەتتا ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى بۇزدۇرۇپ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرىگە ئوت قويۇپ، دارغا ئېسىپ سازايى قىلغانىدى، ئۇ يەنە ئۇمەۋىيلەردىن 90 ئادەمنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش ھىلىسى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ئىسلام تارىخىدا ئەبۇ ئاب- باس ئابدۇللاھ « قانخور، قان توككۇچى » دېگەن مەنىدىكى « سەففاھ » دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان ئەبۇ جەئفەر ئەل مەنسۇر ( ھۆكۈمرانلىق ۋاقتى : 754 ــ 775 ) قىرغىنچىلىقتا سەففاھتىن ئېشىپ چۈشتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشىدا چوڭ رول ئوينىغان ئەبۇ مۇسلىمنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش ۋاستىسى بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرگەنىدى. ھەنەفى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەمۇ ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ زىنداندا جان ئۈزگەن.

ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكىي قىسمىدا كۆنسىرى ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇنداق ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرىدىكى قىرغىنچىلىقلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇرلۇك بالايى ــ ئاپەتلىرى يەنىلا ئاددىي خەلقنىڭ ئۈستىگە كېلەتتى. تاياق ــ توقماقنىڭ ئوبيېكتى كۆپىنچە ھاللاردا يە- نىلا ئاۋام خەلق بولاتتى. شۇڭا ئۇلاردا ئۆزلىرىگە بالايى ــ ئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇنداق تۇرلۇك سىياسىي توقۇنۇش، قىرغىنچىلىقلارغا، بولۇپمۇ خەلىپىلىكنىڭ ماددىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك كەيپىياتلىرى مۇقەررەر ھالدا نارازىلىق خاھىشى تۇغدۇرماي قالمايتتى. بۇ خىل نارازىلىق خاھىشىنىڭ مەلۇم يوسۇندا ئىپا- دىلىنەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مانا بۇلار تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخلىرىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېيتىمىزكى، تەسەۋۋۇپ ئىسلام مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئەينى دەۋردىكى ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي، سىياسىي داۋالغۇشلى- رى، ھاكىمىيەت ئىچىدىكى نىزالار، ئەخلاقىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى، دىنىي ئىشلارغا ئېتىبارسىز قاراش قاتارلىق ئامىللار تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولغان زاھىدلىقنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىغان ئىجتىمائىي ئاساسلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ كەيپى ــ ساپاغا بېرىلىشى نەتىجىسىدە بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان ئەخلاقسىزلىق، چىرىكلىك كەيپىياتلىرى بىر تۇركۇم ئېتىقادى كۈچلۈك، ئەخلاقى پەزىلىتى ياخشى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەت قاتلىمى ھېسابلانغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئاددىي خەلقنىڭ

ئىدىيىسىدە نارازىلىق خاھىشىنى ئويغىتىپ، بۇنداق كەيپىياتقا خاتىمە بېرىش ئېستىكىنى پەيدا قىلاتتى. ئىبن خەلدۇن (1332 — 1406) نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلار، پاك دىل مۆتىۋەرلەر ئەخلاقىي بۇزغۇنچىلىق ھادىسىلىرىگە خاتىمە بېرىشنى، ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى توسۇشنى تەلەپ قىلاتتى...»[14]

ئىجتىمائىي كەيپىياتتىكى بۇنداق ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغان دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا باغداتتا تەشكىلات قۇرۇپ، بۇنداق بۇزۇقچىلىقلارنى توسۇش ئۈچۈن پائالىيەتمۇ ئېلىپ بارغان. لېكىن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ بىرىيەردىن چىقمىغان، بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەر يول قويغان دائىرىدە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر بۆلۈكلىرى «قۇرئان» ۋە سۈننەتكە تايىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش ياساشنى تەشەببۇس قىلغان.

ھالبۇكى، بۇنداق نارازىلىق خاھىشتىكىلەر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا بارغانسىرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ، چىرىكلىكلەرنىڭ باش مەنبەسى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ ئۈنچىلىك زور تەسىر قوزغىيالىشى، ئۇنۇمگە ئېرىشەلىشى قىيىن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن نارازى بولغان، ئېتىقادىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ دىنىي ھايات ئىچىدە ياشاشنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىغا خىلاپ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بەزى كىشىلەر بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان جەمئىيەتتىن ئۆزىنى تارتىپ، خىلۋەت ماكانلارغا يوشۇرۇنۇپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن تەركى دۇنيالىق — زاھىدلىق يولىغا ماڭغانىدى.

گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەركى دۇنيا بولىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا ئوتتۇرا ھالدا دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىدلىق گەرچە پاسسىپ ھالدىكى نارازىلىق بولسىمۇ، شۇ تارىخىي شارائىتقا نىسبەتەن، يەنىلا بەلگىلىك ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

دەسلەپكى باسقۇچتىكى بۇنداق دىنىي ئېتىقادقا سادىقلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان ھالدا باشلانغان زاھىدلىقتىن ئىبارەت بۇ دىنىي پائالىيەت ئاساسەن ئايرىم شەخسلەرنىڭ يەككە ھالدىكى دىنىي پائالىيەتلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئاكادېمىك ئا. كىرىمسكىينىڭ ئېنىقلىشىچە، سۇفى سۆزى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان بولۇپ، ئاساسەن ئېتىقادى كۈچلۈك كامىل مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن[15]. ئابدۇراھمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپ سۇفى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان كىشى ئەبۇ ھاشىم سوپى (ھىجرىيە 150 / مىلادى 767 ـ يىلى ۋاپات بولغان.) بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى خانىقاھمۇ سۇرىيىنىڭ رەمل شەھرىدىكى ئەبۇ ھاشىم خانىقاھىدىن ئىبارەت[16].

زاھىدلىق دەسلىۋىدە بەسرەدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ ، دەسلەپكى دەۋردىكى سوپىلار ئاساسەن بەسرە بىلەن كۇفەنى مەركەز قىلغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . بەسرەدىكىلەر سۇننىلەردىن بولۇپ ، ئۇلار ھەسەن ئەل بەسرى (ھىجرىيە 177 / مىلادى 728 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇستاز تۇتقان . كۇفەدىكىلەر بولسا شىئەلىككە مايىل بولۇپ ، ئۇلار رەبىئە ھىيشام ، جابىر بىننى ھەييان ، كۇلەيب ئەل ـ شەيداۋى قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇستاز تۇتقان⑰ .

## ( 2 ) تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىدىيىۋى ئاساسلار

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن كۆرۈۋىشكە بولىدۇكى ، تەسەۋۋۇپ دەسلەپ پەيدا بولغاندا بەلگىلىك ئىدىيىۋى ، نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى ياكى ئىدىيىۋى تەلىمات سۈپىتىدە ئەمەس ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنىڭ پاسسىپ ھالدىكى ئىپادىسى سۈپىتىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ يەككە ھالدىكى دىنىي پائالىيىتى بىلەن باشلانغان . دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىدلارنىڭ تەركى دۇنيالىق يولىغا مېڭىشىدىكى ئاساسىي مۇددىئاسى ــ ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنى يوقاتماسلىق ، نەپسانىيەتچىلىككە ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك ، ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش قارقىلىق ئاللانى ياد ئېتىش ئىدى .

مەلۇمكى ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق تەشەببۇسلىرى دۇنيادىكى باشقا دىنلارغا قارىغاندا بىر قەدەر كۈچلۈكرەك ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ، « مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ كەلدىم . » دېگەنىكەن⑱ . يەنە بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ، « قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلار ــ ئەخلاقتا يېقىملىقراق بولغانلاردۇر . »⑲دېگەنىكەن .

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقت ئۆتمىگەن بىر مەزگىلدە ، ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە كۆرۈلگەن ئەخلاقسىزلىق ، ئىشرەتۋازلىق ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەچكە ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەخلاقسىزلىق بىلەن تولغان جەمئىيەت ئىچىدىن ئايرىلىپ ، ئېتىقادىغا سادىق بولۇپ ، پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش يولىغا ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق .

شۇڭا ، تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىدە ئالدى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىشنى ، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۈرنەك قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ھەم بۇنى ئەخلاق جەھەتتىكى كامىللىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ . شۇڭا تەسەۋۋۇپتا ئەخلاق خاھىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز .

دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىدلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىق ، مەئىشەتكە بېرىلمەسلىك ، ئاز يېيىش ، ئاز ئۇخلاش ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق زاھىدانە تۇرمۇشىنىڭ دەسلەپكى ئۈرنەكلىرىنى پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەرنىڭ تۇرمۇشلىرىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن . مەسىلەن ، كېچىسى قاتتىق ئۇخلاپ قې-

لىپ ئىبادەتنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن يۇمشاق ئورۇنلاردا، تۆشەكلەردە ياتماستىن بورا ئۈستىدىلا ياكى قاتتىق ئورۇنلاردا يېتىپ ئۇخلاش، باشقىلارغا قارىغاندا ياخشى يېيىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، بىر نەچچە تال خورما يەپ قويۇپلا بولدى قىلىش قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئۆرنەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى[20].

تەسەۋۋۇپتىكى قەلبنى ماسىۋادىن تازىلاپ ئاللاغا قارىتىش، ئاللانى ياد ئېتىش (زىكرى) قاتارلىق دىني پائالىيەتنىڭ «قۇرئان» ۋە سۈننەتتە بەلگىلىك ئىدىيىۋى مەنبەسى بارلىقى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەردە كۆپ قەيد قىلىنغان، ھەم بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئايەت، ھەدىسلەر دەلىل كەلتۈرۈلگەن. دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىدلارنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى بولغان زىكرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

«مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن.» (سۈرە بەقەرە: 152 ئايەت)

«پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت.» (سۈرە ئال ئىمران: 41 ئايەت)

«پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن. ئەتىگەندە ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن» (سۈرە ئەئراف: 205 ئايەت)

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن ...» (سۈرە مۇزەممىل: 8 ئايەت)

«ئى مۆمىنلەر، ئاللانى كۆپ ياد قىلىڭلار ...» (سۈرە ئەھزاب: 41 ئايەت)

«ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار» (سۈرە ئەھزاب: 41 ئايەت)

«ئاللا ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» (سۈرە نەھل: 128 ئايەت)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىدلىقنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» دا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى. دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىدلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىبادەت قىلىش، ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بولغانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ھوزۇرلىرىغا، مەئىشەتلىرىگە بېرىلىشنىڭ، مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭمۇ «قۇرئان» دا ئۇچرايدىغانلىقى زاھىدلارنىڭ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ئۇ كۈنى مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت پاك قەلبى بىلەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ.» (سۈرە شۇئەرا: 88 ـ 89 ئايەتلەر)

دەسلىۋىدە پەقەت ئاللانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭغا سادىقلىقىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە كۆڭۈلدىن ھەممىنى چىقىرىپ تاشلاپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت دىني پائالىيەت بىلەن باشلانغان تەسەۋۋۇپ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ تەپەككۇر دېڭىزىنىڭ قايناملىرىغا چۆكۈرۈلۈشكە باشلىدى. تەنھالىق ئىچىدە ھەممىنى ئۇنۇتۇپ پۈتۈن

دىققەتنى ئاللانى ياد ئېتىشكە قاراتقان زاھىدلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەشغۇلىيىتىدىن بىر مەنا ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار دەسلەپتە «قۇرئان» دىكى ئاللانى ياد ئېتىشكە تېگىشلىك ئايەتلەر-نىڭ تۇرتكىسىدە زاھىدلىق يولىغا ماڭغان بولسا، ئەمدى ئۇلار «قۇرئان» دىكى ئايەتلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلىرى بارلىقىنى چۈشىنىشكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «قۇرئان» نىڭ ھەم زاھىرى (تاشقى) ھەم باتىنى (ئىچكى) مەنىسى بارلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ مەنىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. تەسەۋۋۇپ ئەمدى دەسلەپتىكى نوقۇل دىنىي پائالىيەتلا ئەمەس، بەلكى بۇ پائالىيەتلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەشكە قاراپ راۋاجلاندى. بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئىگە پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە سىرتقى ئىدى-يىلەرنىڭ، دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، شۇنداقلا ئۇلاردىنمۇ ئوزۇقلىنىشى تەبىئىي. بۇ بەلكىم ئىدىئولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بولسا كېرەك. لېكىن بۇ يەردە بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز: تەسەۋۋۇپنىڭ كېيىنكى تەلىماتلىرىغا ئاساسلىنىپلا ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى پۈتۈنلەي ھىندىستاندىن ياكى قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە يېڭى پىلاتونىزمدىن، ياكى بولمىسا خىرىستىيان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىن ئىز-دەش، بىرىنچىدە ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىدىيىۋى مەنبەنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇنى «ئارىيانلار-نىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ تەرەققىياتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ جەزملەشتۈرۈش (مەسىلەن: E. H. Palmer) ياكى بولمىسا ھىندىستاننىڭ تىپىك «مەھسۇلى» (21) دەپ چۈشەن-دۈرۈشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن.

توغرا، ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش جەريانىدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ زېمىن تېررىتورىيەسىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللىي تەركىپ-لەرمۇ مۇرەككەپلەشكەن. بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر گەرچە كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بولغان قەدىمكى يۇنان، قەدىمكى ھىندى ۋە پارس مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئىدىئولوگىيە ساھەسىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سىڭىشىش، تەسىر كۆرسىتىش، قوبۇل قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىختىرا قىلىشتەك مەدەنىيەت ئالمىشىش جەريا-نىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزىدە ئىپادىلىمەي قالمايتتى. مانا شۇ ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىسلام زېمىنىدا ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە بۇ زېمىندا ئەسلىدە بار بولغان مە-دەنىيەت بىلەن قوشۇلۇپ، ئەرەب خەلىپىلىكى تەۋەلىكىدىكى بارلىق خەلقلەر ئورتاق ياراتقان (گەرچە ئاتىلىشى توغرا بولمىسىمۇ) «ئەرەب مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلگەنىدى. بۇنىڭلىق بىلەن تەسەۋۋۇپنى پۈتۈنلەي سىرتقى ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن دېيىش، ئەمەلىيەتتە ئانچە ئىلمىي بولمىسا كېرەك.

ئەمدى، تەسەۋۋۇپنى باشقا دىنلاردىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن دېگەن قاراشقا

كەلسەك، بۇ يەردە ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان شۇنداق بىر پاكىت مەۋجۇتكى، ھەرقانداق دىندا تەسەۋۋۇپقا ئوخشاش پىكىر ئېقىملىرىغا يەنى مىستىسىزمغا مەلۇم دەرىجىدە زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. چۈنكى، خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان دىن قىسمەن ھالدا بولسىمۇ ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىغا بولغان ئىنتىلىشى، ئۇنى بىلىشكە، تونۇشقا ئىنتىلىشىگە دائىر پىكىر – چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ؛ بۇ خىل چۈشەنچىلەر مىستىسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئىدىيىۋى مەنبە ھازىرلايدۇ. شۇڭا ئەنگلىيەلىك دىنشۇناس، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جافېررى پاللىندىر مىستىسىزىمنىڭ ھەرقايسى دىنلارغا نىسبەتەن ئومۇمىيلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[22]. شۇنداق ئىكەن «بىز ئەلبەتتە، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولغان باشقا دىنىي پەلسەپىۋى سىستېمىلاردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دەپ ئويلىماسلىقىمىز لازىم. مەلۇمكى، ئوخشاش بولغان ئىجتىمائىي شارائىت كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولغان ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ۋە قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاز بولمىغان ئوخشاشلىقلار تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. نىھايەت، دىنلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى كۆپلىگەن ئورتاقلىقلارغا ئىگىدۇ، ئاخىر!»[23]

بىز يۇقىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ زاھىدلىق باسقۇچىدىكى زۇھدۇ – تەقۋا، ئاللانى ياد ئېتىش (زىكىر) قاتارلىقلارنىڭ «قۇرئان» ۋە سۈننەتتە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. تۆۋەندە تەسەۋۋۇپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىسلەردىن بەزىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللا ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللا ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن. ئاللا ئۇلار بىلەن بىللىدۇر.» (سۈرە مۇجادەلە 7 ئايەت)

«بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز ...» (سۈرە قاف: 16 ئايەت)

تۈركىيەلىك ئالىم ئەھمەد ھىلمى «ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى ئىسلامىي ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن بۇ مەنبەلەرنى كۆرسىتىش كۇپايىدۇر» دەپ تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ[24]:

«مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللانىڭدۇر. قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ ئۇ ئاللانىڭ تەرىپىدۇر.» (سۈرە بەقەرە: 115 ئايەت)

«ئاللانىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، ئاشكارىدۇر، مەخپىيدۇر.» (سۈرە ھەدىد: 3 ئايەت)

«ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى ئاللا ئۆلتۈردى، ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، ئاللا ئاتتى.» (سۈرە ئەنفال: 17 ئايەت)

ھەدىسلەردىن بۇ ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن بىرىدە شۇنداق دېگەن ئىكەن:

«مېنىڭ ئاللا بىلەن شۇنداق بىر ۋاقتىم باركى، نە مۇرسەل نەبى، نە مۇقەررەب

مەلەكلەرمۇ ئارىغا كىرەلمەيدۇ .»[25]

ئەھمەدى ھىلمى ئەپەندى بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىغا مەنبە بولغانلىقىنى قەيد قىلىدۇ .

لۇئىس ماسىگنونمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى نەتىجىسىدە تەسەۋۋۇپنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدە بارلىققا كەلگەنلىكى، تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا سىرتتىن كىرگەن دېگەن قاراشلارنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ قارىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرغانىدى[26] پروفېسسور جافىررى پالىندىر ئۆزىنىڭ «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن بىر قىسىم ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە شۇنداق يازىدۇ: «تەسەۋۋۇپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەبئىي تەرەققىيات بولۇپ، ئۇ ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىدىن كېيىن كۆرۈلگەن دۇنياۋى تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىشكە بولغان قارشىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخىمۇ ساپ ۋە تېخىمۇ ئىچكى خاسلىققا ئىگە دىنغا بولغان بىر خىل ئىنتىلىشتىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇپ بىلەن غەيرى ئىسلامى مەنبەلەرنىڭ باغلىنىشى يوقتەكلا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە يۆنىلىشى بويىچە تەرەققى قىلغان. ھەتتا كېيىن رەسمى يوسۇندا تەرەققى قىلىپ، نىستورىيان دىنىدىن تارتىپ يېڭى ئەپلاتونىزمغا قەدەر ھەر خىل ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ. سوفىلار بۇ ئىدىيىلەرنى يەنىلا ھەقىقىي يوسۇندا ئىسلام دىنىنىڭ دەپ قاراپ «قۇرئان» نىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى سىرلارنى (يەنى باتىنى مەنىسىنى ئىپادىلىگەنىدى.»[27]

تەسەۋۋۇپ ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن ئالىملار ھامان تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمىغان. سەلچۇك ئەرايدىن «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ «تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى كىتاب ( «قۇرئان» ) ۋە سۈننەتتۇر »[28]دەپ يازىدۇ. ۋىلىيام سىتوداتمۇ «ئىسلام دىنى بولمىغان بولسا تەسەۋۋۇپ بولمىغان بولاتتى »[29]دەيدۇ .

دېمەك، تەسەۋۋۇپنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش — ئەينى دەۋردىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنىڭ يىلتىزىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە ئىدى. بىز بۇ پىكرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانىدا بەلگىلىك دەرىجىدە سىرتتىقى ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلىنىپ بارغانلىقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. ئەلبەتتە، خۇددى تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا سىرتتىن كىرگەن دىگەن قاراش توغرا بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە باشقا ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن ئوزۇقلانغانلىقىنى تامامەن يوققا چىقىرىشمۇ توغرا ئەمەس ھەم ئىلمىيلىك ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىز شۇكى، تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەنبەلەرنى ئالدى بىلەن باشقا دىنلارنىڭ پىكىر ئېقىملىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەك .

ئىزاھاتلار

① يى . ئې . بېرتېلس : «سۇفىزىم ۋە سۇفىستىك ئەدەبىيات» ، موسكۋا ، 1965 ـ يىل ، رۇسچە

نەشرى ، 54 ـ بەت .
② دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ : « تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى مۇتەسەۋۋىفلار » ، ئەنقەرە ، 1991 ـ يىل 7 ـ نەشرى ، 1 ـ بەت .
③④ ئىبراھىم ھەققۇلوۋ : « تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت » ، تاشكەنت ، 1991 ـ يىل ، ئۆزبېكچە نەشرى ، 8 ـ بەت .
⑤ ئى ، ھەققۇلوۋ ، 6 ـ بەت ، ئاپتور كىتاپىدا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بەرمەگەن . بىز بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ قويۇشنى لايىق كۆردۇق :
( 1 ) سىيانەت ــ ھىمايە قىلماق ، قوغدىماق ، ئاسرىماق ؛ ساقلىماق ؛ ( 2 ) سەلا ــ خىتاب ، چاقىرىق ، تەكلىپ ؛ ( 3 ) ۋەجد ــ زوق ، ھاياجان ؛ ( 4 ) فەرەھ ــ خۇشاللىق ؛ (5 ) فەتەھە ــ ئاچماق ، باشلىماق ؛ ( 6 ) فەرەجە ــ قۇتۇلۇش ، قۇتقۇزۇش ؛ ئېچىش .
⑥⑦⑧ « تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى » ، 30 ـ جىلد ، 471 ـ بەت .
⑨سەلچۇك ئەرايدىن ، « تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر » ، ئىستانبۇل ، 1981 ـ يىل ، تۈركچە نەشرى ، 16 ــ 17 ـ بەتلەر .
⑪ئىبراھىم ھەققۇلوۋ ، يۇقىرىقى كىتاب 3 ـ بەت .
⑫سەلچۇك ئەرايدىن ، يۇقىرىقى ئەسەر ، 172 ـ بەت .
⑬ئەھمەد ھىلمى ، « ئىسلام تارىخى » ، ئىستانبۇل ، 1980 ـ يىل ، 2 ـ جىلد ، 337 ـ بەت .
⑭ئەھمەد ئەمىن ، « ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى » ، ( خەنزۇچە تەرجىمىسى ) ، بېيجىڭ ، 1990 ـ يىل ، 2 ـ قىسىم ، 121 ـ بەت .
⑮ئا . كىرىمىسكىي ، « ئىراننىڭ ئەدەبىياتى ۋە دەرۋىشلىك ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ تارىخى » ( 3 توملۇق ) ، موسكۋا ، 1914 ــ 1917 ؛ 1 ـ توم ، 1914 ـ يىل ، 84 ـ بەت .
⑯سەلچۇك ئەرايدىن ، يۇقىرىقى ئەسەر ، 28 ـ بەت .
⑰ « ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى » ( تۈركچە تەرجىمىسى ) ، 12 ـ جىلد ، 1 ـ كىتاب ، 27 ـ بەت
⑱⑲ئىمام ئىسمائىل ئەل ـ بۇخارى ، « ئەل ئەدەب ئەل مۇفرەد » ( « ئەدەب دۇردانىلىرى » ) ، تاشكەنت ، 1990 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى ، 90 ـ 91 ـ بەتلەردىكى 272 ـ 273 ـ ھەدىسلەرگە قارالسۇن .
⑳« تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى » ، 30 ـ جىلد ، 472 ـ بەت « تەسەۋۋۇپ » ماددىسىغا قاراڭ .
㉑س . مارتىنوۋ ، « غەرپ ئىسلامشۇناسلىقىدىكى سۇفىزىمنىڭ ئانتولوگىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر » ــ « ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر » ( رۇسچە ژۇرنال ) ، 1987 ـ يىل ، 2 ـ سان ، 55 ـ بەت .
㉒جافېررى پالىندېر ، « دۇنيادىنلىرىدىكى مىستىسىزىم » ، بېيجىڭ ، 1992 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، 17 ـ بەت .
㉓م . ئا . ئابدۇللايېۋ « ئوتتۇرا ئەسىر سۇفىزىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى » ــ « پەلسەپە مەسىلىلىرى » ( رۇس تىلىدىكى ئايلىق ژۇرنال ) ، موسكۋا ، 1986 ـ يىل ، 7 ـ سان ، 87 ـ بەت .
㉔㉕ئەھمەد ھىلمى ، « ئىسلام تارىخى » ، 2 ـ جىلد ، 379 ـ 380 ـ بەتلەر ( ھەدىس ئۈچۈن يەنە سەئدى ، « گۈلىستان » ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 99 ـ بەتكە قارالسۇن )
㉖لۇئىس ماسىگنون ، « ئىسلام مىستىزمىنىڭ خاس ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا » (فرانسۇزچە ) ، پارىژ ، 1954 ـ يىل ، 81 ـ بەت ( جافېررى پالىندېر ، يۇقىرىقى كىتاب 155 ـ بەت).
㉗جافېررى پالىندىر ، يۇقىرىقى كىتاب ، 150 ـ بەت .
㉘سەلچۇك ئەرايدىن ، يۇقىرىقى ئەسەر ، 28 ـ بەت .
㉙شىنجاڭ : «چەت ئەللەردىكى سوفىزىم تەتقىقاتى» ــ دۇنيادىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى » (خەنزۇچە ژۇرنال ) 1986 ـ يىل 3 ـ سان ، 1 ـ بەت .

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

# مىنكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى

( قىسسە )

## مەلىكە قۇتبىكە

مەن مەلىكە قۇتبىكە توغرىسىدىكى بۇ چۆچەكنى دادامدىن ئاڭلىغان، دادام ئانامدىن ئاڭلاپتىكەن. بۇنىڭدىن نۇرغۇن زامانلار بۇرۇن بىزنىڭ مۇشۇ مىنكۇنگەردە ① مىنكۇن باتۇر دەپ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مىنكۇنگەرنى شۇ پادىشاھ بىنا قىلدۇرغانىكەن. ئۇنىڭ قۇتبىكە دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىزى بولغانىكەن. مەلىكە قۇتبىكە يۇرتتىكى ھەممە چىرايلىقلارنىڭ چىرايلىقى ئىكەن. ئۇ قىز زېرەك، چېچەن، ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ. چوڭلارنىڭ گېپىنى يەرمايدىغان، ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان ئەدەپ، يوسۇنلۇق ئىكەن. يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. مىنكۇن باتۇر شاھ ئۇ قىزىغا بەك ئامراق ئىكەن. قىزىنى يېنىدىن ئايرىماي گەپكە سالىدىكەن. ئۇنىڭ تاتلىق، چۈچۈك گەپلىرىدىن زوقلىنىدىكەن. ئوۋ - شىكارغىمۇ بىللە ئېلىپ بارىدىكەن. مەلىكە قۇتبىكەمۇ دالىلارنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

مەلىكە قۇتبىكە ئون ئالتە ياشلارغا تولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىنكۇن باتۇر شاھ شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. بۇ قېتىم شىكارغا بارىدىغان جايى يۇرتتىن خېلى يىراق بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ، خەتەرلىك ئورمانلىق ئىكەن. مىنكۇن باتۇر شاھ بۇ قېتىمقى شىكارغا مەلىكە قۇتبىكەنى ئېلىپ بارغۇسى كەلمەپتۇ. مەلىكە قۇتبىكە دادىسىدىن:

— شاھ دادا، مەن يۇرتتىن يىراق جايلارغا بېرىپ باقماپتىمەن. ئاكىلىرىممۇ بارىدىكەن، مەنمۇ بارسام، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋاپتۇ.

مىنكۇن باتۇر شاھ قىزىنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغۇسى كەلمەي، تەلىپىنى يەرالماپتۇ، بىللە ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. قىزىدىن

---

① مىنكۇنگەر - كورلىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ توغرىلىق مۇشۇ چۆچەك — « مىنكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى » نىڭ 1 - قىسمىدا بىر قەدەر تەپسىلىي بايان بار.

ئەندىشە قىلىپ ھەمراھلىقتا بىر نەچچە كېنىزەك بىلەن بىر نەچچە نەۋكەرلەرنى بەلگىلەپ قويۇپتۇ. تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. يول خەتەرلىك ئىكەن، نەچچە تاغ – داۋاندىن ئېشىپتۇ. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر قويۇق ئورمانلىق بويىغا كېلىپ چېدىر تىكىپتۇ. شىكار ئۈچ كۈن بولماقچىكەن. بىرىنچى، ئىككىنچى كۈنلىرىدىكى شىكار بەك ياخشى بوپتۇ، ھېچقانداق ئىش چىقماپتۇ. مەلىكە قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىكى شىكارغا بەك قىزىقىپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى كېنىزەكلەر بىلەن نەۋكەرلەرنىڭ توسقىنىغا قارىماي بۈك توغراقلىق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. توغراقلىق ئىچىدە ھەرخىل قۇش، ھەرخىل ھايۋانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن. قۇتبىكە ھەمراھلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ بىر توپ جەرەنگە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مەلىكە قۇتبىكە كېنىزەك ۋە نەۋكەرلەرگە:

— ھەممىمىز جەرەننى قوغلايلى، ماڭا بىرنى تۇتۇپ بېرىڭلار، باقىمەن، — دەپتۇ. ئالدى بىلەن ئۆزى جەرەنلەرنى قوغلاپ ئات ساپتۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېنىزەك، نەۋكەرلەرمۇ ئات قويۇپ قوغلاشقا باشلاپتۇ. جەرەنلەر ھەر تەرەپكە پىتراپ قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلە ھەركىم ھەر تەرەپكە ئات قويۇپتۇ. ئۇلار ئالدىدىكى جەرەنگە مانا يېتىمەن، ئەمدى يېتىمەن، دەپ ئويلىشىپ جەرەننى قوغلىشىپ كېتىۋېرىپتۇ. قوغلىغانسېرى قىزىشىپتۇ، بىر – بىرىنى، مەلىكىنى ئەستىن چىقىرىشىپتۇ. بولۇپمۇ مەلىكە قۇتبىكە باشقىلاردىن بەكلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. جەرەنمۇ كۆزدىن يوقىلىپتۇ. ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قاپتۇ. قايسى تەرەپكە قارىسا بۈك توغراقلىق ئىكەن، يىراق – يېقىندىن ھەرخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ، قۇتبىكەنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئۇ «تەۋەككۈل» دەپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىپتۇ، مېڭىۋېرىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئالدى تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ قىيا – چىياسىدەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. قۇتبىكە خوش بولۇپ شۇ تەرەپكە ئات قويۇپتۇ. ماڭا – ماڭا توغراقلىقنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قاپتۇ. قارىسا ئالدىدىلا بىر كىيىك بالىسى تۇرغۇدەك. كىيىك بالىسىنىڭ ئوماقلىقىغا مەسلىكى كېلىپ تىرىك تۇتۇۋېلىشنى خىيال قىلىپ ئات قويۇپتۇ. كىيىك بالىسى تۈزگە قاراپ قېچىپتۇ. قۇتبىكە قوغلاپتۇ. ئارىلىقى بەش – ئالتە قەدەملا قاپتۇ. شامالدىن تېز چاپىدىغان ئات ھەرقانچە قوغلاپمۇ كىيىك بالىسىغا يېتەلمەپتۇ. قوغلاپ مېڭىۋېرىپ بىر كىچىك ئېرىققا دۈچ كېپتۇ. كىيىك بالىسى تاقلاپلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەلىكىمۇ قەدەم بېسىپلا ئېتىنى ئاتلىتىپتۇ. ھەر – ھەر كەڭ دەريادىن ئۇچقاندەك ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات ھېلىقى ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەپتۇ. ئاتنىڭ ئالدى پۇتى قىرغاققا ئارانلا دەسسەپتۇ، ئارقا پۇتى ئېرىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. قۇتبىكە ئارقىسىغا يىقىلىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئارقىسىغا قاراپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. كۆزىگە كۆرۈنگىنى چېتىگە ئاران كۆز يېتىدىغان دەريا ئىكەن. ئالدى تەرىپىگە قاراپتۇ. ئالدى تەرىپى تۇخۇمچىلىك بىر نەرسە تۆگىدەك كۆرۈنىدىغان تۈپتۈز لەڭ ئىكەن. ئەمما بايىقى كىيىك بالىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. قۇتبىكەنىڭ ئارقىسىغا قايتىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، ئالدىغا مېڭىشتىن قورقۇپتۇ. ئۇ شۇ ھالەتتە ئەتراپىغا قارىغ-

ـنچە تۇرۇپ قاپتۇ. «يېنىڭغا قارا!»
دېگەندەك بىر شەپە بوپتۇ، يېنىغا قارىسا يې-
قىنلا يەردە بىر يوغلۇق قاۋان قۇتبىكەگە
قاراپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك،
قۇتبىكە قانداق قىلارىنى بىلەلمەي
گاڭگىراپلا قاپتۇ. قاۋان يېقىنلاپ كېلىپ
بىر خورتىلداپتىكەن، ئات ھۈركۈپ
چاپچىپتۇ. قۇتبىكە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكە-
نىنى بىلىدىكەن، يىقىلىپ چۈشۈپلا
ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ ياتقىنىچە قانچىلىك
ۋاقت ئۆتكىنىنى بىلمەيدىكەن. بىر ۋاقىتتا
كۆزىنى ئاچسا ئۆزى بىر قومۇش كەپىدە
ياتقان، يېنىدا بىر يىگىت ئولتۇرغۇدەك.

— قىزچاق، سىز قانداقسىگە بۇ
تەرەپكە كېلىپ قالدىڭىز، سىز قايسى يۇرت-
تىن؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇتبىكەدىن.
قۇتبىكە يىگىتتىن:

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز. مەن
قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، بۇ
يەر قايەر، — دەپ سوراپتۇ، يىگىت:

— مەن ئوۋچى، ئۆيدە ئانام بىلەن
ئىككىمىز بار، ئانامنى ئوۋچىلىق —
دېھقانچىلىق قىلىپ باقىمەن. بۇ كەپە مەن
ئوۋغا كەلگەندە تۇرىدىغان جايىم. مەن
ئوۋغا كېتىۋېتىپ سىزنىڭ ھوشسىز ياتقى-
نىڭىزنى كۆرۈپ ئېتىمغا ئارتىپ كەلدىم.
سىز ھوشسىز ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى، —
دەپتۇ. مەلىكە قۇتبىكە:

— مېنىڭ ئېتىم ھەم ھېلىقى قاۋان
قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ھېچقانداق ئات كۆرمىدىم،
سىز قايسى قاۋاننى دەيسىز، بۇ تەرەپتە
يولۋارس بار، تۇڭگۇز يوق، — دەپتۇ يې-
گىت.

مەلىكە قۇتبىكە يىگىتتىن بۇ گەپنى
ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۆزىگە بىر كىيىك
بالىسى ئوچرىغانلىقىنى، ئۇنى قوغلاپ
يۈرگەندە، بىر كىچىك ئېرىق ئۇچرىغانلى-
قىنى، ئېرىقتىن ئۆتۈپ بولۇپ قارىسا،
كىيىك بالىسىنىڭ غايىپ بولۇپ كەتكەنلى-
كىنى، ئېرىقنىڭ چوڭ دەرياغا ئايلىنىپ
قالغانلىقىنى، قاۋان كېلىپ قېلىپ ئېتىنىڭ
ھۈركۈپ كېتىپ ئۆزىنىڭ يىقىلىپ
چۈشكىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇ تەرەپتە دەريا، ئېرىق تۈگۈل
بىر تېمىم سۇمۇ يوق. ئۇ يەر بەك سىرلىق،
تىلسىملىق قوملۇق. كۆزىڭىزگە شۇنداق
كۆرۈنۈپ قورقۇپ كەتكەن ئوخشايسىز،
ئېتىڭىز قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، —
دەپتۇ يىگىت، يىگىتنىڭ ئىسمى بۇللا
ئىكەن.

مەلىكە قۇتبىكە بۇللاغا ئۆزىنىڭ
كىملىكىنى، دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ،
ئۆگەي ئانىسىنىڭ تىل، ھاقارەت، تاياقىدىن
قېچىپ، سەپەرگە چىقىپ كەتكەن
دادىسىنى تاپقىلى كارۋانلارغا ئەگىشىپ
چىققانلىقىنى، بىر قۇنالغۇدا كېچىسى قاتتىق
بوران چىقىپ كېتىپ، ھەركىم ھەر
تەرەپكە تارقىلىپ، ئۆزىنىڭ كارۋانلاردىن
ئايرىلىپ قالغانلىقىنى... دەپتۇ. بۇللا ئۇنى
ئېتىغا مىندۈرۈپ ئۆيىگە ئەكېلىپتۇ. بۇللا-
نىڭ ئانىسى قېرى، ئاغرىقچان ئايال ئىكەن.
ئوغلىنىڭ مەلىكە سۈپەت چىرايلىق بىر
قىزنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ھەيران قاپتۇ.
بۇللا ئانىسىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ،
بۇللانىڭ ئانىسى قۇتبىكەگە ئېچىنى ئاغرى-
تىپ:

— ھەي قىزىم، مەنمۇ كىچىك
چېغىمدا ئۆگەي ئانىنىڭ دەردىنى كۆپ
تارتقان، مەن مۇشۇ ئوغلۇمنى ئۆگەي

ئاتىسىنىڭ قولىغا قاراتماي ، دەپ ئون نەچچە
يىلدىن بۇيان تول ئۆتتۇاتىمەن ، ھەي
ئۆگەيچىلىك . سىزگە نېمىدىگەن سورۇق-
چىلىق بۇ ، دادىڭىزنى نەدىنمۇ تاپارسىز ، —
دەپتۇ .

مەلىكە قۇتبىكە دەسلەپتە قورقۇپتە-
كەن ، ئانا — بالا ئىككىسىنىڭ ئاقكۆڭۈل ،
مېھرىبانلىقىغا قاراپ كۆڭلى جايىغا چۈ-
شۈپتۇ .

ئەمدى گەپنى مىنكۆن باتۇر شاھ
تەرەپتىن ئاڭلايلى . ئۇۋ — شىكارنىڭ ئۇ-
چىنچى كۈنى كەچكىچە مەلىكە قۇتبىكەدىن
خەۋەر بولماپتۇ . ھەمراھ بولغان كېنىزەكلەر
بىلەن نەۋكەرلەر بىر جەرەنمۇ تۇتالماي بىر
— بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ يۈرۈپ تېپى-
شىپتۇ . قارىغىدەك بولسا مەلىكە يوق . ھەر
تەرەپتىن ئىزدەپتۇ ، ۋارقىراپ بېقىپتۇ ، مە-
لىكىدىن ھېچبىر خەۋەر بولماپتۇ .
مەلىكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر
تاپقان مىنكۆن باتۇر شاھ قايغۇغا چۆكۈپتۇ .
ھەممە ئادەملىرىنى قىزىنى تېپىشقا
ئاتلاندۇرۇپتۇ . ئۇلار ئىزدىمىگەن ئورمانلىق
قالماپتۇ . بىر كېچە — بىر كۈندۈز ئىزدەپتۇ،
پەقەت تېپىلماپتۇ . ئەتىسى مەلىكە قۇتبىكە-
نىڭ ئېتى ئىگەر قارنىغا چۈشۈپ قالغان
ھالدا چۈشكۈنگە قايتىپ كېپتۇ . ئاتنىڭ
تۇرقىغا قاراپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھەر
خىل ئويلار كېپتۇ . كۆپلىرى مەلىكىگە بىرەر
يىرتقۇچ ھايۋان توغرا كېلىپ قېلىپ ئات
ھۈركۈگەن ، مەلىكە يىقىلىپ چۈشكەن
گەپ . ئات قېچىپ كېپتۇ ، مەلىكىنى يىرت-
قۇچ ھايۋان يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، —
دېيىشىپتۇ . مىنكۆن باتۇر شاھ قىزىدىن ئاي-
رىلىپ قالغىنىغا ھەسرەت چېكىپتۇ ، كۆز
يېشى قىپتۇ . قانچە قىلغان بىلەن ئورنىغا
كەلمەي ، كۆزىنى كەينىدە قالدۇرۇپ
قايتىپتۇ .

ئەمدى يەنە مەلىكە قۇتبىكەگە كې-
لەيلى . مەلىكە بۇللانىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە
كۈن تۇرۇش جەريانىدا مېھرىبان ، ئاقكۆ-
ڭۈل ئانا — بالىلارنىڭ قولىغا قول ، كۆڭلىگە
كۆڭۈل بولۇپ ، غېرىبانە ئۆيىنى
ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مە-
لىكىنىڭ بۇللاغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ .
دەسلەپتە قۇتبىكەگە ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ
ئېچىلىپ — يېيىلىپ گەپ قىلىدىغان
خۇشخۇي بۇللا بىردىنلا جىمغۇر بولۇپ
قاپتۇ ، مەلىكىگە قاراشتىن كۆزىنى
قاچۇرىدىغان ، قىزىرىپ يەرگە قارىۋالىدى-
غان ، ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ ، ھە دېسىلا
ئۇھ تارتىدىغان بولۇپ قاپتۇ . زېرەك مەلىكە
ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى
پەملىگەندەك بوپتۇ . ئەمما بىلمەسكە سېلىپ
بىر كۈنى بۇللانىڭ ئانىسىدىن :

— ئانا ، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان
بۇللا ئاكامنىڭ گېپى ئازلىشىپ ، جىمغۇر-
لىشىپ كەتتىغۇ ، مەن ئۆيۈڭلەرگە ئېغىر
كەلگەن بولسام ، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ
كېتەي ، — دەپتۇ .

— نېمىدېگىنىڭىز بۇ ، قىزىم ، سىز
ئۆيىمىزگە ئاۋاتلىق ، كۆڭلىمىزگە شادلىق
ئېلىپ كەلدىڭىز . بۇللا بالام سىزنى قاچانلا
بولمىسۇن بىر كۈنلىرى كېتىپ قالىدۇ ، دەپ
شۇ خىيالدا جىمىپ كەتتى ، ئۇ سىزگە بەك
ئىچىكىپ قاپتىكەن ، — دەپتۇ ، بۇللانىڭ
ئانىسى .

— كەتمىسەمچۇ ، مېنى بالا قى-
لىۋالملا ، — دەپتۇ مەلىكە قۇتبىكە .
بۇللانىڭ ئانىسى قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي مەلى-
كىگە قاراپتۇ . مەلىكە مومايغا قاراپ

كۆلۈمسىرەپتۇ . موماي بىردىنلا قۇتبىكەنى «بالام !» دەپ باغرىغا بېسىپتۇ ، باش ـ كۆز-لىرىنى سىيلاپتۇ . دەل شۇ چاغدا ئۆيگە بۇللا كىرىپ كەپتۇ . ئانىسى :

ـــ بالام بۇللا ، قىزىم قۇتبىكە كەتمەيدىغان بولدى ، ماڭا بالا بولىدىغان بولدى ، خوش بولغانسەن ، ـــ دەپتۇ .

بۇللانىڭ خىيالچان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرەپتۇ . يۈزى قىزىرىپتۇ ، دەمال ھاڭۋاق-تىندەك تۇرۇپ كېتىپ ، بىردىنلا تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ . بۇللانىڭ قىلى-قىغا ئانىسىمۇ ، قۇتبىكەمۇ ھەيران قېلىشىپتۇ . ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بۇللا قانداق قىزىرىپ كەتكەن يۇلغۇن چېچەكىدىن بىر قۇچاق كۆتۈرۈپ كىرىپلا مەلىكە قۇتبىكەگە بېرىپتۇ . ئانىسى بۇللادىن :

ـــ بالام ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ ـــ دەپ سوراپتىكەن ، بۇللا:

ـــ ئانا ، يۇلغۇن چېچەكى چۆلنىڭ گۈلى ئەمەسمۇ ، قۇتبىكە ئۆيىمىزنىڭ گۈلى . ئىككى گۈل بىرلەشسە ئۆيىمىز نېمە بولى-دۇ ؟! ـــ دەپتۇ . موماي ئىتتىك قۇتبىكەگە قاراپتۇ . مەلىكە قۇتبىكە :

ـــ گەپكە ھەجەپ ئۇستا ئىكەنسىز بۇللا . بۇ ئۆينىڭ ئەسلىدىكى گۈلى سىز ، مەن كېلىپ قوشۇلدۇم ، شۇنداقمۇ ئانا ، ـــ دەپ مومايغا قاراپتۇ ۋە قولىدىكى بىر قۇچاق يۇلغۇن چېچەكنى ئۈچ دەستە قىلىپ ، بى-رىنى مومايغا ، بىرىنى بۇللاغا بېرىپتۇ . بىرىنى ئۆزى ئېلىپ قاپتۇ .

شۇ كۈنى موماي بىلەن قۇتبىكە تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي مۇڭدىشىپتۇ ، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئوچۇق ئېيتىشىپتۇ . ئەتىسىلا قۇتبىكە بىلەن بۇللانىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ ئىككىسىنى چىتىپ قويۇپتۇ . مومايىنىڭ بېشى كۆككە يېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمۈپتۇ . بۇللانىڭ ھەرىكىتى بەرىكەت تېپىپ ، ھال كۈنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلاپتۇ . بۇ دەل ئەتىياز مەزگىلى ئىكەن . تېرىقچىلىق باشلىنىپتۇ . بۇللا ھۆكۈز ، قوشلىرىنى تەييارلاپ ئېتىزغا ئاتلىنىپتۇ . مەلىكە قۇتبىكەمۇ ئېتىزغا چىقماق بوپتۇ . بۇللامۇ ، ئانىسىمۇ « سىز ئېتىزغا چىقسىڭىز قانداق بولىدۇ ، ئېتىز ئىشى جاپالىق » دەپ بېرىشنى توسۇپتۇ . مەلىكە قۇتبىكە :

ـــ مەن بۇللاغا ھەمراھ بولىمەن . مەن قىلغۇدەك ئىش بولسا قىلىمەن ، توسىماڭ ئانا ، ـــ دەپتۇ . بۇللانىڭغۇ قۇتبى-كەدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى يوق ئىكەن . ئۇنىڭ « ھەمراھ بولىمەن » دېگىنىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ . ئانىسىغا دەپ يۈرۈپ قۇتبىكەنى ئېتىزغا بىللە ئېلىپ كې-تىپتۇ . مەلىكە قۇتبىكە يەر ھەيدىگەننى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەن ، شۇڭا قىر بې-شىدا بۇللانىڭ يەر ھەيدىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ . بۇللانىڭ قايتىپ كېلىشى تېز ، نېرى قاتقا مېڭىشى بەك ئاستا ئىكەن . گاھىدا قوش تاپتىن چىقىپ كەتسىمۇ بىل-مىگەندەك مېڭىۋېرىپتۇ . قايتىپ كېلىشىدە قۇتبىكەگىلا قاراپ ماڭىدىكەن . ئۇ كۈنكى يەر ھەيدەش ئىشى پەقەت ئاينىماپتۇ . ھەيدەپ بولىمەن ، دېگەن يېرىنىڭ يېرىمى-نىمۇ ھەيدىيەلمەپتۇ . قۇتبىكە زېرەك بولغاچقا ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بوپتۇ . شۇ كۈنى بىر ئاخشامدىلا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىپتۇ . ئەتىسى ئېتىزغا چىققاندا رەسىمنىمۇ ئالغاچ بېرىپ ، ئېتىزنىڭ ئۇ بې-شىغا ئېسىپ قويۇپتۇ ، ئۆزى بۇ چېتىدە

ئولتۇرۇپ بۇللا قوشنى ئۇياققا ھەيدەپ ماڭغاندا رەسىمگە قاراپ، بۇياققا ماڭغاندا قۇتبىكەنىڭ ئۆزىگە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىشىمۇ تېز بوپتۇ. ئۇ كۈنى ئىككى كۈنلۈك ئىشنى تاماملاپتۇ. بۇرۇن ئىككى - ئۈچ ھەپتىگە سوزۇلىدىغان تېرىقچىلىق ئىشى ئۇ يىلى بىر نەچچە كۈندىلا تۈگەپتۇ. بۇغداي - قوناق، قىچا - زىغىر، قوغۇن - تاۋۇز دېگەندەك زىرائەتلەرنى تېرىپتۇ. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتسا، كۈنچىقىش تەرەپتىن قاتتىق بىر شامال كېلىپ قۇتبىكەنىڭ رەسىمىنى كۈنپېتىش تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قۇتبىكە بەك خاتىرجەمسىزلىنىپتۇ. ئەمما خاتىرجەمسىزلەنگىنىنى بۇللاغا بىلدۈرمەي بۇرۇنقىدەكلا يۈرۈۋېرىپتۇ. شۇ يىلى ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرى بەك ئوخشاپتۇ، قوي، كالىلىرىمۇ قوش - قوش توغۇپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. غەمگە سالغىدەك ھېچقانداق ئىش بولماپتۇ. كۈز كېلىشى بىلەنلا بۇللا جاڭگالدىن توقا① ئۈرۈپ كېلىپ قوۋزىقىنى ئاجرىتىدىكەن. قۇتبىكە ئۇنىڭ تالالىرىدىن يىپ ئىگىرىپ بېلىق تۇتىدىغان تور ۋە پالاسلارنى توقۇيدىكەن. مەلىكە قۇتبىكە كالا سېغىشنى، قايماق ئېلىش، قېتىق، قۇرۇت قىلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. مومايىنىڭ قولىدىن ھەممە ئىشنى ئاپتۇ. ئۆي ئاۋات - باياشادلىققا، كۆڭۈللىرى شاد - خۇراملىققا تولۇپتۇ. ئۇلار ياخشى كۈنلىرىنى كۆرۈپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى ھېلىقى رەسىمگە يۆتكەيلى.

مەلىكە قۇتبىكەنىڭ رەسىمىنى شامال شۇ ئۇچۇرغانچە ھېچيەرگە چۈشۈرمەي، ھېچنېمىگە ئىلەشتۈرمەي ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. دەرۋازا بېقىۋاتقان قاراۋۇل سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ بىر قاراپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. يەنە بىر قاراۋۇل رەسىمنى كۆتۈرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بىر قاراپلا سۈرەتتىكى قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

— بۇ رەسىم نەدىن كېلىپ قالدى؟

- دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، قاراۋۇلدىن.

— كۈنچىقىش تەرەپتىن چىققان شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، — دەپتۇ قاراۋۇل.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا ئوردىدىكى بارلىق رەسساملارنى يىغىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە رەسىمدىكى قىزغا ئوخشىتىپ بىردىن سىزىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن ئىچىدە مەلىكە قۇتبىكەنىڭ رەسىمدىن ئون نەچچىسى سىزىلىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن بېرىپ، سۈرەتتىكى ساھىپجامال دۇنيانىڭ قايىرىدە بولسىمۇ چوقۇم تېپىپ كېلىشنى، بۇ يولدا خەزىنىسىنى ئېچىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپكە ماڭدۇرۇپتۇ.

نەچچە يۈزلىگەن ئادەم پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كۈنچىقىش تامانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر قانچە يۇرت - شەھەرنى ئارىلىغان بولسىمۇ، رەسىمدىكى ساھىپجامالنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئالتە ئاي بولغاندا بىر شەھەرگە كېپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ ئېتى تېرىم ئىكەن. خادىملار تېرىم شەھرىنىڭ پادىشاھىغا چوڭ شەھەر پادىشاھىنىڭ يارلىقىنى كۆرسىتىپتۇ.

① توقا — ياۋا كەندىرنىڭ سۈپەتلىك بىر خىلى.

تېرىم شەھرىنىڭ پادىشاھى يارلىق بىلەن كەلگۈچىلەرگە چوڭ داستىخان سېلىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئىزدەپ يۈرگەن ساھىپجامالنىڭ رەسىمگە قاراپ تېرىم پادىشاھىنىڭمۇ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتۇشۇپتۇ. لېكىن ئاشىقلىق سىرىنى كۆڭلىدە بىلىپ، باشقىچە بىر يول تۇتماقچى بوپتۇ. مەلىكە قۇتبىكەنىڭ رەسىمىنى كۆپ پەيتىپ سىزدۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. ساھىپجامال قىزنى چوڭ شەھەر ئادەملىرىگە بىلدۈرمەي ئىزدەشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى شەھەر ئادەملىرى ئۆز پادىشاھى ئۈچۈن مەلىكە قۇتبىكەنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ شەھەردىن كەلگەن بىر لەشكەر مەلىكە قۇتبىكەنىڭ خەۋىرىنى ئۆز باشلىقىغا ئېلىپ كېپتۇ. بۇنىڭدىن تېرىم پادىشاھىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ خەۋەر تېپىۋاپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە مەلىكە قۇتبىكە تەرەپتىن ئاڭلايلى.

مەلىكە قۇتبىكە خۇشال ـ خۇرام ئوتىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر توپ ئىت ئۇنى قوغلىغىدەك، قۇتبىكە قاچقىدەك. نەچچە قېتىم پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىدەك. بىر يوغان ئىت ئاغزىنى ئېچىپ كەلگىنىچە ئۇنى چىشلەشكە ئېغىز ساپتۇ. قۇتبىكە بىر ۋارقىراپلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، ئۇيلىسا چۈشى. قۇتبىكە چۈشىگە ئۆزىچە تەبىر بېرىپ، ئۆزىنى بىر پالاكەتنىڭ قوغلىشىپ يۈرگىنىنى سېزىپتۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەندە بۇللا ياخشى كۆرىدىغان چوغىپوشكال (كۆمەچ نان) پىشۇرۇپ چاي ئېچىشىپتۇ. ئارىلىقتا كېچە كۆرگەن چۈشىنى، ئۇنىڭ قانداق يامانلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— بۇللا، چۈشۈمدىكى ئالامەتلەردىن قارىغاندا بىز پات يېقىندا ئايرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، بېشىمىزغا شۇنداق كۈن كېلىپ قالسا قانداق قىلارمىز، ـ دەپتۇ.

قۇتبىكەنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇللا قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، غەمگە چۆكۈپتۇ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىكەم، بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ. مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن، ئايرىلسام چىدىيالمايمەن، — دەپتۇ. مەلىكە قۇتبىكەمۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— بىز خۇدا قوشقان جورىلار. مېنىڭمۇ سىزدىن ھەرگىز ئايرىلغۇم يوق. بىرەرسى ئايرىۋەتسىمۇ، خۇدايىم بىزنى ھامان يەنە قوشۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. ئەگەر راستىنلا بېشىمىزغا بالا كېلىپ، مېنى سىزدىن ئايرىپ ئېلىپ كېتىدىغان بولسا، سىز يەر ۋە چارۋىلارنى دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە تاپشۇرۇپ قويۇپ مېنى ئىزدەڭ. بىر بولسا ئۈچ، كۈندە بىر بولسا ئۈچ ئايدا، كۆپ بولسا ئۈچ يىلدا مېنى چوقۇم تاپىسىز. چىداملىق ۋە ئىرادىلىك بولۇڭ. مېنى قارا شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مېنى تاپماقچى بولسىڭىز چاشقان تېرىسىدە تۇماق، توشقان تېرىسىدە چاپان كىيىپ، بېلىڭىزنى قىل ـ توقا تانىدا باغلاپ، بارغانلا جايىدا قوشوق ① ئوقۇپ

① قوشۇق ـ قوشاق.

مېڭىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز مېنى چوقۇم تاپالايسىز، — دەپتۇ ھەم ئوقۇيدىغان قوشۇقنى دەپ بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن قىيىلغان مەھەلدە مەھەللىگە بىر توپ ئاتلىقلار كېلىپ بۇللالارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قىلىچ - قالغانلىرىنى جالاقشىتىپ ئۆيگە بېسىپ كىرىپتۇ. قۇتبىكەنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ شاھانە بېزىتىلگەن ئالتۇن ئىگەر - جابدۇقلۇق بىر ئاتقا مىندۈرگەن پېتى كۈن پېتىش تەرەپكە چېپىپ كېتىپتۇ. ئاتلىرىنىڭ تۇۋۇقىدىن توزۇغان توپىلار يوقالماي تۇرۇپ، ئالتۇن مەپە ھايدىغان يەنە بىر توپ ئادەملەر پەيدا بوپتۇ. ئۇلارمۇ بۇللانىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، ئۆيى ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، بۇللادىن:

— بۇ ساھىپجامال ئايال قېنى؟ — دەپ يوغان قەغەزدىكى بىر رەسىمنى كۆرسىتىپتۇ. قارىسا ئۆزىنىڭ خوتۇنى — قۇتبىكەنىڭ رەسىمى. بۇللا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا بىر توپ ئاتلىقلار كېلىپ خوتۇنىنى بۇلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئەينەن ئېيتىپتۇ. ئۇلار گەپنى ئاڭلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە ئات قويۇپ چېپىپ كېتىشىپتۇ. بۇلار ئالدىدىكىلەرنى قوغلاپ تۇرسۇن. بىز ئەمدى مەلىكە قۇتبىكەگە كېلەيلى.

مەلىكە قۇتبىكەنى بۇلاپ ماڭغانلار توختىماي يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، نەچچە شەھەر، نەچچە تاغ، نەچچە دەريالاردىن ئۆتۈپ ئاخىرى چوڭ شەھەرگە يېتىپ كېپتۇ. ھايالشىماي شاھ ئالدىغا كىرىپ ساھىپجامالنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپتۇ. مەلىكە قۇتبىكەنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئىشق ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ لاۋۇلداپتۇ. تاقىتى تاق بولغان پادىشاھ شۇ كۈنىلا توي ئويىنماقچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ غەرىزىنى بىلىپ يەتكەن مەلىكە:

— ئەي پادىشاھ، مېنى ئاددىي ئۆيۈمدىن ئورداڭغا ئېلىپ كەلدىڭ. مەن ھازىر سېنىڭ نېمىگە ئالدىراۋاتقىنىڭنى بىلىۋاتىمەن. مەن ئورداڭغا كەلدىم، دېمەك سېنىڭ بولدۇم. لېكىن ئالدىرىما، تاقەتلىك بول. مېنىڭ بىر تەلىپىم بار. ئەگەر شۇ تەلىپىمنى ئورۇنلىساڭ، سېنى ئۆزۈمگە قوبۇل كۆرىمەن، — دەپتۇ. چوڭ شەھەر پادىشاھى:

— قېنى ئېيتىڭ، قانداق تەلەپ، شەرتلىرىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە قۇتبىكە:

— مېنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن بىر قېتىم كۈلدۈرەلىسىڭىزلا بولىدۇ. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ماڭا قول تەككۈزمەي سۆز ۋە ھەرخىل نەرسىلەرنى دوراپ كۈلدۈرىسىز، — دەپتۇ.

پادىشاھقا بۇ ئىنتايىن ئوڭاي شەرتتەك بىلىنىپتۇ. ئەمما ھەر قانداق قىلىپمۇ مەلىكە قۇتبىكەنى كۈلدۈرەلمەپتۇ. پادىشاھ ئېيتمىغان قىزىق گەپ، ھېكايەت - لەتىپىلەر قالماپتۇ. قىلمىغان قىلىقى، دورىمىغان ھايۋان - قۇشلار قالماپتۇ. لېكىن مەلىكە كۈلدىغاندەك ئەمەس، پادىشاھ شەرتنى ئورۇنلاشقا بەنت بولۇپ كېتىپ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى ئۇقمايلا قاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇنى بۇنى قىلىپ ئۈچ يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ يېقىنلىشىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇللادىن ئاڭلايلى:

گۈزەل ئايىلىدىن ئايرىلغان يىگىت قاخشاپتۇ، يىغلاپتۇ، ھوشىدىن كېتىپتۇ، يەنە

ھوشىنغا كىرىپتۇ . قۇتىبكەدىن ئايرىلىپ قالغانلىق بۇللانىڭ ئانىسىغا تېخىمۇ ئېغىر كېلىپتۇ . مەلىكە قۇتىبكە موماينى ئۆز ئانىسىدىن چارە كۆرۈپ ھۆرمەتلەپتۇ ، ئەزىزلەپ ياخشى قاراپتۇ . موماي كېلىنىگە بەك ئېچىكىپ كەتكەنىكەن . كېلىنىدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كېپتۇ . بۇ ئېغىر ھەسرەتنى كۆتۈرەلمەي يېتىپ قاپتۇ . تامىقى ئازلاپتۇ ، كۈندىن كۈنگە ئاجىزلاپ ، قۇتىبكەنى بولاپ كەتكەنگە بىر ئاي بولغان كۈنى دۇنيادىن ھەسرەت بىلەن كۆز يۇمۇپتۇ . بۇللا يىغلاپ — قاخشاپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ نەزىر — چىرىقىنى قىپتۇ . ئۇ شۇ كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتۇ . چۈشىدە ئانىسى « بۇللا ، تارتىشىدىغان ئاناڭ يېنىڭدىن كەتتى ، ئەمدى سەن بىكەكىڭنى تاپ ، ئۇ سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ » دېگۈدەك . بۇللا شۇ كۈنىلا يەر ، سايمان ، قوي — كالىلىرىنى بۇرادەرلىرىگە تاپشۇرۇپتۇ . چاشقان تېرىسىدە تۇماق ، توشقان تېرىسىدە چاپان تىكتۈرۈپ ، بېلىگە قىل — توقا تانا باغلاپ ، توغراق نوتىسىنى ھاسا قىلىپ ، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ . ئۇچرىغانلا يۇرت — مەھەللىدىن :

چاپىنىم توشقان تېرىسى ،
تۇمىقىم چاشقان تېرىسى .
بەلبېغىم قىل — توقا تانا ،
تايىقىم توغراق نوتىسى .
نەدىدۇ مەن قەلەندەرنىڭ ،
خۇدايىم قوشقان جورىسى .

ئۈچتى كۆڭلۈمدىن ئارام ،
ساقىيارمۇ دىل يارام .
كۆزلەرىمدىن ئاقادۇ ،
ياشلىرىم تارام — تارام .
ئۈچ يىل بولدى ئىزدەدىم ،
سەن قايەردە جان جورام ! —

دەپ نەزمە — قوشاق ئوقۇپ مېڭىپتۇ . بۇللا مېڭىشنى ، قوشاقنى ئوقۇشنى توختاتماپتۇ ، مېڭىپتۇ — مېڭىپتۇ ، ماڭغاندىمۇ يۇرت ، مەھەللىلەرنى ئالا قويماي بېسىپ ئۆتۈپتۇ . ساقال — بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ئادەم سىياقىدىن كېتىپتۇ . ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ . توشقان تېرە چاپىنى يىرتىلىپ ئۇچىسىدىن چۈشۈپ قالغىدەك ھالەتتە قېپتۇ ، توشقان تېرە تۇمىقى قۇرۇپ قالغان كاسا قوغۇن شاپىقىغا ئوخشاپ قاپتۇ . ئۇ شۇنداق مېڭىپ مەلىكە قۇتىبكەنى ئېلىپ كەتكەنگە ساق ئۈچ يىل بولغان كۈنى چوڭ شەھەرگە يېتىپ كېپتۇ . ئالدى بىلەن پادىشاھ ئوردىسى ئالدىدىن مەلىكە قۇتىبكە ئۆگىتىپ قويغان ھېلىقى نەزمە قوشىقنى ئوقۇپ مېڭىپتۇ .

مەلىكە قۇتىبكە ئوردىغا كەلتۈرۈلگەنىگە ساق ئۈچ يىل بولغان شۇ كۈنى « يا خۇدايىم ، تىلىكىمنى بەرگەيسەن ! » دەپ راۋاقتا چىقىپ شەھەر كوچىلىرىغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن . قۇلىقىغا بۇللانىڭ قوشاق ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . پەسكە قارىغىدەك بولسا ، توشقان تېرىسىدىن چاپان ، چاشقان تېرىسىدىن تۇماق كەيگەن قىل — توقا تانىدا بەلباغ باغلىغان بومبا ساقاللىق جۇلدۇر بىر كىشى ئۆزى ئۆگىتىپ قويغان قوشاقنى ئېيتىۋاتقان . مەلىكە قۇتىبكە شۇنداق بىر كۈلۈپتۇكى ، بۇلبۇلگويامۇ ئۇنىڭچىلىك كۈلەلمەس . ئۇنىڭ كۈلكىسى راۋاقتىن پۈتۈن شەھەرگە تارقاپتۇ . پۈتۈن يۇرت خەلقى راۋاقتا قارىغىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ قاپتۇ . بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ زالىملىقىدىن خەلق ئۇن چىقىرىپ كۈلۈپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانىكەن . شۇڭا قۇتىبكەنىڭ كۈلكىسىگە بەكمۇ ھەيران قاپتۇ . ئۇنىڭ كۈلكىسى

پادىشاھقىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئوردىسىدىن يۈ-
گۈرگىنىچە قۇتبىكەنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ.
قارىسا قۇتبىكە پەسكە قاراپ ھەدەپ كۈلۈۋاتـ-
قان. پادىشاھ قۇتبىكەدىن:

— مەن سىزنى ئۈچ يىلدىن بۇيان
كۈلدۈرەلمىسەم، ھەجەپ بۈگۈن ئۆزىڭىز-
چىلا كۈلۈپ كېتىپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يولدا كېتىۋاتقان ئاۋۇ كىشىگە
قارا، پادىشاھ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا، كىـ-
يىۋالغان، بېلىگە باغلىۋالغان نەرسىلىرىگە
قاراپ كۈلۈۋاتىمەن. سەنمۇ ئاشۇ كىشىنىڭ
چاپان، تۇمىقىنى كىيىپ، ئاشۇنداق قوشاق
ئوقۇيدىغان بولساڭ، ھازىرلا كۈلىمەن. ئان-
دىن ئۆزۈمنى ساڭا راۋا قىلىمەن، ئەي
پادىشاھ، — دەپتۇ مەلىكە قۇتبىكە.

نەپسىنى تاقىلداپ تۇرغان پادىشاھ
قۇتبىكەنىڭ دېگىنىدەك قىلماسقا ئىلاجى
بولماپتۇ. بۇلۇلنى چاقىرتقۇزۇپ ئۇنىڭ
جەندە - جۇل چاپىنىنى، تۇمىقىنى كىيىپتۇ،
كۈلاغا ئوخشاپ قالغان قىل - توقا تانىدا بې-
لىنى باغلاپتۇ. قولىغا نەچچە پۇتاق، دونايلىق
ھاسىنى ئاپتۇ. ئۇ شۇ قىياپەتتە ئوردىدىن
چىقىپ، راۋاق ئاستىدىكى چوڭ كوچىغا
كىرىپتۇ. خەلق ياساۋۇللار ئۇنىڭ
پادىشاھلىقىنى تونىماي يىراق كېتىشكە
قوغلاپتۇ. كىشىلەر قارىشىپ قاپتۇ، ئۇششاق
باللار ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇ ھەر قانچە
ئويلاپمۇ بۇلۇلا ئېيتقان قوشاقنى يادىغا
كەلتۈرەلمەپتۇ. ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ ئوردىغا
كىرمەكچى بولۇپتىكەن، قاراۋۇللار
كىرگۈزمەي قوغلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ:

— مەن قەلەندەر ئەمەس، مەن پادى-
شاھ، مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار! — دەپ
ۋارقىراپتۇ. مەلىكە قۇتبىكە راۋاقتا تۇرۇپ:

— قاراۋۇللار، تۇتۇڭلار ئاۋۇ قىلتا-
سىنز ئادەمنى، ئۇ مەن پادىشاھ دەيدۇ يۇ،
قەلەندەرنىڭ جەندىسىنى كىيىپ، بولمىغۇر
گەپلەرنى قىلىپ، يۇرتنىڭ، پادىشاھلىقنىڭ
شەنىگە داغ سالدى. ئىناۋىتىنى تۆكتى.
ئاۋۋال ئۇنى شۇ قىياپىتى بىلەن پۈتۈن
شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ، ئاندىن
بېشىنى ئېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ زالىملىقىدىن جاق تو-
يۇپ، «خەپ!» دەپ ئىچىگە تىنىپ پەيت
پايلاپ تۇرغان ياساۋۇللار شۇ ھامان زالىم پا-
دىشاھنى چەمبەرچەس باغلاپ، سازايى
قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئىككى چاپارمەن ئې-
تىنى چاپتۇرغىنىچە راۋاق ئاستىغا كېلىپ
مەلىكىگە:

— ناتونۇش بىر توپ ئاتلىق لەش-
كەرلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ
كىرىپ، ئۇدۇل ئوردىغا كېلىۋاتىدۇ، — دەپ
خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

مەلىكە قۇتبىكە ئويلاپتۇ، ئۇلارنىڭ
نىيىتى نېمە قەستتە كەلگەن قانداق ئادەملەر ئې-
كەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ھەر ھالدا يامان
ئادەملەر ئەمەستۇ. قېنى، كېلىپ باقسۇن،
دېگەن خىيال بىلەن:

— ئۇنداق بولسا ئۇلار يۇرتىمىزغا
مېھمانكەن، ئالدىغا بېرىپ مۇشۇ يەرگە
باشلاپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. ئۆزى بۇلۇلغا
شاھانە كىيىملەرنى كەيدۈرۈپ، يېنىدا ئول-
تۇرغۇزۇپتۇ. كەتكەنلەر ھېلىقى ئادەملەرنى
باشلاپ كېپتۇ، ئۇلارنىڭ باشلىقى

— بىز پادىشاھىڭلار بىلەن كۆرۈ-
شىمىز، — دەپتۇ. مەلىكە قۇتبىكە ھېلىقى
لەشكەر باشلىقىنىڭ راۋاققا چىقىشىغا ئىجازەت
بېرىپتۇ. لەشكەر باشلىقى راۋاققا چىقىپتۇ.
چىقىپلا بىر مەلىكە قۇتبىكەگە، بىر

قولىدىكى يوغان قەغەزگە ۋە بىر بۇللاغا قاراپتۇ. قاراپتۇ، قاراپتۇ، قارىغىنىچە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇللا لەشكەر باشلىقىنى تونۇۋاپتۇ. چوڭ شەھەر ئادەملىرى قۇتبىكەنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن مەيدە كېلىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى لەشكەر باشلىقىنىڭ ئۆزى شۇ ئىكەن. ئۇمۇ بۇللانى تونۇپ قاپتۇ. بۇللانىڭ شاھانە كىيىم بىلەن تەختتە راۋاقتا ساھىپجامالنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىغا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بۇللا مەلىكە قۇتبىكەنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ كىملىكى، ئۆيىگە كەلگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھە، سىلەر شەھىرى تېرىمدىن كەپسىلەرغۇ، ئۇ مېنىڭ ئېرىم بۇللا شاھنىڭ يۇرتى، بىر يۇرتلۇق مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، — دەپتۇ مەلىكە قۇتبىكە.

— قۇتبىكەنىڭ گېپىدىن لەشكەر باشلىقى ھەيران قېلىپ:

— مەلىكەم، سىز ئۆزىڭىز زادى كىم؟ ئېرىڭىز قانداق قىلىپ بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە قۇتبىكە راۋاق ئاستىغا توپلانغان ئەر - ئايال، ئۇششاق - چوڭ پۇقرالارغا، لەشكەرلەرگە قاراپ:

— خالايىق! مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگىڭلار كېلىدىغاندۇ، ئاڭلاڭلار، بىلىپ قېلىڭلار: مەن قىرىق يەتتە ئىقلىمنىڭ باش پادىشاھى، مەردلەرنىڭ مەردانىسى، سېخىيلارنىڭ سېخىيسى، باتۇرلارنىڭ سەركىسى، جاھانغا تونۇلغان مىڭكۈن باتۇر شاھنىڭ كەنجى مەلىكىسى قۇتبىكە بولىمەن!

— دەپتۇ ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇللانى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ئۇنىمۇ تونۇشتۇرۇپتۇ. ھېلىقى لەشكەر باشلىقى:

— بىز سىزنىڭ مىڭكۈن باتۇر شاھنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمىز، گۇناھىمىزدىن ئۆتسىڭىز، — دەپ قول باغلاپتۇ.

— سىلەردە گۇناھ يوق، گۇناھ قانائەتسىز پادىشاھلاردا، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، ئەھۋالنى پادىشاھىڭلارغا ئېيتىپ قويۇڭلار، كېيىن تېرىم شەھىرىگە ئېرىم بۇللا شاھ بىلەن بىللە بارىمىز، — دەپتۇ ھەم پەستىكىلەرگە قاراپ: شۇ كۈندىن باشلاپ چوڭ شەھەرگە ئېرى بۇللانىڭ پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

زالىم پادىشاھدىن قۇتۇلغان خەلق خوش بوپتۇ، كۈلۈپ - يېيىلىپ توي خۇشاللىقىنى سۈرۈپتۇ. ياشۇللار زالىم پادىشاھنى سازايى قىلىشقا باشلاپتۇ. چوڭ - كىچىك ھەممە كىشىلەر «شاھ قەلەندەر، شاھ قەلەندەر!» دەپ ۋارقىرىشىپ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. سازايى قىلىش تۈگىگەندىن كېيىن، يىراق چۆلگە ئېلىپ بېرىلىپ كاللىسى ئېلىنىپتۇ، كىشىلەر ئۇزۇنغىچە «شاھ قەلەندەر، شاھ قەلەندەر» دەپ يۈرۈپتۇ، ھازىرقى شاھ قەلەندەر دېگەن يۇرتنىڭ نامى ئەنە شۇنىڭدىن سىڭىپ قېپقالغانىكەن*.

---

ئىزاھ: شاھ قەلەندەر — كورلىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، 1955 - يىللارغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلاتتى. 1955 - يىلى «ئاۋات» قا ئۆزگەرتىلگەن، ئاۋات يېزىسىنىڭ بىر كەنتى.

— رەتلىگۈچىدىن.

# كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش

بۇنىڭدىن بەك بۇرۇنقى بىر زامانلاردا ئۆتكەن مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ باللىرى ئىچىدە نىزغاي دەپ بىر ئوغلى بولغانىكەن. نىزغاي باللارنىڭ كەنجىسى ئىكەن. نىزغاي كېيىن بىر يۇرتقا پادىشاھ بوپتۇ. يۇرتقا تارقالغان بىر كىسەل بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئىككى خوتۇن ئالغانىكەن، نىزغاي پادىشاھنىڭ ئىككى خوتۇنىدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلۇپتىكەن. چوڭ خوتۇنىدىن بولغان باللىرىنىڭ چوڭىنىڭ ئېتى كىنىزەم، كىچىكىنىڭ ئېتى بوزكۆرپەش ئىكەن؛ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان باللىسىنىڭ ئېتى قۇتۇش ئىكەن. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئىناق چوڭ بوپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىزغاي پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا كىنىزەم ئون تۆت ياشتا، بوزكۆرپەش ئون بىر ياشتا، كەنجى باللىسى سەل كام ئون بىر ياشتا ئىكەن. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش بىر-بىرىگە ئىجىل، كۆيۈمچان، ئەقىللىق، چېچەن چوڭ بوپتۇ. قۇتۇش بولسا گالۋاڭراق ھەم مەنمەنچى ئىكەن. چوڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەشنى تەربىيلەشنى كىچىك خوتۇنىغا تاپشۇرۇپتۇ. كىچىك خوتۇنى ھە دېسىلا كىنىزەم بىلەن بوز-كۆرپەشنى نىزغايغا «ئەقىلسىز، كېيىن سىزگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم بولىدۇ» دەپ داتلاپ يامانلايدىغان بوپتۇ. نىزغاي پادىشاھ باللىرىنىڭ قايسىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلارنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. ئوغلى قۇتۇشتىن ئەندىشە قىلغان كىچىك خوتۇنى نىزغاي پادىشاھدىن:

— باللارنى قانداق سىنىماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. نىزغاي پادىشاھ:

— باللار ئويۇندىن ياندىغان چاغدا ئۇلار ئۆتىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخلىغان بولۇپ كۆندىلەڭ يېتىۋالىمەن. ئەقىللىق بالام ئەگىپ ئۆتۈر، ئەقىلسىز بالام ئاتلاپ ئۆتۈر، — دەپتۇ. نىزغاي پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى قۇتۇشنىڭ قانداقلىقىنى بىلگەچكە:

— ئەي پادىشاھىم، ئۇنداق ئەمەس، ئەقىللىق بالىڭىز ئاتلاپ ئۆتۈر، ئەقىلسىز بالىڭىز ئەگىپ ئۆتۈر، — دەپتۇ. لېكىن نىزغاي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. خوتۇنىمۇ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنلىرى ئۈچ ئوغۇل ئويناپ كەلگىلى ئاتلىرىنى مىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. باللارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئاز قالغاندا نىزغاي پادىشاھ ئۇلار ماڭىدىغان يولنى قارىلاپ كېتىپتۇ. نىزغاي پادىشاھنىڭ خوتۇنى بىر نەچچە قوشنا ئاياللارغا ئالتۇن، كۈمۈش بېرىپ، نىزغاي پادىشاھغا نىمىلەرنى دېيىشنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇ خوتۇنلار باللار ئۆتىدىغان يول دوقمۇشىغا بارسا نىزغاي پادىشاھ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆندىلەڭ ياتقىدەك. ھېلىقى خوتۇنلار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋالغانلىرى نىمىسى؟ — دەپتۇ.

— ئەقىللىق بالام ئەگىپ ئۆتۈر، ئەقىلسىز بالام ئاتلاپ ئۆتۈر، — دەپتۇ نىز-

غاي پادىشاھ، ھېلىقى خوتۇنلار:

— ئەي پادىشاھ، ئۇنداق ئەمەس، ئەقىللىق بالىلىرى ئاتلاپ ئۆتتۇر، ئەقىلسىز بالىلىرى ئەگىپ ئۆتتۇر، — دېيىشىپتۇ. ئىزغاي پادىشاھ كۆڭلىدە «خوتۇنۇمۇ شۇنداق دەيدۇ، بۇلارمۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ. راست شۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرسا، بالىلىرى ئوۋ، ئويۇندىن قايتىپ يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئىزغاي پادىشاھ ئۇخلىغان بولۇپ جىم يېتىۋاپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ئالدىدىراق ماڭغانىكەن، قارىسا دادىسى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان. ئۇلار «ئارام ئېلىپ ياتقان ئوخشايدۇ، ئويغىتىۋەتمەيلى» دېيىشىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قۇتۇش كېلىپ:

— ھەي دادا، نېمىشقا يولدا يېتىۋالدىڭىز، قوپۇڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىزغاي پادىشاھ كۆزىنىمۇ ئاچماي يېتىۋېرىپتۇ. قۇتۇش يەنە:

— پادىشاھ تۇرۇپ يولدا ئۇخلىغان قانداق گەپ، قوپۇڭ، — دەپتۇ. ئىزغاي پادىشاھ يەنىلا جىممىدە يېتىۋېرىپتۇ. قۇتۇش:

— قانداق ئادەم بۇ! — دەپتۇ-دە، ئېتىنىغا بىر قامچا سېلىپ ئاتىسىنى ئاتلىتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىزغاي پادىشاھ: «كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى ئەقىللىق چوڭ بولىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن، ئۇلار ئەقىلسىز كەن، مېنى كۆرمەسكە سېلىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمىدى. ئەقىلسىز بالىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ماڭا ۋاپا قىلىپ ئەسقاتىدىغىنى قۇتۇش ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئوردىغا قايتىپ كېلىپ خوتۇنىغا:

— سېنىڭ دېگىنىڭ راست ئىكەن، چوڭ ئىككى ئوغلۇم مېنى كۆرمەسكە سېلىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. قۇتۇش ئاتلاپ ئۆتتى، — دەپتۇ. ئىزغاينىڭ خوتۇنى:

— بۇرۇن قۇتۇشنى ئەقىلسىز، دەپ يۈردىڭلە، ئەمدى ھەممىنى بىلدىڭلە. بۇندىن كېيىن ئىككى ئاكىسى قۇتۇشقا كۈن بەرمەسكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. دادىسىنى كۆزىگە ئىلماي يۈرگەن بالا ئۇكىسىغا تېخىمۇ كۈن بەرمەر، — دەپ ئېچىنقۇلۇق قىپتۇ.

ئىلگىرى پۈتۈن بىر يۇرتنى دانالىق بىلەن سوراپ، نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلغان ئىزغاي پادىشاھ ياشانغانسىرى ئەقلى ئاجىزلىشىپ، دىل كۆزى خىرەلىشىپتۇ، ئاق-قارىنى تۈزۈك پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قاپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئېيتقىنىدەك كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەس كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىمۇ يامان نىيەت بىلەن قىلىنغاندەك بىلىنىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوغلىنى كۆزىدىن يىراقلاشتۇرماق بوپتۇ. بىر كۈنى كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ماۋۇ ياداغ ①ئاناڭلاردىن قالغان مىراس. ماۋۇ ياداغ مەندىن قالىدىغان مىراس. بۇنى بىردىن ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىڭلار، مەندىن، بۇ يۇرتتىن يىراق يەرگە كېتىڭلار، كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولماڭلار. بۇ ياداغلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار، — دەپتۇ. بالىلار دادىسىنىڭ ئالدىن گەپ قىلماي يېنىپ چىقىپتۇ، بوزكۆرپەش ئاكىسىدىن:

① ياداغ — ئوق — يا.

— ئاكا، دادامنىڭ نېمە دېگىنى بۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئانىمىز بىزنى يامان كۆرسىتىپ بېشىنى تېخىمۇ ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى بىزنى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇش. بوپتۇ، بىز يىراق جايلارغا كېتەيلى، — دەپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان جاينى نىشانلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ماڭغان يولدا كىچىك - كىچىك كۆللەر ئۇچراپ تۇرۇپتۇ. ئۇچرىغانلا كۆلدە غاز، ئۆردەكلەرنى ياداغلىرىدا ئېتىپ، كاۋاپ قىلىپ يەپ مېڭىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىر كۆل بويىدا تاماق يەپ ئولتۇرسا، ئۆزلىرى كەلگەن تەرەپتە ئاسمانىنى قاپلاپ توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسا، نۇرغۇن ئاتلىق ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. بوز - كۆرپەش سەل چۆچۈپ:

— ئاكا، بۇ ئاتلىقلار نېمە ئادەملەردۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ. كىنىزەم:

— ئۇكام، تامىقىڭنى چاپسان يېگىن، بۇ ياخشى ئالامەت ئەمەستەك قىلىدۇ. قېنى، يېقىن كېلىپ باقسۇن، — دەپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش تامىقنى يەپ بولۇشىغا ئاتلىقلارمۇ يېتىپ كېپتۇ. ئۇلار قىلىچ، نەيزە - قالقان بىلەن قوراللانغان لەشكەرلەر ئىكەن. لەشكەرلەرنىڭ كىيىملىرى يۇرتىدىكى لەشكەرلەرنىڭ كىيىمىگە ئوخشايدىكەن. كىنىزەم بوزكۆرپەشكە:

— ئەگەر ئۇلار بىزگە چېقىلماقچى بولىدىكەن، ئېلىشىمىز، ھەرگىزمۇ قورقما، — دەپ ئۇكىسىغا مەدەت بېرىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا لەشكەرلەر يېقىن كېلىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇكىسى قۇتۇش تۇرغىدەك. كىنىزەم ھەممىنى چۈشىنىپتۇ. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن:

كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىچىك ئانىسى يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ. كېنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشلەر بىرەر يۇرتقا بېرىپ ئورۇنلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن يولدىلا ئۆجۈقتۇرۇۋېتىشنى ئويلاپتۇ. بۇنى ئوغلى قۇتۇشقىلا تاپشۇرسا، ئەقلىسىز بالىسىنىڭ ئۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىرىنى ئالتۇن، كۈمۈش بېرىپ ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا ئوغلى قۇتۇش بىلەن بىرگە چىقىشنى، قۇتۇش نېمە قىلىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلىشنى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە جىق ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن يولغا ساپتۇ. ھېلىقى لەشكەر باشلىقى كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى تونۇمايدىكەن. كىنىزەم قۇتۇشتىن:

— ھە، قۇتۇش ئۇكا، بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ كېپسەنغۇ، نەگە ماڭدىڭ ؟ — دەپ بىلمىگەنگە سېلىپ سوراپتۇ. قۇتۇش:

— كىم سېنىڭ ئۇكاڭ كەن، سېنى تونۇمايمەن، — دەپتۇ ۋە ئارقىدىنلا يېنىدىكى لەشكەر باشلىقىغا پەرمان قىلاي، دەپ تەمشىلىشىگە كىنىزەم ئېغىز ئېچىپ:

— ھە قۇتۇش ئۇكام، دادام، كىچىك ئانام ئوبدان تۇرامدۇ، ئىككى كۈن

ئۇچىدىلا بىزنى تونۇماس بولۇپ قالدىڭمۇ ؟ ــ دەپتۇ.

قۇتۇشنىڭ يېنىدا تۇرغان لەشكەر باشلىقى ئۇ ئىككىسىنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قاپتۇ. ئۇلار قۇتۇش شاھزادىنى قانداق تونۇيدىغاندۇ، دەپ ئويلاپتۇ. كىنىزەمدىن كىملىكىنى سوراشقا تەمشىلىپ تۇرسا، قۇتۇش لەشكەرلەرگە:

ــ ئاۋۇ ئىككىسىنى ئېتىڭلار ! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالقانلىرىنى تەييارلاپ تۇرغانىكەن. قىرىق مىڭ لەشكەر تەڭلا ئوقيا ئېتىپتۇ. ئەمما كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشكە بىرمۇ ئوقمۇ تەگمەپتۇ. كىنىزەم:

ــ قۇتۇش، لەشكەرلىرىڭ ئاتىدىغانىنى ئاتتى. ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. ئەگەر ئۆزۈڭ يالغۇز مەيدانغا چۈشسەڭ، ئېتىش نۆۋىتىمىزنى ساڭا ئۆتۈنىمىز. قېنى، مەيدانغا چۈشەلەمسەن ؟ ــ دەپتۇ.

لەشكەر باشلىقى كىنىزەمنىڭ مەرد ھەم باتۇرلۇقىغا ھەيران قاپتۇ ھەم قايىل بوپتۇ. قانداق قىلىمىز، دېگەن مەنىدە قۇتۇشقا قاراپتۇ. قۇتۇشنىڭ لەشكىرى ئىشلاردىن زادىلا خەۋىرى يوقكەن. شۇڭا ئۆزى يالغۇز مەيدانغا چۈشۈشتىن قورقۇپ، لەشكەرلەرگە قاراپ:

ــ يەنە ئېتىڭلار ! ــ دەپ قاتتىق توۋلاپتۇ.

قىرىق مىڭ لەشكەر ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. بۇ قېتىممۇ كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ھېچنېمە بولماپتۇ. كىنىزەم:

ــ ھەي قۇتۇش، ئېتىش نۆۋىتىمىزنى ساڭا بەرسەك، ئۆزۈڭ ئوتتۇرىغا چىقماي نامەردلىك قىلىپ لەشكەرلەرگە ئاتقۇزدۇڭ. ئەمدى بىزنىڭ ئاتقىنىمىزنى كۆر، ــ دەپتۇ ــ دە، ئىككىسى دادىسى ۋە ئانىسى ياش چاغلىرىدا ئىشلەتكەن ياداغلىرىدىن بىر قېتىمدىلا ئوق ئۈزۈپتىكەن، ھەر بىرىنىڭ ئوقى بىر قاتاردىكى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدىكىسىنىڭ مەيدىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئارقىدىكى لەشكەرنىڭ دۈمبىسىدىن چىقىپتۇ. ئىككى ئوق بىلەن بىر قېتىمدىلا 500 لەشكەر جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. لەشكەر باشلىقى قورقۇپتۇ. قۇتۇش دۆت بولغاچقا، ھېچقانداق خەۋپلىك ھېس قىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ. كىنىزەم ئۇنى بىر قورقۇتۇپ قوياي، دەپ ئوق ئۈزۈپتىكەن، ئوق ئۇنىڭ قالپىقىنىڭ پۆپۈكىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. مۇشۇ چاغدىلا قۇتۇش ھوشىنى تاپقاندەك بوپتۇ، قورقۇپتۇ. ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ لەشكەرلەرنى ئارىلاپ قېچىپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ئىشنىڭ تەكتىنى بىلەۋېلىش ئۈچۈن قۇتۇشنىڭ ئارقىسىدىن ئات قويۇپتۇ. قۇتۇشنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ لەشكەرلەرمۇ قاچقانىكەن. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش قۇتۇشنى لەشكەرلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ قوغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن لەشكەرلەر ئۇلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، جېنىنىڭ غېمىدە بوپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش لەشكەرلەرگە قاراپمۇ قويماي قۇتۇشنىلا قوغلاپتۇ. قوغلا، قوغلا ئاخىرى قۇتۇشنى ئۇلار چۈشكۈن قىلغان يەرگە بارغاندا تۇتۇۋاپتۇ. ئىككىسى قارىغىدەك بولسا، يوغان ئىككى داش قازاندا قۇلىقى بىلەن تەڭ ياغ پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرغان. كىنىزەم قۇتۇشنى:

— ھەي قۇتۇش، بۇنچىۋالا ياغنى قايىنتىپ نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇتۇش قورقۇپ تۇرۇپ:

— ھەي ئاكىلىرىم، ئاتام مېنى «ئۇ ئىككىسىنى تىرىك قولغا چۈشۈرسەڭ تىرىك پېتى، ئۆلۈكىنى قولغا چۈشۈرسەڭ ئۆلۈكىنى ياغدا پۇشۇرۇۋەت» دېگەنىدى، — دەپ ئىقرار قىپتۇ. كىچىك ئاپىسى دېگەن گەپنى دادىسىغا دۆڭگەپ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى كىنىزەم بىلىۋاپتۇ.

— ھەي قۇتۇش، راستىڭنى ئېيت، كەينىمىزدىن سېنى ئاتىمىز ئەۋەتتىمۇ ياكى سېنىڭ ئاپاڭ ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇتۇشتىن كىنىزەم.

ئارىدا بولىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان لەشكەر باشلىقى:

— ھەي مەرد، باتۇر ئوغلانلار، سىلەر كىمنىڭ باللىرى، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. كىنىزەم:

— بىزنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمىزنى، ئىسمىمىزنى قۇتۇش سىلەرگە ئېيتىپ بەرمىدىمۇ؟ ئاڭلىمىغان بولساڭلار ئاڭلاپ قېلىڭلار، بىلمىگەن بولساڭلار بىلىپ قېلىڭلار: قۇتۇشنىڭ دادىسى كىم بولسا، بىزنىڭ دادىمىزمۇ شۇ. بىز مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ نەۋرىسى، نىزغاي پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى كىنىزەم، بوزكۆرپەش بولىمىز، — دەپتۇ.

لەشكەر باشلىقى ئۆز پادىشاھنىڭ ئوغلى، مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ نەۋرىسىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا كېلىپ قالغىنىدىن بەك قورقۇپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشكە:

— ھەي شاھزادىلەر، بىزنى نىزغاي پادىشاھ ئەمەس، پادىشاھىمىزنىڭ كىچىك خوتۇنى ئەۋەتتى. بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىز-نىمۇ ئېيتىماي، پەقەت قۇتۇش شاھزادە نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى بېجىرىشىنىلا ئېيتتى. باشقىسىنى بىلمەيمىز. گۇناھىمىزدىن كەچسەڭلار، — دەپ ئاتتىن چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— سەن راست گەپ قىلدىڭ، سەندە گۇناھ يوق، — دەپ بولۇپ، قۇتۇشقا قاراپ، — سەن بىزنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن بولساڭمۇ، بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتۈڭ. ئەمما سەن قىلغاننى بىز قىلمايمىز. سەنمۇ ئاناڭنىڭ گېپى بويىچە كەلدىڭ. بىز سېنى ئۆلتۈرەيلى دېسەك، ئۆلتۈرۈۋېرىمىز. ئەمما سېنى ئۆلتۈرمەيمىز. سەن ئاتىمىزنىڭ كەنجى بالىسى، ساق قايتىپ كەتكىن. ئا-تىمىز ئىلگىرى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغان، دانا كىشى ئىدى. ھازىر ئەقلىدىن قاپتۇ. سەن بېرىپ ئاتىمىزغا ياخشى قارىغىن، يامان ئىشقا قەدەم باسما، قول ئۇزاتما. بۇنىدىن كېيىن پالتۇك① ئاتلاپ چىقىپ بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلاپ يۈرمە. بىزگە يەنە يامان نىيەتتە بولىدىغان بولساڭ، ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيمىز. قېنى، يۇرتقا قايتىپ كەت، — دەپتۇ كىنىزەم.

قۇتۇش جېنىنىڭ ئامان قالغىنىغا خۇش بولۇپ، لەشكەرلەرنى باشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇ كۈنى ئۇلارغا كۆلمۇ ياكى ئۇۋلاپ يېگىدەك بىرەر ماكار ياكى ئۇچار جانىۋار ئۇچرىماپتۇ. ئاچ قورساق مېڭىۋېرىپتۇ. كەچكە يېقىن بىر دۆڭنىڭ

① پالتۇك — بوسۇغا.

يامزىلىغا ② يېتىپ كېپتۇ. شۇ يەردە تۈنەمەكچى بوپتۇ. قورسىقى ئاچ بولغاچقا، خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. قاچان ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەپتۇ. ئىشقىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈش كۆرگەندەك بوپتۇ، بىرسى ئۇلارغا «ھەي ئوغلانلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دېگەندەك تۇيۇلۇپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كۆزىنى ئاچسا ھېچكىم يوق، ئەمما ئالدىدا بىر داستىخان داستىخاندا ھور چىقىپ تۇرغان ئىككى نان بىلەن بىر چۆگۈن چاي، ئىككى تاۋاق تۇرغىدەك، كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ھەيران قاپتۇ. «بۇمۇ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى» دېيىشىپتۇ. ناننى يەپتۇ، چاينى ئىچىشىپتۇ. غايىپتىن ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەرگەن كارامەتلىك خۇداغا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا داستىخان غايىپ بوپتۇ. ئۆزلىرى بوي تارتىپ، بىر ـ بىرىگە ئېگىزلا كۆرۈنۈپتۇ، ئۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىك سېزىپتۇ. كۈچلىرى تېشىپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇلار شۇ ھالەتتە قايتىدىن يېتىپ ئارام ئاپتۇ، كېچىچە ئوبدان ئوخلاپتۇ. تاڭغا يېقىن ئىككىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە «ياتقان جايىڭلارنى كولاڭلار!» دېگەن ئاۋاز كەلگەندەك تۇيۇلۇپ، تەڭلا ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بىر ـ بىرىگە كۆرگەن چۈشنى، ئاڭلىغان گەپنى ئېيتىشىپتۇ. ھەيران بولۇشۇپ ياتقان يېرىنى كولاپتىكەن، بىر پالنامە چىقىپتۇ. ئۇلار پالنامىنى ئېچىپ قارىسا، ئىككىسىنىڭ شۇ كۈنلا ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقى ئايان بوپتۇ. ئايرىلىپ كېتىشكە چىدىماي خېلى ئۇزاق يىغلىشىپتۇ، تولا يىغلاپ كۆزلىرى ئېلىپتۇ. تاڭ ئېتىش بىلەن يولغا ئاتلىنىپتۇ. قاچان ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئايرىلىش غېمىدە كېتىۋاتسا ئاش ۋاقتى مەزگىلىدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كالىنىڭ بىر مۈڭگۈزىنى كۆرۈپ قاپتۇ. لېكىن ئۇلار بۇنىڭ كالا مۈڭگۈزىمۇ ياكى قانداق ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. كىنىزەم مۈڭگۈزنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ ئاجايىپ بىر جانىۋارنىڭ مۈڭگۈزى ئىكەن. مۇشۇنداق ياخشى نەرسىمۇ يولدا تاشلىنىپ تۇرامدۇ، — دەپتۇ. بوزكۆرپەش ئاكىسىنىڭ گېپى بىلەن مۈڭگۈزگە قىزىقىپتۇ. ئوبدان قاراپ باقماقچى بولۇپ قولىغا ئېلىشىغا، كۆز ئالدىدا ئىككى ئاچا يول پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى «بىزنىڭ بىللە مېڭىشىمىز ئاخىرلاشقان ئوخشايدۇ، بۇ ئاچا يول بىزنىڭ ئايرىلىشىمىزغا تەقدىردىن بېرىلگەن بېشارەت، بۇ قىسمەتنى تارتماي ئىلاجىمىز يوق» دېيىشىپتۇ، يەنە يىغلىشىپتۇ. ئاچا يول ئاغزىدا بىر ياندىن يىغلىشىپ، بىر ياندىن مۈڭدىشىپ يەتتە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. سەككىزىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھەر بىرى بىر يولغا مېڭىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماقچى بوپتۇ. ئايرىلىشتىن بۇرۇن بىر ـ بىرىگە بىر تالدىن يادىغ ئوقى بېرىشىپتۇ.

— قايسىمىزنىڭ ئوقىنىڭ ئۇچى داتلاشسا، ئۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ ياكى بىرەر ئېغىر خەۋپكە ئۇچراپتۇ، دەپ بىلىشەيلى. بىر ـ بىرىمىزنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى قىلايلى، — دەپ ۋەدىلىشىپ خوشلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ سەپەرگە

---

② يامزال ـ يان باغرى، قاپتال.

ئاتلىنىپتۇ.

گەپنى ئەمدى بالىنىڭ كىچىكى بوزكۆرپەشتىن باشلايلى:

بوزكۆرپەش ئاكىسىدىن ئايرىلىپ شۇ ماڭغىنىچە ئۇسسۇساسۇ ئىچىپ، قورسىقى ئاچسا ئۇچرىغاننى ئېتىپ يەپ، توختىماي مېڭىپتۇ. يەتتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى دائىرىسىدىن چىقىپ بوپتۇ، ئەمما قايسى يۇرت دائىرىسىگە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيدىكەن، ئىش قىلىپ بىر يۇرتقا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. شەھەرگە يېقىن كەلگەندە يول ياقىسىدىكى بىر يالغۇز ئۆيگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۆيگە كىرىپ يۇرت ئەھۋالىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۆيدە يالغۇز بىر موماي ئولتۇرىدىكەن. بوزكۆرپەش ئۆيگە كىرىپ مومايغا سالام بېرىپتۇ. موماي ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. بوزكۆرپەشنىڭ ئالدىغا چاي بىلەن نان قويۇپتۇ.

— ئالدى بىلەن قورسىقىڭغا يە، گېپىڭ بولسا ئاندىن دە، — دەپتۇ موماي.

بوزكۆرپەش قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئەمما ھەممە ئىشنى راستى بىلەن دېمەپتۇ.

— مەن ئانامدىن يېتىم قالغانىدىم، دادام قايتا ئۆيلەندى. كىچىك ئانام بىر بالا تۇغدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنى بەك ئۆگەيلەپ تىللايدىغان، ئۇرىدىغان بولدى. دادامۇ خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيدە تۇرۇشقا كۆزۈم يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئېلىپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ بوزكۆرپەش.

مومايىنىڭ بوزكۆرپەشكە ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۆزىگە بالا بولۇشنى ئېيتقانىكەن، بوزكۆرپەش ماقۇل كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئانا ـ بالا بولۇپ بىرگە تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ چاشقانلىرى قويدەك بولىدىكەن. بوزكۆرپەش بىر نەچچە چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىدە جۇۋا تىكىپ كىيىپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى موماي بوزكۆرپەشنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بوزكۆرپەشمۇ مومايغا پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ ئىجىل بولۇپ قاپتۇ. موماي بوزكۆرپەشنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆيدىن نېرى بارغۇزمايدىغان بوپتۇ. بوز كۆرپەشنىڭ كۈنلىرى مومايغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ. يىللارمۇ ئۆتۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوزكۆرپەشنىڭ قۇلىقىغا ۋىژىلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئاۋاز ئەتىسىمۇ ۋە كېيىنكى كۈنلىرىمۇ پات ـ پات ئاڭلىنىپتۇ. ئۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى مومايدىن سورىسا، بىلمەيمەن، دەپتۇ. بوزكۆرپەش سوراۋەرگەندىن كېيىن موماي:

— ئەي بالام، مەن ساڭا ئۇنىڭ نېمىنىڭ ئاۋازلىقىنى، نېمىشقا ھەر كۈنى ئاڭلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمايمەن. ئەگەر ئېيتىپ قويسام سەن مېنى تاشلاپ كېتىسەن، — دەپتۇ. بوزكۆرپەش تېخىمۇ قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ مومايىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانا، سىز ماڭا ئۆز ئانامدەك بولۇپ قالدىڭىز. مەن ئەسلىدە بۇ يۇرتتىن يىراق بىر ئەلنىڭ نىزغاي دېگەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. بىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ئىككى ئوغۇل ئىدۇق. كىچىك ئانىمىزدىن تۇغۇلغان يەنە بىر ئۇكىمىز بار

ئىدى . ئۆگەي ئانىمىز ئۆز ئوغلىنىڭ غېمىدە بىزنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولدى . دادىمىز قېرىغانسېرى ئەقلىدىن ئېزىپ ، ئۆگەي ئانىمىزنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى . ئاخىرىدا بىزنى يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە زورلىدى . سەپەر ئۈستىدە ئاكا – ئۇكا ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتتۇق . ئەگەر مەن بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالسام ئاكام مېنى مۇشۇ يۇرتتىن ئىزدەيدۇ . شۇڭا مەن بۇ يۇرتتىن باشقا ھېچنەگە كەتمەيمەن ، خاتىرجەم بولۇڭ ، — دەپتۇ . موماي بوزكۆرپەشنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ، ۋىژىلدىغان ئاۋاز توغرىلىق سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— ھەي ئوغلۇم ، بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ كۆن دېسە كۆن ئەمەس ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس . ھۆر – پەرى سۈپەت ساھىپجامال بىر مەلىكىسى بار ئىدى . مەلىكە بويىغا يەتكەن ئۈچ يىلدىن بويان نى شەھەر ، نى يۇرتتىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋەردى . پادىشاھىمىزنىڭ كۆڭلىدە نېمە غەرىزى بارلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى . پادىشاھ ئەلچىلەردىن قۇتۇلالماي ، راۋاق ئۈستىگە ئېگىز بىر خادىنى بەكىتىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر قاپاقنى ئېسىپ قويدى . كىمكى ئوقياي – ياداغ بىلەن ئاشۇ قاپاقنى ئېتىپ يەرگە چۈشۈرسە ياكى تېشىۋەتسە قىزىنى شۇ مەرگەنگە بېرىشنى ، تەگكۈزەلمىسە كاللىسىنى ئالىدىغانلىقنى شەرت قىلىپ يۇرتقا جاكار چىقاردى . بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ۋىژىلدىغان ئاۋاز ھېلىقى قاپاققا ئېتىلغان ئوقيا ئوقىنىڭ ئاۋازى ، ھېچكىم قاپاققا تەگكۈزەلمىدى . ئاتقانلا ئادەمنىڭ بېشى كەتتى ، — دەپتۇ موماي . بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوزكۆرپەش :

— ئەي ئانا ، رۇخسەت قىلسىڭىز ، بىر بېرىپ باقسام ، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ قالسام ئەجەب ئەمەس ، — دەپتۇ . ئەمما موماي ئۇنىماپتۇ . بوزكۆرپەشمۇ بېرىپ بېقىشتا چىڭ تۇرىۋاپتۇ . موماي ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ . لېكىن كۆڭلى خاتىرجەم بولماي :

— ئەي ئوغلۇم ، بارىمەن ، دەپ چىڭ تۇرىۋالدىڭ ، مۇشۇ كەتكىنىڭچە قايتىپ كەلمەسلىكىڭدىن ئەنسىرەيمەن . مەيلى بارساڭ بار ، ئەمما ئوقيايىڭنى قويۇپ كەت ، — دەپتۇ .

بوزكۆرپەش مومايىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئوقيايىنى ئالماي مېڭىپتۇ . شەھەرگە كىرىپ راۋاق تۈۋىگە بېرىپ قارىغىدەك بولسا ، نى – نى يىگىتلەر قاپاققا تەگكۈزەلمەي بېشىدىن ئايرىلىپتۇ . دۆۋىلەنگەن ئادەم كاللىسىدا تاغ ياسىلىپتۇ . قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ . كىشىلەر كوچىدا قان كېچىپ ماڭىدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ . بۇ ھالەتكە بوزكۆرپەش چىدىيالماي قاپتۇ . بىر ئاغىنىسىگە :

— سەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مېنىڭ ئوقيايىمنى ئېلىپ كەلسەڭ . مەن بىر ئېتىپ باقسام ، — دەپتۇ . ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئوقياسىنى ئېلىپ كېلىشكە كېتىپتۇ . ئەمما خېلى ساقلىغان بولسىمۇ ئاغىنىسى كەلمەپتۇ . بوز – كۆرپەشنىڭ « مەن بىر ئېتىپ باقسام » دېگىنىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— ئۇنىڭ ئوقياسىنى تېخىچە ئېلىپ كەلمەيدىغۇ ، ئىككىسى گېپىنى بىر قىلىپ پو ئاتتىغۇ ، — دەيمەن ، دېيىشىپتۇ . بوزكۆرپەش :

— بۇرادەرلەر «ئەگلەككە چىقىپ
ئەرگە تېگىپتۇ»، «يارغا بارغان ياسىن
بەگ بوپتۇ» دېگەن گەپ بارغۇ. ھېلىقى
ئاغىنەم بەلكىم ياسىن بەگ بولغان ئوخ-
شايدۇ، — دەپتۇ. تورغانلار ئۇنىڭ
چاقچىقىغا كۈلۈشۈپتۇ. بوزكۆرپەش يەنە
خېلى ساقلاپ، ئوقياسىنى ئەكەلمەپتۇ.
مۇشۇ ئارىلىقتا يەنە بىر كىشىنىڭ كاللىسى
ئېلىنىپتۇ. بوزكۆرپەش تاقەت قىلىپ
تۇرالماي ئوقياسىنى ئەكىلىشكە ئۆزى مې-
گىپتۇ. موماي ئۇنىڭغا ئوقياسنى بەرگىلى
ئۇنىماپتۇ. بوزكۆرپەش تاكى ئاكىسى كەل-
مىگىچە بۇ يۇرتنى كەتمەيدىغانلىقىنى قايتا
ئېيتىپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئوقياسنى
بېرىپتۇ. بوزكۆرپەش ئوقياسنى ئېلىپ
راۋاقنىڭ تۈۋىگە بېرىپتۇ. ياساۋۇللار باش-
لىقىغا قاپاقنى ئاتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئۇنىڭ جەندە كىيىملىرىنى كۆرگەن ياسا-
ۋۇل باشلىقى:
— تورقۇڭغا قارىسام كۆڭگنى
ئالالماي جىنسىدىن تويغان نېمىدەك قىلى-
سەن، جىنىڭ سېسىق پۇراپ، قىلىچ
سېغىنىپ قالغان بولساڭ قىنى ئات، —
دەپتۇ. ئەتراپتا تورغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا
ئۈچ ئاغرىتىپ، پەيلىدىن يېنىشنى ئېيتىپتۇ.
بوزكۆرپەش ئوقياسنى بەتلەپ،
كىرىچىنى تارتىپتىكەن، ياسى ئېگىلىپ
ئونبەش كۈنلۈك ئاينىڭ شەكلىگە كى-
رىپتۇ. «خۇدا، مېنىڭكۆن باتۇر پادىشاھ
بوۋامنىڭ ھەققى، ماڭا مەدەت قىلغايسەن!»
دەپ قاپاققا قارىتىپ ئوق ئۈزگەنىكەن، ئوق
قاپاقنى ئېسىپ قويغان يىپنى ئۈزۈپ
تاشلاپتۇ. چاققانلىق بىلەن ياسىغا ئوق قۇ-
يۇپ ئاتقانىكەن، ئوق يەرگە چۈشۈپ
كېتىۋاتقان قاپاقنى پارچە — پارچە قىلىۋې-
تىپتۇ، قاراپ تورغانلار سۈرەن — چوقان
سېلىشىپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار بوزكۆرپەش-
نىڭ مەرگەنلىكىگە ھەيران قاپتۇ. بۇ خەۋەر
شۇ ئانلا پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. بۇ پادىشاھ
مۇشۇ يۇرتتىكى مەرگەنلەرنىڭ مەرگىنى،
باتۇرلارنىڭ باتۇرى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى
شۇنداق ھېسابلايدىكەن، پادىشاھ قاپاقنى
ئاتىدىغانلاردىن بىرەرسى چىقىپ قالار، دەپ
ئويلىسىمۇ، ئەمما قاپاقنى يىپىدىن
ئۈزۈۋېتىپ، يەرگە چۈشۈپ بولغىچە ئېتىپ
تەگكۈزەلەيدىغان ئادەمنىڭ چىقىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەن. ئۇنداق
مەرگەنلىككە ئۆزىنىڭمۇ كۆزى
يەتمەيدىكەن. بوزكۆرپەشنى ئالدىغا ئېلىپ
كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ كۆرگۈدەك
بولسا جەندە جاپان، توپا چىراي بىر نامرات
يىگىت ئالدىدا تۇرغان. پادىشاھ
بوزكۆرپەشتىن گەپ سوراپ، ئۇنىڭ ياقا
يۇرتلۇق، ھېچنېمىسى يوق قارا يېتىملىقىنى،
ھازىر، ئۆزىنىڭ تەۋەسىدىكى بىر تۇل
مومايىنىڭ بالىسى بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى
بىلىپتۇ. پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە قىزىغا ئۆزىگە
ئوخشاش بىرەر پادىشاھنىڭ ئوغلى توغرا
كېلىپ قالار، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىكەن. ياقا
يۇرتلۇق بىر يېتىمە كىنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل
بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ،
ئىچى قاراڭغۇلىشىپتۇ، ۋەدىسىدىن تېنىپتۇ،
نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئەمما سىرىنى ئىچىگە
يۇتۇپتۇ. يۇرتقا پەرمان جاكارلاپ، ئوتتۇز
كۈن ئويناپ، توققۇز كۈن تويلاپ قىزىنى
بوزكۆرپەشكە چېتىپ قويماقچى بوپتۇ.
تويىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى بوزكۆرپەشنى
تۆمۈر تاملىق ئالاھىدە ھۇجرىدا كۈتمەكچى
بوپتۇ. بوزكۆرپەش تۆمۈر ئۆيگە كىرىشكە
ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قو-

يۇپتۇ . بوزكۆرپەش بۇنىڭ سەۋەبىنى
بىلەلمەي تۇرسا ، سىرتتا تاراق ـ تۇرۇق ،
گۇلدۇر ـ قاراس قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ .
پادىشاھ بوزكۆرپەشنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ
قويغاندىن كېيىن ، تۆت ئەتراپىغا ئوتۇن ـ
ياغاچلارنى دۆۋىلىتىپتۇ . بايىقى ئاۋاز ئوتۇن
ياغاچلارنى تاشلىغاندىكى ئاۋاز ئىكەن . پا-
دىشاھ ئوتۇن ـ ياغاچلارنى كۆيدۈرۈپ ،
تۆمۈر ئۆينىڭ قىزىقىدا بوزكۆرپەشنى كاۋاپ
قىلىپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بوپتۇ . دەسلەپتە
بوزكۆرپەشنىڭ ياقا يۇرتلۇق يېتىم ـ
نامراتلىقنى باھانە قىلىپ ۋەدىسىدىن يې-
نىۋالماقچى بوپتۇ ، لېكىن يۇرت خەلقىنىڭ
ئۆكتە قوپۇشىدىن قورقۇپتۇ . يەنە بىر جە-
ھەتتىن بوزكۆرپەشنىڭ قالتىس
مەرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزى-
نىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپتۇ . شۇڭا ئۇنى
ئاشۇ يول بىلەن يوقاتماقچى بوپتۇ . بوز-
كۆرپەش بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر تۆمۈر
ئۆينىڭ ئىچىدە خىيالغا بەنت بولۇپ ئولتۇ-
رۇپتۇ . بىر كەمدە ئۆينىڭ تۆت تېمى
قىزىپ ، ئۆي ئىچى تونۇردەك ھۆپۆلدەشكە
باشلاپتۇ .

ئەمدى گەپنى كىنىزەمدىن
ئاڭلايلى . كىنىزەم كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ-
كىسى بوز ـ كۆرپەشنى چۈشەپ قاپتۇ .
قارىسا ئۇكىسى قىپقىزىل لاتا ـ پۇتىلارنىڭ
ئارىسىدىن چىقالماي ھەپىلىشىپ يۈرگىدەك .
كۆز ئالدىغا بىر ئاقساقال ئادەم پەيدا
بولغاندەك بولۇپ ، «ئۇكاڭ پالانى يۇرتتا ،
تېز بار » دېگەندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . شۇ
چاغدا بوزكۆرپەش «ئاكا !» دەپ قات-
تىق بىر ۋارقىراپتىكەن ، كىنىزەم ئويغىنىپ

كېتىپتۇ . كۆزىنى ئاچسا ، بايا كۆرگىنى
چۈشى . چۈش بولغاندىمۇ غەلىتە چۈش . ئۇ
شۇ زامان ئوقياسىغا قاراپتۇ . ياسى بىلەن
ئۇكىسى بەرگەن ئوقنىڭ ئۇچى ئازراق دات-
لىشىپ قالغانىكەن . قانداق قىلسام بولار ،
دەپ بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ . ئەتىسى قارىسا
ياسى بىلەي ئوقنىڭ يېرىمى داتلىشىپتۇ .
ئۈچىنچى كۈنى ئوقنىڭ ئۇچى پۈتۈنلەي
داتلىشىپ كېتىپتۇ . كىنىزەم « ئۇكام بىر
خەۋپكە يولۇقۇپتۇ ، بېرىپ قۇتقۇزمىسام
بولمىغىدەك » دەپ ئويلاپتۇ . « يا خۇدا ،
بوۋام مېنىڭكۈن باتۇر پادىشاھنىڭ ھەققى ،
مېنى بۇگۈنلا ئۇكامنىڭ يېنىغا يەتكۈزگەي-
سەن ! » دەپ ئىسمى ئەزەمنى بېشىدىن
ئايىغىغا بىر قېتىم ، ئايىغىدىن بېشىغا بىر قې-
تىمدىن ئوقۇپ كۆزىنى يۇمۇپتۇ . قۇلىقىغا
ناتونۇش ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ . كۆزىنى ئاچسا
ئۆزىنى باشقا بىر شەھەردە كۆرۈپتۇ .
كىشىلەردىن سورىسا ، ئۇ رۇم شەھىرى
ئىكەن . قارىسا ئوردا يېنىدا بىر تۆمۈر ئۆي ،
ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدە ئاسمان پەلەك ئوت
كۆيۈۋاتقان ، ئۆينىڭ تۆمۈر تاملىرى
قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن . « ھە ، ئۇكامنى
ئورىۋالغان قىزىل لاتىلار مۇشۇ ئوتنىڭ
بېشارىتى ئىكەن » دەپ جەزىملەشتۈرۈپتۇ ـ
دە ، ئوتقا يېقىن بېرىپ ، تۆمۈر ئۆيگە قاراپ :

تاملىرىڭ ئالتۇنمۇ
سىرلاپ قويغان تۆمۈردەك ،
ئىشىكلىرىڭ تۆمۈرمۇ
سىرلاپ قويغان مۇسۇندەك ① »

دەپ نەزمە سايپتۇ . ئۆي ئىچىدىن :
ــ ھەي ئاكا ، ھازىر ئۇ گەپنىڭ نېمە
لازىمى ، قولۇڭدىن كەلسە تۆمۈر ئىشكنى

① مۇسۇن ــ يېشىل ئوت ـ چۆپ ، يېشىللىق .

چـېـقـىـپـلا كـىـرمـەمـسـەن ، ـــ دېـگـەن
ئاۋازنى ئاڭلىنىپتۇ .

كـىـنـىـزەم ئۇنـىـڭ بوزكۆرپەشنىڭ
ئاۋازى ئىكـەنـلىكىنى تونۇپتۇ . ئوقياسىنىڭ
ئوقـىـنـىـڭ ئۇچىنى تاشقا سۈركەپ ياپىلاق
قـىـلـىـۋېـتـىـپ « يا مىڭلون باتور بوۋامنىڭ
ئوقـيـاسى » دەپ ، ئوقنى شۇنداق بىر ئۈزۈپ
ـتـىكەن ، تۆمۈر ئىشىككە چاك ـ چاك يېرىق
ئېـچـىـۋېتىپتۇ . ئاندىن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ
« يا مـىـنـگـلون بـاتۇر بوۋامنىڭ قىلىچى ! »
دەپ ، قـىـلـىـچىنى تۆمۈر ئىشىككە شۇنداق
ئۇرۇپـتـىكەن ، ئەيىۇھەنناس ، يەتتە ئاسمان
بـاتـۇرلـىـرى قـىـلـىـچۋازلىق قىلغاندەك ئوت
چـاقناپتۇ . ئىشىك يەتتە پارچە بولۇپتۇ ، كـ
ـىـزەم ئۇكـىـسـى بـوزكۆرپەشنى قۇتقۇزۇپ
چـىـقىپتۇ . ئاندىن ئوتنى كۆرۈكلەپ ئۆلغاي
ـتـىـپ ، تـۆمـۈر تـامغا يەلپۈپ تۇرغان قىرىق
كـۆرۈكچىنى بىر باشتىن چېپىشقا باشلاپتۇ .
ئوتـتـۇز تـوقـقـۇزنى چېپىپ بولۇپ ، ئۆزىگە
ياردەم قىلغان ھېلىقى ئاغىنىسىگە كەلگەندە ،
بوز كۆرپەش :

ـــ ئەي ئاكـا ، بـۇ كـۆرۈكچىنى ئۆلـ
تـۈرمـەيـلـى . ئۇمۇ پادىشاھنىڭ زورى بىلەن
قـىـلـغـانـدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا ياردەم
قـىـلـمـاقـچى بـولـغـان ، ـــ دەپـتـۇ .
بـوزكـۆرپـەشـنـىڭ تىلىۋېلىشى بىلەن قىرىـ
قىنچى كۆرۈكچى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ .
ھېلىقى كۆرۈكچى خۇشاللىقىدا :

ـــ ئەي يىگىتلەر ، سىلەرنىڭ قانداق
بۇيرۇقۇڭلار بولسا مەن تەييار ، بېشىم بىلەن
ئورۇنلايـمـەن ، ـــ دەپـتـۇ . كىنىزەم كۆرۈكـ
چىگە :

ـــ ئەي كۆرۈكچى ، دېگىنىڭ راست
بـولـسـا ، سـەن تـىـنغى يىگىندەك ئىنچىكە 40
تـىـلـلىق بارنىدىن ①بىرنى تەييار قىل ، قانچە
تېـز تـەيـيـار قـىـلـساڭ ، شۇنچە جىق ئىنئام
بېـرىـمـەن ، ـــ دەپـتـۇ . جېنى ئامان قالغان
كـۆرۈكچى بىر قانچە دوست ـ بۇرادەرلىرىنى
يـىـغـىـپ بـارنا ياساشقا كىرىشىپتۇ . بىر ئاچ
پـىـشـىم ۋاقىت ئىچىدە تىغنىڭ ئىنچىكىلىكى
يـىـگـنـىـدەك ، تىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى غېـ
رىـش كـېـلـىـدىغان قىرىق تىللىق بارنىدىن
بـىرنى ياساپ پۈتتۈرۈپتۇ . كىنىزەم مەلىكىنى
ئالدىغا چاقىرغۇزۇپ :

ـــ ھەي مـەلـىـكـە ، ئۆز ۋەدىـسـىـدە
تـۇرمـاي ئۇكام بوزكۆرپەشنى ئوتتا كۆيدۈر
مەكـچى بولغان زالىم داداڭنى دەمسەن ياكى
بوزكۆرپەشنى دەمسەن ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ـــ ھەي بـاتـۇر يـىـگـىـت ، مەن قانداق
سـىـگـە ۋەدىـسـىـدە تۇرمىغان دادامنى دەي ،
سىلەرنى دەيمەن ، ـــ دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ
مەلـىـكە كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش تەرەپكە
ئۆتـۈپتۇ . بۇلارنىڭ باتۇر ۋە قالتىس مەرگەنـ
لـىـكـىنى بىلگەن پادىشاھ ئۇلار بىلەن پەيتنى
تېـپـىـپ كېيىن ئېلىشماقچى بولۇپ ، لەشكەرـ
لـىـرىـنـى ئېلىپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ .
تـاغ ئارىـسـىـدىكى بىر چوڭ غارنى ماكان تۇ
تـۇپ يـوشۇرۇنۇۋاپتۇ . پادىشاھنىڭ نىيىتىنى
پەملىگەن كىنىزەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن غار
ئاغـزىغىچە بېرىپ قاتتىق بىر نەرە تارتقاندىن
كېيىن :

ـــ پادىشاھ ئالدىمغا چىقسۇن ، ئەگەر
چـىـقـمـىـسـا بىرىڭلارنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈپ
تاشلايمەن ، ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ . پادىشاھنىڭ
بىر ۋەزىرى :

ـــ پادىشاھىمىز ئاغرىپ قالدى ،

① بارنا ـــ تىزناق ، قاماققا ئوخشايدىغان بىر نەرسە .

چىقالمايدۇ ، — دەپتۇ . كىنىزەم :

— ئانداق بولسا مەن غارغا كىرەمەن . ئەگەر پادىشاھ راستىنلا ئاغرىپ قالغان بولسا ، ئۆز لايىقىدا يول تۇتىمەن، ئەگەر يالغاندىن ئاغرىق بولىۋالغان بولسا ، بۇرۇنقى گۇناھىغا يەنە يېڭى گۇناھ ئارتىلغان بولىدۇ . ئۇ چاغدا مەندىن ياخشىلىق كۈتمىسۇن ، — دەپتۇ .

ۋەزىر كىنىزەمدىن :

— ئەي يىگىت ، شۇنچە لەشكەرلەردىن قورقماي ئۆزۈڭ يالغۇز كېلىپسەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھىمىزغا پەرمان زۇۋانلىق قىلىۋاتىسەن ، ئېيتقىنا ئۆزۈڭ زادى كىم ؟ — دەپ سوراپتۇ . كىنىزەم :

— مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ئاشكارا قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى ، سوراپ قالدىڭ ، ئاتا يوللۇق ئادەمكەنسەن ، بوپتۇ ، دەپ نېرەي ، بىلىپ قېلىڭلار : پادىشاھىڭلار كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان يىگىتنىڭ ئىسمى بوز كۆرپەش ، مېنىڭ ئۇكام بولىدۇ ، مېنىڭ ئىسمىم كىنىزەم ، بىز قىرىق يەتتە يۇرتنىڭ باش پادىشاھى باتۇر مىنكۈن شاھنىڭ نەۋرىسى بولىمىز ، ئاتىمىزنىڭ ئىسمى نىزغاي ، — دەپتۇ .

مىنكۈن باتۇر پادىشاھنىڭ نەۋرىسى ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ لەشكەرلەرنى ، ۋەزىرلەرنى تىترەك بېسىپتۇ . پادىشاھ تېخىمۇ قورقۇپتۇ . يالغان يېتىۋالغان يېرىدىن ئۆملەپ مېڭىپ غار ئالدىغا چىقىپتۇ . كىنىزەمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ گۇناھىدىن ئۆتۈنۈشنى تىلەپتۇ . كىنىزەم پادىشاھقا :

— ئەي پادىشاھ ، سەن مېنىڭ ئۇكامنى مۇساپىر كۆرمەي يۇرتۇڭدا تۇرغۇزۇپسەن ، قىزىڭنى بەرمەكچى بولۇپ تويىنى ئۆتكۈزۈپسەن . بۇ ياخشىلىقىڭغا بىزمۇ ياخشىلىق قىلمىساق بولمايدۇ . ئەمما ، ۋەدەڭدىن يېنىپ ، ئۇكامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ، بولۇپمۇ بىگۇناھ تۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان گۇناھلىرىڭنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ . لايىقىدا جازا بەرمىسەك ، ئادىل بولمىغان بولىمىز . ئازراق بولسىمۇ جازالىنىشىڭ كېرەك ، — دەپتۇ .

ماڭا قانداق جازا بېرەركىن ، دەپ پادىشاھ قورقۇپ تۇرۇپتۇ . پۇت - قولىدا جان قالماي تىترەپ كېتىپتۇ . كىنىزەم لەشكەرلەردىن ئۇنى ئالدىمغا كەلسۇن ، دەپتۇ . ئون لەشكەر ئالدىغا چىقىپتۇ . كىنىزەم لەشكەرلەرگە :

— پادىشاھىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار ، — دەپتۇ . لەشكەرلەر كىنىزەمنىڭ چىرايىدىكى سۈرلۈك ئالامەتكە قاراپ قورقۇشۇپ ، پادىشاھنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ . كىنىزەم :

— پادىشاھنى مانا ماۋۇ تىرنا - يارنانىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇڭلار ! — دەپتۇ . جاللاتلار پادىشاھنى بارنانىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپتۇ . بارنانىڭ تىغ - يىگنىلىرى پادىشاھنىڭ بەدەنلىرىگە يىڭنە بىگىزدەك سانچىلىپتۇ . پادىشاھ ۋاي - ۋايلاشقا باشلاپتۇ . بىر ئازدىن كېيىن پادىشاھنى بارنانىڭ ئۈستىدىن ئالدۇرۇۋېتىپتۇ . بارنانىڭ تىغلىرى پادىشاھنىڭ بەدىنىدە چىكىم - چىكىم ئىز قالدۇرۇپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۇخۇ ئەتلىك ئادەملەر ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىمىش . پادىشاھ ئاغرىق ئازابى كېتىپ هوشىغا كەلگەندىن كېيىن ، كىنىزەم :

— ئەي پادىشاھ ، ئەمدى ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ، بۇگۈن بىز سېنىڭ شەھرىڭدە قونىمىز . سەن بىز ياتىدىغانغا مەخسۇس بىر ئۆي تەييار قىلسەن . ئۇ

ئۆزىنىڭ تاملىرى ئالتۇندىن بولسۇن ، ئىشىكى
سىرتىدىن ئېچىلمايدىغان ، يېشىل سىرلانغان
بولسۇن ، — دەپتۇ .

پادىشاھ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، ئۆي
ياساشنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ . ئەمما
پادىشاھنىڭ يامان نىيىتى ئەسلىدىكى خېنىمغا
يېنىپ ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاكا ـ
ئۇكا ئىككى شاھزادىنى جىمجىملا
ئۆلتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ . ئۆيگە
ھېچقانداق تۆشۈك ـ ئاراش ئېچىلىپ
قالمىسۇن ، دېگەن بولسىمۇ ، يوشۇرۇنچە بىر
تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ . ئاخشىمى كىنىزەم
ئۇكىسى بىلەن مەلىكىنى باشلاپ ئۆيگە كى-
رىپتۇ . ئىشىكىنى ئىچىدىن پۇختا ئېتىپ
ئۇخلاشقا يېتىپتۇ . بىر ئاز مۈگداشقاندىن
كېيىن ، بوزكۆرپەش بىلەن مەلىكىنى
ئۇگدەك بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ . كىنىزەم دا-
دىسىنى ، يۇرتىنى ئەسلەپ خىيال بىلەن
ياتسا ، ۋىستىلدىغان شەپە ئاڭلانغاندەك
بوپتۇ . قارىغىدەك بولسا ، ئادەمنىڭ
بىلىچىلىك چوڭ بىر زەھەرلىك يىلان مەلىكە
بىلەن بوزكۆرپەشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوز-
كۆرپەشنى چېقىشقا زەھىرىنى چىقىرىپ
تۇرغانىكەن . كىنىزەم چەبدەسلىك بىلەن
قىلىچىنى ئېلىپ يىلاننى چېپىپ تاشلاپتۇ .
يىلاننىڭ بىر تېمىم قېنى مەلىكىنىڭ يۈزىگە
چاچراپ كېتىپتۇ . بوزكۆرپەشنى ئويغىتاي
دېسە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدىكەن . چۈنكى ،
زەھەرلىك يىلاننىڭ قېنىمۇ زەھەرلىك
ئىكەن . كىنىزەم كۆڭلىدىن ئالقانچە لا-
تىنى يىرتىپ ئېلىپ مەلىكىنىڭ يۈزىگە
قويۇپ ، يىلاننىڭ قېنىنى شوراپ يەرگە
تۈكۈرۈۋېتىپتۇ . دەل شۇ چاغدا بوزكۆرپەش
ئويغىنىپ كېتىپتۇ . كىنىزەم ئۇكىسىنىڭ
باشقىچە ئوي ـ گۇماندا بولۇپ قالماسلىقى
ئۈچۈن ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ ،
زەھەرلىك يىلاننىڭ ئىككى پارچە قىلىنغان
ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپتۇ . بوزكۆرپەشمۇ
باشقىچە ئويدا بولماپتۇ . ئۇ ، ئاكىسىغا :

— ئاكا ، سەن مېنىلا ئۆلۈمدىن
قۇتقۇزۇپ قالماي ، مەلىكەمنىمۇ ئۆلۈم
خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپسەن ، يىلاننىڭ قېنىدا
ئۆزۈڭ زەھەرلىنىپ قالمىغانسەن ؟ — دەپتۇ .
ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە
كۆيۈمچان ۋە ساداقەتمەنلىكىدىن مەلىكە
ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ . ئاتىسىنىڭ ۋەدىسىدە
تۇرمايدىغان يۈزسىزلىكىدىن ئۇيىلىپتۇ .
ئەتىسى سەھەردە ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ
ھېچكىمگە كۆرۈنمەي شەھەرنى تاشلاپ ئۆز
يولىغا راۋان بوپتۇ . ئۇلار شەھەر سىرتىغا
كەلگەندە بوز ـ كۆرپەش :

— بۇ يەردە ماڭا ئانا بولۇپ پاناھلىق
بەرگەن ، مەن تۆت يىل بىللە تۇرغان بىر
موماي بار . ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي ،
— دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇلار موماي بىلەن
خوشلىشىپ ، ئۇنى رازى قىلىپ ۋە رازىلىق
ئېلىپ يوللىرىغا ئاتلىنىپتۇ .

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە بىر كۈن
مېڭىپتۇ . ئىككى كۈن مېڭىپتۇ ، ئۈچىنچى
كۈنى مەلىكە ھېرىپ قاپتۇ . توختاپ ئارام
ئالغان يەردە كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشكە
كۆرسەتمەي پۇتىنى تۇتۇپتۇ ، ئۇۋۇلاپتۇ . ئۇ
بۇ ئىشنى قانچە بىلدۈرمەي دېسىمۇ ، كىنىزەم
بىلەن بوزكۆرپەش سېزىپ قاپتۇ . شۇ ئارىدا
ئۇلار بىر دەرياغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ . دەريا
چوڭقۇر ، سۇ كۆپ ئىكەن . دەريادىن قانداق
ئۆتۈشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ . خۇداغا
نالە قىلىپ مەدەت تىلەپتۇ . ئۇلۇغ سۇ ئۆر-
كەشلىگەندەك بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ .
سۇنىڭ بۆلۈنگەن يېرىدە بىر ئاق ئات پەيدا

بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ كىشنەپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئاتقا مەلىكىنى مىندۈرۈپتۇ. ئات دەرياغا چۈشۈپتۇ. ئاتنىڭ پۇتى سۇغا تېگىشى ھامان سۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ يول ئېچىلىپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش ئاتنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار نېرىقى قىرغاققا چىقىپ بولۇشىغا سۇ ئۆز ھالىتىگە كېلىپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار دەريادىن ھۆل بولماي ئۆتۈپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بەرنى تېغىغا يېتىپ كېپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوز-كۆرپەشمۇ قاتتىق ھېرىپ ماغدۇرەك ھالى قالماپتۇ. ئۇلار توختىغان يەرنىڭ سەل نې-رىسىدا بىر دەريا بار ئىكەن. ئات دەرياغىلا قارىغىدەك، كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش ئاتنى ئۇسساپتۇ، دەپ ئويلىشىپتۇ. مەلىكە:

— ھەي يىگىتلەر، سىلەر ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، ئاتنى مەن سۇغۇرۇپ كېلەي، — دەپتۇ، بوزكۆرپەش مەلىكىگە:

— ھەي مەلىكەم، سىز ئاتنى سۇغارغىلى ئېلىپ بارغاندا دەريا لېۋىگە بې-رىشتىن بۇرۇن يۈگىنىنى چىقىرىۋېلىڭ، — دەپ تاپىلاپتۇ. مەلىكە ئاتنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. يۈگەننى يېقىن بارغاندا چىقىرىۋالسامۇ بولار، دەپ ئويلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. دەريا لېۋىگە كەلگەندە، ئاتنىڭ بېشىدىن يۈگەننى چىقىراي دېگىچە ئات مەلىكىنى سۆرەپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئات مەلىكىنىڭ قولىدىن ئاجراپلا كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش قاتتىق ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي يۈگۈرۈپ كېلىپ مەلىكىنى سۇدىن چىقىرىپتۇ. مەلىكە ئۇلار-نىڭ گېپىنى ئېسىدە تۇتماي بىپەرۋالىق قىلىپ ئاتنى قاچۇرۇپ قويغىنىغا بەك خى-جىل بوپتۇ. بۇنى سەزگەن بوزكۆرپەش:

— ئەي مەلىكە، سىز تەڭلىككە قالماڭ، ئۇ ئاتنىڭ بىزگە مۇشۇ دەريا بويى-غىچە ھەمراھ بولىدىغانلىقى خۇدانىڭ تەقدىرىدۇر. ئۇنداق بولمىسا غايىپتىن ئۆزى پەيدا بولۇپ قالغان ئات خالىغىنىچە غايىپ بولۇپ كەتمەيتتى. ئەمدى بۇنىڭ تېرىسىغا ئۆزىمىز ماڭايلى، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئۇلار بىر كۈن مېڭىپ بەرنى تېغىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بەرنى تېغىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ بولۇش ئۈچۈن ساق ئوتتۇز كۈن مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئەمما بۇ تاغ ئىچىدە گەپ قىلىشقا بولمايدىكەن، كىمكى زۇۋان چىقىرىپ قويسىلا تاشقا ئايلى-نىپ قالىدىكەن. شۇ تاغ ئىچىدە ئادەم شەكىللىك تاشلار ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇ-رىدىكەن. ئۇ تاشلار بۇ تاغنىڭ تىلسىمىنى بىلمەي گەپ قىلىپ قويۇپ، تاشقا ئايلىنىپ قالغان ئادەملەر ئىكەن. بەرنى تېغىنىڭ بۇ سىرىدىن كىنىزەمنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن. تاغ ئىچىگە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇ توغرىلىق بوزكۆرپەش بىلەن مەلىكىگە جېكىلەپ قوي-غانىكەن. ئۇلار تاغ ئىچىدە زۇۋان چىقىرىشماي يىگىرمە توققۇز كۈن مېڭىپتۇ. ئوتتۇزىنچى كۈنىمۇ گەپ قىلىشماي مېڭىپتۇ. كەچكە يېقىن تاغنىڭ چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە مەلىكە ئېسىدە يوقلا:

ھەجەپ ھېرىپ كەتتىما ...! — دەپ-ساپتۇ. مەلىكىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغىچە بوزكۆرپەش ئۇنى ئىتتى-رىپلا تاغ ئېغىزىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كېپتۇ. ئەمما ئۈلگۈرە-مەپتۇ. قاتتىق ھېرىپ كەتكەن مەلىكە جايىغىلا يىقىلىپ چۈشۈپ شۇ ھامان تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. بوزكۆرپەش تاش مەلىكىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپتۇ.

ئاھ ئۇرۇپتۇ. كىنىزەم ئۇكىسىنىڭ يىغا ـ نالىسىغا چىدىيالماي:

— ئەي ئۇكام يىغلىما، يىغلىغانغا ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدى بىز مەلىكىنىڭ تاش گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تەبى تېغىغا بارساقلا مەلىكە ئەسلىگە كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تاش مەلىكىنى كۆتۈرۈپ ئارقىمىزغا قايتىپ بىر ئاي ماڭىمىز. بۇ تاغ ئىچىدىن چىقىپ تەبى تېغىغا بارغىچە چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ يەنە ئىككى ئاي يول يۈرىمىز، چىدىيالامسەن، — دەپتۇ. بوزكۆرپەش:

— ھەي ئاكا، مەلىكە ئەسلىگە كېلىدىغانلا بولسا، ھېلىغۇ ئۈچ ئايكەن، ئۈچ يىل بولسىمۇ كۆتۈرۈشكە تەييارمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاش مەلىكىنى بىرى ھارسا يەنە بىرى كۆتۈرۈپ ئۈچ ئاي يول يۈرۈپتۇ. تەبى تېغىغا كەلگىچە ئاياغلىرى يىرتىلىپ پۇتىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. يالىڭاياغ مېڭىپ پۇتلىرىنىڭ تېرىلىرى قالماپتۇ. تاپانلىرى تىشلىپتۇ. ئەمما زادىلا زارلانماپتۇ. زارلاپ قويسا شۇنچە يول مېڭىپ تارتقان جاپاسى بىكارغا كېتىدىكەن. ئاخىرى ئۇلار تەبى تېغىغا يېتىپ كېپتۇ. مەلىكە بىر ئەسنەپلا ئەسلىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئېسىگە كېلىپ:

— ئەي باتۇر يىگىتلەر، مەن ھېچنېمىنى تۇيماي بەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئاجايىپلا بىر تاغقا كېلىپ قاپتۇققۇ، — دەپتۇ. بوزكۆرپەش:

— ئەي مەلىكە، سىز ئۇخلاپ قالمىدىڭىز، بەرنى تېغىدا ... دەپ ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغاندىن تارتىپ كەينىگە يېنىپ تەبى تېغىغا قانداق كەلگەنلىكىگىچە بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن يەنە: بىز ئەمدى ئەسلى مەنزىلىمىزگە بېرىش ئۈچۈن يەنە ئارقىمىزغا قايتىمىز. بەرنى تېغىغا بارغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ بولغىچە زادى گەپ قىلغۇچى بولماڭ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئارقىسىغا قايتىپ چۆل ـ جەزىرىدە ئىككى ئاي مېڭىپتۇ. بەرنى تېغى ئىچىدە گەپ قىلىشماي بىر ئاي مېڭىپتۇ. تاغ ئېغىزىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپتۇ. قارىغىدەك بولسا بەرنى تېغىنىڭ بۇ تەرىپى تۆت قامانىغا كۆز يەتمەيدىغان تۈپتۈز كۆكۆلمەيدان ئىكەن. مەلىكە بوزكۆرپەش بىلەن كىنىزەمگە:

— ئەي شاھزادىلەر، بىز يەنە نەگە بارىمىز، بۇنىڭدىن ياخشى يەر بولماس، بىز شۇ يەرگە بىر ئوتاق قۇرساق، تەبى تېغى بىلەن بەرنى تېغى تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىرلانى ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر يۇرت قۇرساق قانداق دەيسىلەر، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ: مەلىكىنىڭ مەسلىھەتى ئىككى شاھزادىنىڭمۇ تازا يېقىپتۇ. ئۇلار بەرنى تېغىنىڭ باغرىغا بىر ئوتاق قۇرۇپتۇ. كىنىزەم ئۇكىسى بىلەن مەلىكىنى چېتىپ تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. توي ئاخىرىدا كىنىزەم مەلىكىدىن:

— ھەي مەلىكە، سىز بۈگۈندىن باشلاپ ئۇكامنىڭ خوتۇنى بولدىڭىز. بۇ يەردە ھازىر ئۈچىمىزدىن باشقا ئادەم يوق. سىز زېرىكىپ ئاتا ـ ئانىڭىزنى سېغىنىپ، ئاتا ـ ئانامنى كۆرگۈم كېپكەتتى، دەپ تۇرۇۋالارسىزمۇ ياكى شۇ تەرەپكە ماڭغان ئادەملەرگە ئەگىشىپ كېتىپ قالارسىزمۇ؟

— دەپ سوراپتۇ، مەلىكە:

سىلەر مېنى دەپ ئاز جاپا

چەكمىدىڭلار ، بوز كۆرپەش مېنىڭ ئېرىم بولۇشقا ھەقلىق ئىدى . لېكىن دادام يۈزسىزلىك قىلىپ ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى . ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى . مەن ئۇنداق يۈزسىز ، زالىم پادىشاھدىن ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزىمەن . مۇشۇ گېپىمنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بىز قۇرغان مۇشۇ ئوتاققا « ئۈزگەن » دەپ نام قويساق قانداق دەيسىلەر ؟ — دەپتۇ . بۇ نامغا كېنىزەم بىلەن بوز كۆرپەشمۇ قوشۇلۇپتۇ . مەلىكە يەنە : مېنى دەپ سىلەرنىڭ كۆپ جاپا چەككەنلىكىڭلارنى ، مېنىڭ بىر مەزگىل تاش مەلىكە بولۇپ قالغانلىقىمنى ئەستىن چىقارماسلىق ئۈچۈن مەن ئىسمىمنى « تاش مەلىكە » دەپ قويماقچىمەن ، — دەپتۇ . شۇندىن باشلاپ ئۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى تاش مەلىكە بوپتۇ . ئۇلار خۇدادىن بۇ ئوتاقنى ئاۋات بىر شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ بېرىشىنى تىلەپتۇ . ئۇلارنىڭ تىلىكى قوبۇل تېپىلىپ ئۈزگەن ① ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپتۇ . بەرنى تېغى بىلەن تەبى تېغى تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىرلار بۇ يەردە ماكانلىشىپتۇ . يۇرت - يۇرتلاردىن كىشىلەر كېلىشىۋېرىپتۇ . خەلقى كۆپىيىپ ، يۇرت چوڭىيىپتۇ . يۇرت چوڭايغانسېرى يۇرتقا ئىگە بولۇپ باشقۇرىدىغان بىر پادىشاھنىڭ بولۇشى لازىم بوپتۇ . يۇرت خەلقى كېڭىشىپ شاھزادە كېنىزەمنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ . ئۇ كىنىي شاھزادە بوز كۆرپەش ئوڭ قول ۋەزىر بوپتۇ . بوز كۆرپەش بىلەن تاش مەلىكە بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ . قىزىنىڭ ئىسمىنى كۈنسۈن قويۇپتۇ . ئاي ، يىللاردىن بىر نەچچىسى ئۆتۈپتۇ . بىر ھېتىملىق ئاغرىقتا بوز كۆرپەش ساقىيالماي بۇ ئالەمدىن كېتىپتۇ . تاش مەلىكە بىلەن قىزى كۈنسۈن كېنىزەمنىڭ ئاتىدار چېلىقىدا ئۆتۈپتۇ . ئۈچەيلەن ئاكا - سىڭىل ، ئاتا - بالىدەك ئۆتۈپتۇ . ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ ، يۇرتقا تارقالغان بىر كېسەللىكتە تاش مەلىكىمۇ ئالەمدىن كۆز يۇمۇپتۇ . كېنىزەم بىلەن كۈنسۈنلا قاپتۇ . كېنىزەم كۈنسۈننى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ چوڭ قىپتۇ . كېنىزەم ئۇ كىسىنىڭ قىزىنى ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيلەنمەپتۇ . كۈنسۈن ئون يەتتە ياشقا يېتىپتۇ . جاي - جايلاردىن ئۇنى سوراپ ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ . كېنىزەم ئەلچىلەرگە نېمە دېيىشىنى كۈنسۈندىن سوراپتىكەن ، كۈنسۈن :

— مېنى سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ئۆزى مېنى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرسۇن . مەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئانامنىڭ ئىسمىنى سورايمەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىش ئۆزىلا ھەل بولىدۇ ، — دەپتۇ .

كۈنسۈننىڭ گېپىدىن كېنىزەم ھېچنېمىنى بىلەلمەپتۇ . قانداق جاۋاب بېرىشىنى كۈنسۈن ئۆزى بىلىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپتۇ . كۈنسۈندا بىر سىرلىق خىسلەت بار ئىكەن ، بۇنىڭدىن كېنىزەمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن . ئۇ بولسىمۇ كۈنسۈننىڭ ئانامنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — دەپ سورىغان سوئالىغا « تاش مەلىكە » دەپ جاۋاب بەرگەن كىشى شۇ ھامانلا تاش ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىكەن .

① كورلا ئاۋات يېزىسىدا ئۈزگەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار . كەنتتە قەدىمىي شەھەر قەلئەسىنىڭ خارابىسى بار . مىنكۈنگەر بىلەن ئۈزگەن بىر يېزا تەۋەسىدە .

شۇ سەۋەب بىلەن نەچچە ئون يىگىتلەر تاش ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنىڭغا كىنىزەممۇ ھېچ ئامال قىلالماپتۇ. كېيىنچە كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپتۇ. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ: كىنىزەم پادىشاھ 100 ياشقا يېقىنلىشىپتۇ. يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ. گۈللەندۈرۈپتۇ. يېشىنى ياشاپ، يېنىنى يەر تارتىدىغان بولغاندىن كېيىن، تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان بالىسىنىڭ ياكى بىرەر جەمەت - تۇغقىنىنىڭ يوقلۇقىدىن زارلىنىپتۇ، ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ غېمىنى كۆنسۇنغا ئېيتقانىكەن، كۆنسۇن:

— شاھ ئاتا، غەم قىلماڭ، ئالدىنقى ئاخشام بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە سىز ماڭا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن يىگىتلەردىن «سەن كىمنىڭ ئەۋلادى؟ دەپ سورا، كىم سېنىڭ لايىقىڭ بولسا، شۇ زۇۋانغا كېلىدۇ ھەم ئەسلىگە كېلىدۇ» دېگۈدەك سىز، راست شۇنداق بولسا، تاش ئادەملەردىن ھازىرلا سوراپ باقايلى، — دەپتۇ.

كىنىزەم بۇ سىرلىق بېشارەتكە ھەيران قاپتۇ، شۇنداق بولۇشىنى تىلەپتۇ، كۆنسۇن بىلەن ئىككىسى تاش ئادەملەر ئارىسىغا بېرىپتۇ. كۆنسۇن بىر باشتىن ھەر بىر تاش ئادەمدىن:

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادى؟ — دەپ سوراپتۇ. تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەملەر جەمئىي قىرىق يەتتە ئىكەن. ئوتتۇز ئالتىنچى تاش ئادەمگىچە سوراپتۇ. ھېچقايسىسىدىن زۇۋان چىقماپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى تاش ئادەمدىن سوراپتىكەن، ئۇ:

— مەن قىرىق يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھەنشاھى، باتۇرلارنىڭ باتۇرى، ئادىللارنىڭ ئادىلى، مەرد - سېخىلارنىڭ مەردانىسى مىنكۆن باتۇر پادىشاھنىڭ نەۋرىسى بولىمەن، — دەپتۇ ۋە شۇ ھامانلا ئەسلىگە كېپتۇ. ئۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق يىگىت ئىكەن.

كىنىزەم «مىنكۆن باتۇر پادىشاھ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇش بوپتۇ. ئۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپتىكەن. ھېلىقى يىگىت:

— ئاتامنىڭ ئىسمى قۇتتۇش، — دەپتۇ.

كىنىزەم ئىتتىك بېرىپ يىگىتنى باغرىغا بېسىپتۇ، «ئاھ — سەن ئۇكام قۇتتۇشنىڭ بالىسى ئىكەنسەنغۇ!» دەپتۇ. بۇنىڭغا ھېلىقى يىگىتمۇ، كۆنسۇنمۇ ھەيران قاپتۇ، كىنىزەم يىگىتتىن داداسىنى نىزغاينىڭ، قۇتتۇشنىڭ ۋە يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا قالغان تاش ئادەملەر بىر - بىرلەپ ئەسلىگە كېپتۇ. ئەمدى گەپنى نىزغاي پادىشاھ بىلەن قۇتتۇش تەرەپتىن ئاڭلايلى.

قۇتتۇش يۇرتقا قايتىپ بېرىپ ئانىسىغا كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەشنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم دەپ يالغان ئېيتىپتۇ. ئانىسىمۇ ئىشىنىپ، كۆڭلى خاتىرجەم بوپتۇ. ئەمما ھېلىقى لەشكەر باشلىقى لەشكەرلەر ئارىسىدا ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى تارقىتىپ نىزغاي پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ يامان نىيىتىنى ئاشكارىلاپ يېيىۋېتىپتۇ. بۇ گەپ يۇرت ئىچىدە پۇر بوپتۇ. ئەمما نىزغاي پادىشاھغا بۇ ئىشنى قانداق بىلدۈرۈشنىڭ يولىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. چۈنكى نىزغاي پادىشاھ كۆندىن كۈنگە ئەقلىدىن قېلىپ، ئېگىز - پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. نىزغاي پادىشاھنىڭ تۇرۇپلا بۇنداق بولۇپ قالغىنىدىن ۋەزىرلەر ھەيران قاپتۇ. لەشكەر باشلىقلىرى

كىچىك خوتۇنىنىڭ بىرەر شۇملۇقى بارمىكىن، دەپ گۇمانلىنىپتۇ. ئۇلار گۇمانلىرىنى ھەم كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشكە قىلىنغان شۇملۇقلارنى نىزغاي پادىشاھنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىگە ئېيتىپتۇ. ۋەزىرلەردىمۇ گۇمان تۇغۇلۇپ، يۇرت - يۇرتلاردىن تونۇق، ئۇستا تېۋىپلارنى ئەكەلدۇرۇپ نىزغاي پادىشاھنىڭ نېمە كېسەللىكىنى تەكشۇرتۇپتۇ. تېۋىپلار بىردەكلا: پادىشاھغا سار قۇشنىڭ مېڭىسىنى ئىچىرىۋېتىپتۇ، دېيىشىپتۇ، گۇمان يېشىلىپتۇ. تېۋىپلار ئۇنداق داۋالاپ، مۇنداق داۋالاپ يۈرۈپ نىزغاي پادىشاھنىڭ ئەقلى - ھوشى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. كېسەلگە شىپا تېپىلغان بىلەن قىرىلىققا شىپا تېپىلماپتۇ، نىزغاي پادىشاھ قىرىلىقچە قېلىۋېرىپتۇ، بەلكى تېنى بارغانسىرى ئاجىزلاپتۇ. ۋەزىرلەر مەسلىھەتلىشىپ، كۈنلەرنىڭ خاسىيەتلىك بىر كۈنىدە نىزغاي پادىشاھغا پۈتۈن ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشكە قىلىپ قويغان ئىشلىرىغا ئېچىنىپتۇ. كىچىك خوتۇنىنىڭ شۇملۇقلىرىغا غەزەپلىنىپتۇ. يۇرتقا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئوردا مەيدانىغا دار ئورناتقۇزۇپ پۈتۈن يۇرت خەلقى ئالدىدا خوتۇنىنى دارغا ئېسىپتۇ...

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. نىزغاي پادىشاھ كۈچ - قۇۋۋىتىدىن تېخىمۇ قېلىپ بەك ئاجىزلاپتۇ. ئورنىغا كىمنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ. كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ نەدىلىكىدىن زادىلا خەۋەر تاپالماپتۇ. ئىلاجىسىز بۇ ئىشنى ۋەزىرلەرگە قويۇپتۇ. ۋەزىرلەر: «قۇتۇشتا گۇناھ يوق، ئۇنى ئازدۇرغان ئانىسى. ئۇمۇ ئىككى ئاكىسىغا قىلىپ قويغىنىدىن خىجىل بولۇپ كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بالىسى. كىنىزەملەردىن خەۋەر بولغىچە ئورۇنلىرىدا قۇتۇش شاھزادە پادىشاھ بولۇپ تۇرسا»، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ. نىزغاي پادىشاھمۇ ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىپتۇ. ئالدى بىلەن قۇتۇشنى ئۆيلەپ قويۇشنى كېڭىشىپ، قوشنا يۇرت پادىشاھىنىڭ قىزىنى سوراپ قىرىق كۈن توي ئۆتكۈزۈپتۇ. تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى شاھزادە قۇتۇشقا ئۆزىنىڭ شاھلىق تاجىنى كەيدۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ شاھانە تەختكە چىقىرىپتۇ. يۇرت - جامائەت ئالدىدا ئوغلى قۇتۇشقا:

— ئەسلىدە شاھلىق تەختىدە چوڭ ئاكاڭ كىنىزەم ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇلار بۇ يەردە بولمىغاچقا، تەختىمگە سېنى چىقاردىم. مېنىڭ ئۆمرۈم ئاز قالدى. مەندىن كېيىن قالغاندا قانداقلا بولمىسۇن ئىككى ئاكاڭنى تاپ، كېيىنكى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارا، ئۇلار ئالدىدا گۇناھىڭنى يۇيۇپ، يۈزۈڭنى ئاق قىل، بولمىسا سەندىن رازى بولمايمەن، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. شۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، نىزغاي پادىشاھ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ.

دادىسى نىزغاي پادىشاھ ئۇ ئالەمگە كەتكەندىن كېيىن، قۇتۇش يالغۇزسىراپتۇ. ئاكىلىرى - كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى سېغىنىپتۇ. كۈندىن كۈن، ئايدىن ئاي ئۆتۈپ، ئۆيلۈك بولغىنىغا بىر يىل تولغان كۈنى خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغلىغا قۇتقۇش دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.... قۇتقۇش ئون يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. قۇتۇش ئۇ يىللارنى ئىككى ئاكىسىنى سېغىنىش ۋە

ئېچىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ . ئۇغلى ئون يەتتە ياشقا تولغان يىلىنىڭ بىر كۈنىدە قۇتۇش دادىسى نىزغاي پادىشاھنى چۈشەپ قاپتۇ . نىزغاي پادىشاھ ئۇنىڭغا : « قۇتۇش ، ۋەسىيىتىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭ ، ئىككى ئاكاڭنى تېپىشنىڭ يولىنى قىلمىدىڭ ، ئۇلار سېنىڭ سەۋەبىڭدىن يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن . ئەگەر سېنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ قويغۇڭ كەلمىسە ، ئوغلۇڭ قۇتقۇشنى يولغا سال ، ئۇ ئاكىلىرىڭنى تاپسۇن » دەپتۇدەك .

قۇتۇش ئويغىنىپلا قۇتقۇشنى ئالدىغا چاقىرىپ ، ئىككى ئاكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . دادىسى نىزغاي پادىشاھنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى ، باياتىن كۆرگەن چۈشىنى ئايان قىلىپ ، ئۇنىڭ تاغىلىرىنى تېپىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ . بوۋىسى مىنكۇن باتۇر پادىشاھ تەۋەلىكىدىكى 47 يۇرتنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن يارامىلىق يىگىتلەرنى ئالدۇرۇپ كېپتۇ . تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن ، خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇتقۇشنى 46 ھەمراھلىرى بىلە يولغا سېپتۇ .

قۇتقۇش بوۋىسى مىنكۇن باتۇر پادىشاھ تەۋەلىكىدىكى يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي ئارىلاپتۇ . كىشىلەردىن سورۇشتۇرۇپتۇ . لېكىن تاغىلىرىنىڭ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالماپتۇ . باشقا ئېقىلمىدىن ئىزلىمەك بولۇپ بوۋىسىنىڭ تەۋەسىدىن چىقىپتۇ ، نۇرغۇن يۇرتلارنى ئارىلاپتۇ . يەنىلا كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى كۆرگەن ياكى ئۇلار توغرىلىق بىرەر خەۋەر ئاڭلىغان كىشىنىمۇ ئۇچراتماپتۇ . ئۇلار ماڭا - ماڭا بەرنى تېغى ئېچىگە كىرىپ قاپتۇ . قۇتقۇشنىڭ ھەمراھلىرى ئارىسىدا بەرنى تېغىنىڭ جىلغىسىنىڭ سىرىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلار بار ئىكەن . ئۇلار جىلغىدىن چىقارغا ئاز قالغىچىلىك گەپ قىلماي مېڭىشىپ ، ئېغىزغا يېقىن كەلگەندە خۇشاللىقلىرىدا ھەممىسى ۋارقىرىشىپ قويۇپ تاشقا ئايلىنىپ قالغانىكەن . ياراتقان ئىگىسىنىڭ كارامەتلىك قۇدرىتىدە كۈنسۇن تەرىپىدىن مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىش بىلەن قۇتقۇشمۇ ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئەسلىگە كېپتۇ . شۇنداقلا بەرنى تېغىنىڭ ئاپەتلىك خىسلىتى كۈچىدىن قېلىپ ، زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە جان كىرىپ ، ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ .

ئەمدى گەپنى يەنە كۈنسۇنلارغا يۆتكەيلى :

— كىنىزەم ئۇكىسى قۇتۇشنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ قالغىنىغا بەك خۇشال بوپتۇ . قۇتقۇش ئۆزىنى دادىسىنىڭ نېمە مەقسەتتە سەپەرگە ئاتلاندۇرغىنىنى ، چوڭ دادىسى نىزغاي شاھنىڭ نېمە دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى دادىسىدىن ئاڭلىغىنىنى بويىچە بايان قىلىپ بېرىپتۇ كىنىزەم دادىسى نىزغاي شاھنىڭ ۋاپاتىدا يېنىدا بولالمىغىنىغا قاتتىق ئېچىنىپتۇ . ئۆزىنىڭمۇ ياشنىپ قالغىنىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ . ئۆزلىرىنىڭ يۇرتتىن چىققاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزگەن شەھىرىنى قانداق بىنا قىلىشقانلىرىنى ، چوڭ ئۇكىسى بوز - كۆرپەشتىن ئايرىلىپ ، دادىسى نىزغاي شاھ بىلەن ئۇكىسى قۇتۇشنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنى ، قۇتقۇشنى كۆرۈپ دادىسى ۋە ئۇكىسى قۇتۇشنى كۆرگەندەك خۇشال بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ .

كۈنسۇن كىنىزەم بىلەن قۇتقۇشنىڭ

گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. كىنىزەم كۇنسۇن بىلەن قۇتقۇشقا باشقىدىن سىنچىلاپ قاراپتۇ. كۇنسۇن دادىسى بوزكۆرپەشكە قانداق ئوخشىسا، قۇتقۇشمۇ دادىسى قۇتۇشقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. كىنىزەم قۇتقۇشنىڭ يېشىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ يېشىمۇ، تۇغۇلغان ئايى، كۈنلىرىمۇ ئوپئوخشاش ئىكەن. كىنىزەم ئۆزىنىڭ ياشىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇكىسى قۇتۇشنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ بار مەسلىھەت قۇتقۇش بىلەن كۇنسۇننىڭ باشلىرىنى قوشۇپ قويۇپ، ئاندىن شاھلىق تاجىنى قۇتقۇشقا كىيدۈرۈپ، ئۆزگەن شەھىرىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئەمما بۇ خىيالىنى ئۇلارغا ئاشكارىلىماي، قۇتقۇشقا:

— ئوغلۇم قۇتقۇش، سېنى كۆرۈپ دادامنى، ئۇكام قۇتۇشنى كۆرگەندەكلا بولدۇم. لېكىن شۇنداقتىمۇ يۈزمۇ ـ يۈز كۆرۈشكەنگە يەتمەيدۇ. مەن بېرىپ ئۇكامنى كۆرگەچ دادام نىزغاي شاھنىڭ تۇپرىقىنى يوقلاپ كېلەي دېسەم، ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم. شۇڭا ھەمراھلىرىڭدىن بىرەرسىنى ئەۋەتىپ داداڭ قۇتۇشنى چاقىرتىپ كەلسەڭ قانداق؟ — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەتكە قۇتقۇشمۇ، كۇنسۇنمۇ بەك خۇش بوپتۇ. شۇ كۈنىلا قۇتقۇشنىڭ ھەمراھلىرىدىن قاۋۇل ئون نەچچىنى تاللاپ، يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن يولغا سېپتۇ.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. قۇتۇش بىر قىسىم يېقىنلىرى بىلەن ئۆزگەن شەھىرىگە يېتىپ كېپتۇ. كىنىزەم، قۇتقۇش ۋە كۇنسۇنلار ئوردا بەگلىرىنى باشلاپ قۇتۇشنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقاندا ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا باغرىلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، دادىسى نىزغاي شاھ ۋە بوزكۆرپەشلەرنى ياد ئېتىپ كۆز ياش قىلىشىپتۇ. ئۇلار شەھەرگە قاراپ ئاتلىنىپ، قورغان قوۋۇقىغا يېقىن كېلىشكە چوڭ بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كېپتۇ. كىنىزەم بىلەن قۇتۇش قوۋۇق ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىپ قارىغىدەك بولسا، ئاسمان ـ زېمىننى توپا ـ چاڭ قاپلىغان، بېشى بار، ئاخىرىغا كۆز يەتمەس سانسىز قوشۇنلۇق بىر توپ ئالامان ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتقان. كىنىزەمنى ھەيرانلىق بېسىپتۇ. «يېڭى يۇرتىمىزنىڭ يېشىللىقىغا، باي ـ ئاۋاتلىقىغا كۆزى قىزارغان يىغى ـ ياۋمىدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار شەھەرگە يېقىنلاشقىچە ئېنىقلاپ كۆرمەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاپار ماڭدۇرۇپتۇ. چاپارلار كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. كەلگىنىدىلەر كۆز يېتىمدىن يېقىنراق ئارىلىققا كېلىپ توختاپتۇ. كىنىزەم بىلەن قۇتۇش ئۇلارنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىشەلمەي قارىشىپلا قاپتۇ. ئۇبدان زەن سېلىپ قارىغىدەك بولسا، ئاپئاق ساقىلى پۈتۈن مەيدىسىگە يېيىلىپ تۇرغان، بەھەيۋەت قامەتلىك، ئوقالىق تاج كىيگەن بىر بوۋاي سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان؛ ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە ئۆزى ئەۋەتكەن چاپارمەنلىرى ئۆز ـ ئارا پاراڭلىشىپ خۇش كېتىپ تۇرۇشقان. كىنىزەم بىلەن قۇتۇشنى تېخىمۇ ھەيرانلىق بېسىپتۇ. يەنە چاپار ماڭدۇرۇپ بېقىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا ھېلىقى بەھەيۋەت قامەتلىك بوۋاي ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ئارقىدىنلا ئۆزلىرىنىڭ چاپارمەنلىرى ۋە پۈتۈن قوشۇن ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. قارىغىدەك بولسا، قامەتلىك بوۋاي بۇ تەرەپ چاپارمەنلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان. كىنىزەم كەلگەن بۇ چوڭ قوشۇندا ھېچقانداق دۈشمەنلىك ئالامىتىنىڭ يوقلۇقىنى جەزم قىپتۇ. بوۋاينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىغا مېڭىپتۇ. كىنىزەمگە قاراپ قۇتۇش، ئۇنىڭ ئوغلى قۇتقۇش ۋە كۇنسۇنلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ.

ئارىلىق ئون قەدەمدەك قالغاندا بوۋاي مېڭىشتىن توختاپتۇ. بوۋايغا قاراپ كىنىزەملەرمۇ توختاپتۇ. ناتونۇش ئىككى تەرەپ بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئارىلىقنى جىملىق بېسىپتۇ. بۇ چاغدا كىنىزەم ئەۋەتكەن چاپارلارنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— كىنىزەم شاھ، قۇتۇش شاھ، بۈگۈن يۇرتىمىزغا قۇت ياغدى. بۇ بوۋاينىڭ كىملىكىنى

بىلەمسىلەر ! خانلارنىڭ خانى ، 47 ئىقلىمنىڭ ئاتامان شاھى ، كىنىزەم شاھ بىلەن قۇتتۇش شاھىنىڭ ئاتىسى بولغان نىزغاي پادىشاھنىڭ دادىسى ، ھەممىمىزنىڭ قۇتلۇق شاھ بوۋىمىز مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ .

چاپارلار باشلىقى گېپىنى تۈگىتىپ بولغىچە كىنىزەم ، قۇتتۇش ھەم قۇتقۇش ، كۈنسۇنلار مىنكۇن باتۇر بوۋا ! دېگىنىچە ئالدىغا ئېتىلىپتۇ .

ئەمدى مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ قانداق بولۇپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغانلىقىغا كەلسەك ، مىنكۇن باتۇر پادىشاھ غەلىتە مەخلۇق — يەجۇجەلەر بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوقاتقاندىن كېيىن ، ئۇسمى تېغىنىڭ ئارقىسىدا بەرنى تېغى دەپ سىر — ھېكمەتلىك بىر تاغ بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلاپ تاغنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ ، كېلىپ قالغانىكەن . ئالدىغا كەلگەن چاپارلاردىن ئۆزگەن شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ، كىنىزەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىكەن . ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشى بايقىدەك بوپتۇ . مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ، « بالىلىرىم ! » دەپ ئۇلارنى باغرىغا بېسىپتۇ . كەتكەنلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىپتۇ . نەۋرىلىرى بىلەن كۆرۈشكىنىگە خۇشاللىقى تېشىپتۇ . ھەسرەت يېشى بىلەن خۇشلۇق ياشلىرى بىرلىشىپ ئېقىپ كەڭ دالىنى نەملەپتۇ . ئەتراپنى شادلىق چۇقانلىرى قاپلاپتۇ . ئىككى ئېقىن قوشۇلۇپ چوڭ دەريانى ھاسىل قىلغاندەك ئىككى تەرەپ ئادەملىرى بۇگۈنكى قۇتلۇق كۈننى مۇبارەكلەپ قۇچاقلىشىپتۇ . سەكرىشىپتۇ . ئۇلار شۇ ھالەتتە شەھەرگە قاراپ ئېقىپتۇ . ئالدىدا مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ، ئىككى يېنىدا نەۋرىلىرى مېڭىپتۇ .

كىنىزەم بوۋىسى — مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ شەرىپى ئۈچۈن يۇرتقا يەتتە كۈن مۇبارەك داستىخىنى سىپتۇ . يەتتە كۈن خۇشاللىق تويىنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن ، كىنىزەم قۇتقۇش بىلەن كۈنسۇننىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولغانلىق ئويىنى بوۋىسى ۋە ئۇكىسى قۇتتۇشقا ئېيتقانىكەن ، بۇ ئويغا ئۇلارمۇ قوشۇلۇپتۇ . بولۇپمۇ مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ئىككى نەۋرىسىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىسىپ بولغىنىغا بەك خوش بوپتۇ . توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ئۆزى جاكارلاپتۇ .

شاھزادە قۇتقۇش بىلەن كۈنسۇننىڭ توي مەرىكىسى شۇنداق داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپتۇكى ، بۇ مەرىكە ھەم ئىككى ياشنىڭ ، ھەم يېڭى يۇرتنىڭ ، ھەم مىنكۇن باتۇر پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ نەۋرە — ئەۋرىلىرىنىڭ دىدار كۆرۈشكەنلىك ، ھەم قۇتقۇشنىڭ تاج كىيىش تويى بوپتۇ . مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ بىرمۇ تويىمۇ ياكى ھېچقايسى بالىلىرىنىڭ تويىمۇ بۇ قەدەر داغدۇغىلىق بولمىغانىكەن .

يەتتە كۈنلۈك تويدىن كېيىن ، مىنكۇن باتۇر پادىشاھ بىلەن قۇتتۇش ئۆز دىيارلىرىغا قايتىشىپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ئوغلى نىزغاينىڭ تۇپرىقىغا سۇ سېپىپ قويماق بولۇپ قۇتتۇش بىلەن بىللە مېڭىپتۇ .

يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ئۆزگەن شەھىرىنىڭ يېڭى بىنا قىلىنغانلىقى ، شەھەر مۇداپىئە سېنىڭ دېگەندەك مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆز قوشۇنى ۋە يۇرت خەلقىنى ھەرىكەتكە سېلىپ ، يۇرت — شەھەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، قېلىن ھەم ئېگىز قىلىپ قورغان سالدۇرۇپ بەرگەنىكەن . شۇندىن بۇيان نەچچە دەقىيانۇسنىڭ زامانى ئۆتۈپتۇ . ھازىرقى ئۆزگەندىكى ئۆت چاسا دۆڭلۈك مىنكۇن باتۇر پادىشاھ سالدۇرغان ئاشۇ قورغاننىڭ قالدۇقى ئىكەن .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : ( كورلىدىن ) : **توختى موللا ، ساۋۇت سېيت ، ھەنپىخان .**

( لوپنۇردىن ) : **قۇربان قاسىم ، قەييۇم ئىمىن .**

توپلاپ رەتلىگۈچى : **مويىدىن سايىت .**

بۇ قىسىمنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **م . باھاۋىدىن .**

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن

## ئىككى شاگىرت

بۇرۇن بىر يۇرتتا ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بىر پىششقەدەم ياغاچچى ئۇستام ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سالاپەتلىك ئادەم قورامىغا يەتكەن ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، ھۆرمەت سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كەپتۇ ۋە ياغاچچى ئۇستامغا: بۇ ئىككى يىگىتنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىلگىرى باشقا بىر ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ يېرىم يىلدەك ھۈنەر ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۇستىسى باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەچكە، ئائىلاج ئائىلىسىگە يېنىپ كېلىپ، قولىدىن كېلىشچە يېرىم - ياتا ھۈنەر قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، بىراق، ئىلگىرى ئۆگەنگەنلىرى چالا بولغاچقا، تولۇق ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىش نىيىتىدە كەلگەنلىكىنى؛ كەنجى ئوغلىنىڭ ياغاچچىلىقنى بىلىش تۈگۈل، تېخى ھەرە، رەندىلەرنىمۇ تۇتۇپ كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ياغاچچى ئۇستامدىن بۇ ئىككى ئوغلىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ياغاچچى ئۇستام ئۇ كىشىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىككى ئاكا - ئۇكىنى شاگىرتلىققا ئاپتۇ.

ھېلىقى كىشى ياغاچچى ئۇستامغا تەكرار - تەكرار رەھمەت - تەشەككۈر ئىزھار قىلغاندىن كېيىن:

— ئۇستام، ئوغۇللىرىمنىڭ تولۇق ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن قانچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەر؟ — دەپ سورىغانىكەن، ياغاچچى ئۇستام:

چوڭ ئوغۇللىرىغا بەش يىل، كىچىك ئوغۇللىرىغا ئۈچ يىل بولسا كۇپايە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ:

— ئۇستام، يېڭىلىشىۋاتىلىغۇ دەيمەن. چوڭ ئوغلۇم ئىلگىرى ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى يېرىم - ياتا بولسىمۇ ئۆگىنىپ كۆزىنى پۇشۇرغان، قوللىرىنى كۆندۈرگەن، مەلۇم ئاساسقا ئىگە؛ كىچىكى بولسا ئەزەلدىن ھۈنەرگە يېقىن يولاپمۇ باقمىغان تۇرسا، قانداقسىگە چوڭىغا بەش يىل، كىچىكىگە ئۈچ يىل كەتسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ. ياغاچچى ئۇستام كۈلۈپ كېتىپ:

بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئاكىسى ئىلگىرى ياغاچچىلىقنى ئاز - تولا ئۆگەنگەنلىكى، ھەر مەزگىل بىلگىنىچە ھۈنەر قىلغىنى ئۈچۈن، مېنىڭ ئۆگەتكەنلىرىمگە ئانچە كۆڭۈل قويمايدۇ. ھەتتا، ئۆگەتكەنلىرىمنى ئىلگىرىكى ئۇستىسىنىڭ ھۈنىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانچە ئەستايىدىل ئۆگەتسەممۇ، قاتتىق تەلەپ قويساممۇ، ئىشلەپ كۆنگىنىنى تەكرارلاپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگىنىپ قالغان ناچار ئادىتىنى تۈزىتىش ئۈچۈنلا ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇكىسىغا كەلسەك، ھۈنەردىن زادىلا خەۋىرى بولمىغاچقا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇبدان ئۆگىنىۋېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. مەن قانداق ئۆگەتسەم، ئۇ، شەك - شۈبھىسىز شۇنداق ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، ئەلۋەتتە ئۇكىسىنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى تېز، ئىگىلەش ئۈنۈمى ئۈلچەملىك بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## تۆھمەتخورنىڭ جازاسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇ دۇنيا ناھايىتى تىنچ، ئاسايىشلىق ـ تـوقـچـىلىق؛ ئادەملەر ئاقكۆڭۈل، مېھنەتسۆيەر؛ ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ تۈرى كۆپ، ياشاش شارايىتى ئەۋزەل ئىكەنمىش.

شۇ كـەمـلـەردە موسا ئەلەيھىسسالام چارۋىچىلىق پىرى ئىكەن. مال ـ پادىلارنىڭ بېقىلىشى، ئاۋۇتـۇلـىشـى، بـىـر تـەرەپ قـىـلـىنىشى ۋە قوغدىلىشى تامامەن ئۇنىڭ رايى بويىچە بـولـىدىكەن. شۇ زامانلاردا مال ـ چارۋىلار تازا ئاۋۇپ، سەمىرىپ ئالتۇن دەۋرىنى كۆچۈرگەنىكەن.

كـۈنـلـەرنىڭ بىرى كەچتە مۇسا ئەلەيھىسسالام، يۇرت ـ قىشلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر قوتان ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ــ دە، كۆشەپ يېتىشقان قوي ـ ئۆچكىلەردىن:

ـ ئەي جانـىـۋارلـىـرىم، ھال ـ كۈنۈڭلەر قانداق؟ ئوت ـ چۆپكە تويۇنۇۋاتامسىلەر؟ ئۇسسۇزلۇقـقـا قـېـنىۋاتامسىلەر؟ پادىچى سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سـوراپتىكەن، شەپشەك ئۆچكىدىن بىرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

ـ ئەي مۇسا، ھال ـ كـۈنـىمىز قانداق بولاتتى، ئۆلۈك ـ تىرىكنىڭ ئورنىدا، پادىچى ھەر كـۈنـى ئۇيقۇسىغا قېنىپ، خوشياقسا، چولىسى تەگسە ئاندىن بىزنى قوتاندىن چىقىرىدۇ. قـوغلاپ، سـۈر ـ تـوقـاي قـىـلـغـان پېتى جاڭگالنىڭ شورتاڭلىقىغا توپلايدۇ ــ دە، ئۆزى تـوغراقنىڭ سايىسىدا يېتىپ دەم ئالىدۇ. ئاچلىق ـ تەشنالىقتا بىرەرىمىز ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ سالـساق، يـاكـى مـەرەپ قـويـساق، ئـىرغاي ھاسـىـسـى بـىلەن تازا ساۋايدۇ. كەچتە يەنە گـۆلـدۈرلىتىپ قوغلىغان پېتى ئېغىلغا سولىۋېتىدۇ. ئۇزۇن تۈندە ئاچ ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تـارتـىپ قـېـتـىـلـىپ ئۆلۈشكە مەجبۇرمىز، ــ دەپ ھال ئېيتىپتۇ. باشقا قوي ـ ئۆچكىلەرمۇ باشلىرىنى گىلدىڭشىتىپ شەپشەك ئۆچكىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىشىپتۇ.

مـۇسـا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي ـ ئۆچكىلەرگە ناھايىتى ئىچى ئاغرىپ، پادىچىغا قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ــ دە، دەرھال كەينىگە كىرىپ پادىچىنى ئەيپلەپ ئوسال قىپتۇ.

پـادىـچى. ئەسلىدە ئىنساپلىق، جاپاغا چىداشلىق، مۆمىن ئادەم ئىكەن. ھەر كۈنى تاڭ سـەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىسىنى ئوت ـ چۆپلىرى ياخشى جاڭگالغا ئاپىرىپ باقىدىكەن. قـوي ئۆچـكـىـلـەر سـاياقـلـىـق قـىـلـىـپ تـويـدۇرۇۋەتـسـىمۇ ئازار بەرمەيدىكەن. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن دەككىسىنى يېگەندىمۇ رەنجىمەپتۇ. بەلكى، «ئۆزەم ماللىرىمنى ئانچە ياخشى بـېـقـىـپ كېتەلمىگەن ئوخشايمەن» دەپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى ھامانلا پادىسىنى قوتاندىن چـىـقـىـرىـپ، سۇ يـېـيىلغان. ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق، چەت ـ ياقا يايلاقلارغا ئاپىرىپ كەچ كىرگىچە كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ كەپتۇ.

پادىچى ماللىرىنى قوتانغا سولاپ تاماق يېيىشكە كىرىپ كەتكەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام غىپپىدە پەيدا بوپتۇ ـ دە:

ــ ئى خۇدانىڭ جانىۋارلىرى، بۈگۈن ھال ـ كۈنۈڭلار قانداق؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

— بۇگۇن ھالىمىز تېخىمۇ بەتتەر، — دەپ شاقىلداپتۇ ھېلىقى شەپشەك ئۈچكە، — پادىچى بۇگۇن بىزنى تۇقايمۇ – تۇقاي قوغلاپ – سۇرۇپ، ھېرىپ قالساق ئۇرۇپ – دۇمبالاپ جېنىمىزنى ئاز قويدى...

قوتاندىكى قالغان قوي – ئۆچكىلەرمۇ شەپشەك ئۆچكىنىڭ ھەق سۆزلىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جان – مانى چىقىپلا كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، قوتاننى ئارىلاپتۇ. قارىسا ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە ئېيتقان ئالامەتلەرنىڭ ئەكسىچە، قوي – ئۆچكىلەرنىڭ قورساقلىرى دۇمبايغان، ھەممىسىلا كۆشەۋاتقان، قۇمۇلاقلىرىمۇ ئۇيۇل تۇرغىدەك. شۇڭا، ئۇ دەرگۇماندا ئۇن – تۇن چىقارماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇماستا شەپە چىقارماي قوتان ئەتراپىغا مۆكۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ھايال ئۆتمەي پادىچىمۇ زاغرىسىنى بەلۋېغىغا تۇگۇپ، سۇ قاپىقى بىلەن ھاسىسىنى ئېلىپ پادىسىنى چىقىرىپ جاڭگالغا راۋان بوپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەي دەمبەسىقەدەم ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ساددا پادىچى ماللىرىنى ئوت – چۆپلىرى يېڭى – ژۇمران يايلاققا ئاپىرىپ، پادىدىن ئايرىلماي كۆكۈل قويۇپ بېقىپتۇ. ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە ۋە باشقا سايىق ماللار تولا ئۇيان – بۇيان قاتراپ ھاردۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، قول تەۋرەتمەي توسۇش بىلەنلا بولدى قىپتۇ. چۈشتە كۈن تىكلىشىپ ھاۋا قىزىپ كەتكەندە، ماللىرىنى باراقسان دەرەخلىككە توپلاپ، ئۆزى بىر چەتتە زاغرىسىنى غاجىغاچ پادىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈن قىيىلغاندا يەنە ماللىرىنى ئوتلاتقاچ، گۇگۇم چۈشكەندە قايتۇرۇپ كەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام باشقا يېقىن يوللار بىلەن ئالدىراپ قايتىپ كېلىپ، قوتان ئەتراپىدا ئۆزىنى دالىدىغا ئېلىپ تۇرغانىكەن. قوي – ئۆچكىلەر قوتانغا سولىنىپ، پادىچى ئاش ئىچىشكە كىرىپ كەتكەندە، ئۇ قوتان ئالدىغا كېلىپ:

– ئەي جانىۋارلار، بۇگۇن ھالىڭلاردىن رازىمۇسىلەر؟ — دەپ سوراپتىكەن. ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە يۈگۈرۈپ كەلگەنچە قوتان ئىشىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئى مۇسا، بۇگۇنكى ئەھۋالىمىز تۇنۇگۇنكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق، بۇگۇن پادىچى بىزنى گىياھ ئۈنمىگەن تاقىرلىققا توپلاپ، قىمىر قىلساق ئۇرۇپ – ئەدەپلەپ، يا ئوتلىغىلى، يا سۇ ئىچكىلى قويمىدى. مۇشۇ ھالدا تاڭنى قانداق ئاتقۇزۇشنىڭ غېمىدە تۇرۇۋېتىمىز، — دەپ يىغلامسىراپتۇ. باشقا قوي – ئۆچكىلەرمۇ شەپشەك ئۆچكىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ تۇرۇشۇپتۇ.

ئىشنىڭ تېگى – تەكتىگە يەتكەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەھرى – غەزەپكە كېلىپ:

— ھەي نائىنساپ، تۆھمەتخور مەخلۇقلار، ھالىڭلاردىن خەۋەردار بولمىسامغۇ بىر نۆرى، تاڭ سەھەردىن تاكەچكىر گىچە ھەممە ئىشنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام، يەنە ئەيمەنمەي يالغان ئېيتىپ، جانكۆيەر پادىچىنى قارىلىنىشىۋاتىسىنا؟ يالغان سۆز چىققان زۇۋانلىرىڭ تۇتۇلۇپ، تۆھمەتكە شىرىك چىشلىرىڭ تۆكۈلۈپ كەتسۇن، — دەپ ھاسىسى بىلەن ھېلىقى شەپشەك ئۆشكىنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى سالغانىكەن، بارلىق قوي – ئۆچكىلەرنىڭ يۇقارقى چىشلىرى تۆكۈلۈپ، شۇ ھامان زۇۋاندىن قېلىشىپتۇ.

ئەنە شۇ كەمدىن تارتىپ قوي – ئۆچكىلەرنىڭ يۇقارقى بىر قاتار چىشلىرى چىقمايدىغان، تىلى تۇرۇقلۇق گەپ – سۆز قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانمىش. بۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغانچى، تۆھمەتخورلارغا بەرگەن جازاسى ئىمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھۆسنىرىخان
رەتلىگۈچى: **ئابلىمىت ئاقيولى**
**بۇ چۆچەكلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: م. باھاۋىدىن**

# ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت

## كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى كۆپمىش . ئۇلاردىن بىرى ئۇنى ئېلىپ يۈرگەن كىشى يامانلاردىن ئەمىن تاپارمىش . بۇ ھەقتە ئىبىن ئەبى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ :

بىر كۈنى ئەرنەيىنگە بارماقچى بولۇپ كارۋانلار بىلەن بىللە كېتىپ باراتتىم . بىر كىشى بىزگە بىر توپ قاراقچىلارنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى . بۇنى ئاڭلاپ كارۋانلار ساراسىمىگە چۈشتى . شۇ چاغدا ئۇلار ئارىسىدىن بىرى :

— خاتىرجەم بولۇڭلار ، قاراقچىلارغا ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن . ئەمما بىر شەرت شۇكى مېنى ھەرگىز قاراقچىلارغا كۆرسەتمەڭلار ، — دېدى . كارۋانلاردىن بىرى ئۇنى تۆيدۈرماي قاراقچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە باشلاپ باردى . بۇ چاغدا قاراقچىلار ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ھۇجۇم تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى . ئۇ كىشى نېمىنىدۇر بېلىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ توپىغا مىلىدى ۋە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھېلىقى نەرسىنى قاراقچىلارغا قارىتىپ سىلكىگەندى . ئۇنىڭدىن قاتتىق بوران چىقىپ توپا - تاشلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى . قاراقچىلار بوران زەربىسىدىن ئۆرە تۇرالماي تەرەپ - تەرەپكە پېتىراشقا باشلىدى . ھېلىقى كىشى كارۋانلار ئارىسىغا كېلىپ :

— ئەمدى قورقماڭلار . بىز يولغا چىقايلى ، — دېدى . بىز ئۇ يەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتتۇق .

مەن ئەرنەيىنگە يېتىپ كېلىپ ، دوستۇم شەيخۇر - رەئىسنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا ئۇنىڭ قېشىدا ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە بولغان ۋەقەنى دوستۇمغا بىر - بىرلەپ بەردىم . شەيخۇر - رەئىس :

— بۇ ئادەمدە كەركىداننىڭ مۈڭگۈزى بار . بۇ مېنىڭ ھىندىستاندىن كەلگەن دوستۇم . كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر نۇرغۇندۇر ، — دېدى .

*** ***

بىر كۈنى ھارۇن رەشىدنىڭ مۇنەججىمى ھۆكۈم قىلىپ ئۇنى تۇس شەھىرىدە ۋاپات بولىسىز دەپتۇ . ھارۇن رەشىد بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : « ئۇنداقتا مەن ئۆمرۈمدە ھەرگىز تۇس شەھىرىگە بارمايمەن » دەپ قەسەم قىپتۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى تۇسنىڭ ھاكىمى رافىئ بىن ھەزىمە خەلىپە رەشىدكە ئاسىيلىق قىلىپ ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىپتۇ ۋە بارا - بارا

كۆچىيىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ . خەلىپە رەشىد قول ئاستىدىكىلەرنى رافىئ بىن ھەزىمەنى ئەل قىلىشقا ئېۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى ئەل قىلالماپتۇ . ئاخىرى ئۆزى ئاتلىنىپ جازا يۈرۈش قىلماقچى بوپتۇ . ئەمما مۇنەججىمنىڭ قىلغان ھۆكۈمىنى ئەسلەپ ، تۇسقا جازا يۈرۈشى قىلىشتىن يالتىيىپتۇ . بۇ چاغدا سىپاھلارنىڭ ھەممىسى بىردەك :

— بىر مۇنەججىمنىڭ بىھۇدە سۆزىگە ئىشىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق . ئەگەر شاھىمىز راستىنلا ئىشىنىدىغان بولسا خۇراسانغىچە بارسۇن . خۇراساندىن تۇسقىچە يەنە يۈز فەرسەخ يول بار . بىز رافىئ بىن ھەزىمەنى ئەل قىلىپ كېلەيلى ، — دېيىشىپتۇ .

خەلىپە ھارۇن رەشىد ماقۇل كۆرۈپ يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار نىشاپورغا يېتىپ كەلگەندە كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ ، ئۇلار يولدىن ئېزىپ قاپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا تۇس شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان . خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە دەرھال قايتىشقا بۇيرۇق قىپتۇ . ئەمما شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىززىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ قايتىشقا ئامال بولماپتۇ . خەلىپە ھارۇن رەشىد شۇ جايدا ۋاپات قىپتۇ .

*** *** ***

ھۇججاجنىڭ بىر مۇنەججىمى بار ئىكەن . بىر كۈنى ھۇججا مۇنەججىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— قېنى ئېيتقىنا ، مەندىن كېيىن قالسا ، ئىراقتا كىم پادىشاھ بولىدۇ ؟

مۇنەججىم بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن :

— ئۇلۇغ شاھىم ، مەن خېلىدىن بۇيان پەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدىم . ئۆزلىرىدىن كېيىن قالسا بۇ دۆلەتكە شۇنداق بىر ئادەم پادىشاھ بولىدۇكى ئۇنىڭ ئىسمى يەزىددۇر ، — دېدى .

— ئۇ يەزىد بىن مەھلەب بولمىسۇن يەنە ، — دېدى پادىشاھ ھۇججاج قاتتىق چۆچۈپ .

— دەل شۇ بولىدۇ ، — دېدى مۇنەججىم .

يەزىد بىن مەھلەب ھۇججاجنىڭ كۈيئوغلى ئىدى . ھۇججاج ئۇنىڭدىن قىزىنىڭ تالىقىنى ئالدى ۋە يەزىدنى تۈرمىگە تاشلاپ قىيناپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى . ھۇججاج ھەر كۈنى يەزىددىن مىڭ دەرھەم تاپشۇرۇشقا ئەمرى قىلدى . ئەگەر تاپشۇرالمىسا ئۇنى يۈز پالاق ئۇردى . يەزىد ئاخىرى ھۇججاجنىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ ، سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىكتىن پانالىق تىلىدى . سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىك يەزىدگە كۆپ شاپائەتلەر قىلىپ ئۇنى ئۆكىسى ۋەلىددىنمۇ تىلەپ ئالدى . شۇنداق قىلىپ يەزىد ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق شىجائىتى بىلەن ئابدۇلمەلىكنىڭ قول ئاستىدا سەردار بولدى . كېيىن ھۇججاج ۋە ۋەلىد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىك بىلەن يەزىد ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى . سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىك يەزىدنى ئىراقتا پادىشاھ قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى .

« ئەجايىبۇل ـ مەخلۇقات ۋەغەرايىبۇل ـ مەۋجۇدات » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن**

# ئەپسانىلەر

## قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمىشقا ئاچىماق ؟

بۇرۇنقى زاماندا يېزىلار تېخى پەيدا بولمىغان چاغدا ئىككى ئائىلە ياشاپتىكەن . بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ بىرىدە بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ، يەنە بىرىدە بىر مومايلا بار ئىكەن . موماي بۇ ئەر - خوتۇنلاردىن خېلىلا يىراقتا تۇرىدىكەن . ئۇ ھەر كۈنى ئەر - خوتۇنلارنىڭكىگە بارىدىكەن . بىر كۈنى موماي ھېلىقى ئەردىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ :

— نېمە ياساۋاتىسەن ؟

ئۇ ئەر نۇھ پەيغەمبەر ئىكەن . ئۇ :

— مانا ، موما ، مەن زور بىر كېمە ياسايمەن . تېز ئارىدا توپان سۈيى كېلىدۇ . ئاشۇ توپان سۈيىدە كېمە بىلەن ئۈزىمىز ، — دەپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن موماي ھەر كۈنى ئۆشكىسىنىڭ سۈتىنى ئۇلارغا سەدىقە ئورنىدا ئەكىلىپ بېرىدىغان بوپتۇ .

— ئوغلۇم ، مېنىمۇ كېمەڭدىن قالدۇرما ، توپان سۈيىدە غەرق بولۇپ ئۆلۈپ قالماي ، — دەپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە توپان سۈيى كېلىپتۇ . نۇھ پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ جامائىتى بىلەن كېمىسىگە ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭدا ھەربىر جان - جانىۋارنى جۈپتى بىلە ئېلىۋاپتۇ . قانداقلىكى جان ئىگىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېمىسىگە چىقىرىپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ . ئۈزۈۋاتقاندا بىر چاشقان كېمىنى تېشىپتۇ - دە ، كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلاپتۇ . يىلان سۇ كىرمىسۇن ، دەپ شۇ تۆشۈككە تۇخۇم تۇغۇپ يېتىپتۇ . يېتىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن نۇھ پەيغەمبەردىن ئوزۇقلۇق سوراپتۇ .

— نېمىنى خالايسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ نۇھ پەيغەمبەر .

— قانداق قان تاتلىق بولسا ، شۇنى سورايتتىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىلان . شۇنىڭدىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر ئالا قاغىنى ئەۋەتىپتۇ .

ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ قېنىنى تېتىپ باق ، قايسىسىنىڭ تېنى تاتلىقراق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەل ، — دەپتۇ . قاغا كېتىپتۇ - دە ، بىر ئۆلگەن قوينى كۆرۈپ شۇنى يېيىشكە باشلاپتۇ . ئايلىنىپ قايتماپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن پاشىنى ئەۋەتىپتۇ . پاشا قاننى تېتىپ كۆرۈش ئۈچۈن كېتىپتۇ . ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «بۇمۇ قايتمىدى» دەپ قارلىغاچقا :

— سەن بار ، — دەپتۇ . قارلىغاچ ئۇچۇپ كېتىپتۇ . قارلىغاچ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ، پاشىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە :

— تېتىدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ قارلىغاچ پاشىدىن ، — نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن .

— پۈتۈن قانلارنى تېتىپ چىقتىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاشا ، — ئادەم قېنىدىن تاتلىق قاننى تاپالمىدىم .

— قېنى ، تاتلىق بولسا تىلىڭدا تەمى قالىدۇ . مەنمۇ تېتىپ باقايچۇ ، — دەپتۇ قارلىغاچ .

پاشا ئاغزىنى ئېچىپ ، تىلىنى چىقارغان ئىكەن ، قارلىغاچ تىلىنىڭ بىر پارچىسىنى چوقۇۋاپتۇ . ئۇلار بىللە قايتىپتۇ . قايتىۋاتقاندا قاغىنىڭ بىر ئۆلۈكنى يەۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپتۇ . قايتقاندىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر پاشىدىن سوراپتۇ :

— تېپىندىڭمۇ ؟

— بىز – بىز – بىز .

ئۇنىڭ تىلىنى قارلىغاچ چوقۇۋالغاچقا پاشا گەپ قىلالماپتۇ .

— ئۇ ئىزاتاتقانلىقتىن ئېيتالمىدى . يولدا ماڭا ئېيتقان ئىدى پاقىنىڭ قېنىدىنمۇ تاتلىق قاننى ئۇچرىتالمىدىم دەپ ، — قارلىغاچ شۇنداق دېگەن ئىكەن . يىلان ئاچچىقىدىن قارلىغاچقا ئېتىلىپ ، قۇيرۇقىنى ئاغزى بىلەن ئۈزۈۋاپتۇ . شۇڭلاشقا قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى ئايرىلىپ ئاچىماق بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ .

نۇھ پەيغەمبەر يىلانغا پاقىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە دۇئا قىپتۇ . يەر قۇرىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىشلىقىغا قايتىپتۇ . موماي ئۇلارنىڭ قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ كەپتۇ .

— سەن نەدە يۈردۈڭ ؟ مەن ھەر كۈنى سۈت ئېلىپ كەلگەنىدىم . سەن زادىلا كۆرۈنمىدىڭ ، — دەپتۇ .

— ھەي موما ، موما ! ئالتە ئىيىل ئىچىدە پۈتۈنلەي كېمە بىلەن يۈردۇق . توپان سۈيى كەلدى ئەمەسمۇ .

— مېنىڭ ئۆشكەمنىڭ پۇتلىرى ھۆل بولۇپ كېلىشى شۇنىڭدىن ئىكەندە ، توپان سۈيى دېگىنىڭ شۇلمۇ ؟ — دەپتۇ موماي . ئەسلىدە ، مومايىنىڭ بەرگەن سەدىقىسى ئۇنى توپان سۈيىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىكەن .


## كېلىن تېغى

بۇرۇنقى زاماندا دەريا بويىدىكى يېزىدا بىر قىز ياشاپتىكەن . ئۇ چوڭ بولۇپ بويىغا يېتىپتۇ . ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى ، چىرايلىقلىقى بىلەن نامى تارقىلىپتۇ . كېيىن بىر يىگىتكە يەڭگىنگە تۇرمۇشقا چىقىپتۇ . ئەمما ئۇنىڭ قېيىنئانىسى ناھايىتى رەھىمسىز ئىكەن . ئېرى ئۆيدە يوق چاغدا ھەر خىل باھانىلارنى تېپىپ دائىم ئۇنى خارلايدىكەن . كېلىن ئۇنىڭ جەبىر – زۇلۇمىغا چىدىيالماپتۇ . بىر كۈنى قىز دەرياغا سۇغا كېلىشكە مېڭىپتۇ — دە : شۇنچىلىك كەمسىتىلىپ ياشىغىچە ، تاشقا ئايلىنىپ قالسامچۇ ، — دەپ تىلەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىز دەريانىڭ ئېگىز يارىغا كېلىشى بىلەن تاشقا ئايلىنىپ قېتىپ قاپتۇ . بىزنىڭ يېزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دەريانىڭ بويىدا بىر تاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇ چىلەك ، ئەپكەش كۆتەرگەن قىزغا ئوخشايدۇ . خەلق ئۇنى « كېلىن تېغى » دەپ ئاتايدۇ .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مىرقەدەم مۇھەممەتياروف


بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت












**源泉** （布拉克）（维吾尔文）总54期

**بولاق** (پەسىللىك ژۇرنال) ئومۇمىي **54** - سان

**MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )**

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：4.40元
*ISSN1005—0876*/国外代号*Q1118*

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 108 ، باھاسى: 4.40
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: *Q1118*

ISSN 1005-0876
02>
9 771005 087006